
ISSN 1002-9044
1996 3
ISSN 1002-9044
03>
9 771002 904009

www.uyghurkitap.com

# ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

46-يىل نەشرى

3

1996



باش مۇھەررىر

مەھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر

ئارسلان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تەھرىر ھەيئەتلەر

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇسالام توختى، ئابدۇرۇسول ئۆمەر، ئابدۇراخمان ئەبەي، ئارسلان، ئازاد سۇلتان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، تۇرسۇنئاي ھۇسەين، زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت زۇنۇن، مەھەممەت شاۋۇدۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئېلى زاھىد، ئىدرىس بارات، ئىمىن تۇرسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب بېكىتى www.uyghurkitap.com

# بۇ ساندا

## نەسرىي ئەسەرلەر


رىزۋانگۈل يۈسۈپ....... جىگدە چىچەكلىرى (ھېكايە)................ 4
غۇنچەم سەمەت......... قوغۇنچى (ھېكايە)...................... 44
ئادالەت ھەبىبۇللا......... بۇمۇ بىر ھايات يولى (پوۋېست) ........... 61
مۇھەممەت ئىمىن......... يالپۇز (ھېكايە) ...................... 107
ئەخمەت كېۋىر.......... دادا، بىزگە ئارامىلىق بەرگىن (نەسىر)...... 124
ئابدۇرېشىت سابىت......... ھېساب (ھېكايە)....................... 126
ماخمۇت مۇھەممەت...... ئىككى ھېكايە ........................ 130
غالىپ قۇربان ........... ئايدىڭ كېچە (ھېكايە) .................. 133
ئەخەت ھاشىم......... ئىككى مەسەل ......................... 137


## شېئىرلار


مامۇت زايىت........... ئەجداد ئابىدىسى ..................... 48
مەھەممەتتۇرسۇن ئەبەيدۇللا.. ئاتا ............................ 57
ئابلىز ئوسمان........... قۇملۇقتىكى ئىزلار .................... 59
مۇنەۋۋەر قۇربان.......... ئاي شولىسى تۈنىگەن يوللار................ 119
تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن... قارىچۇقۇمدا ئاقاردى سۇبھى ............... 120
تۇرنسا ئوسمان......... ئۇچراشقاندا كۆزىمىز بەزەن .............. 121
ئىبراھىم نىياز........... ئايال ............................. 122
كامىلجان ھەسەن....... پەر قېقىپ كەلگەن قوشاقلار ئوت گويا ........ 122
تەلئەت قادىرى.......... كۆزۈڭدىكى ۋەتىنىم .................... 123
ئابلىكىم خېۋىر.......... نىم پەدە (باللادا)...................... 139

# بۇ سانىدا

## تــرمــ گۈللــر


خالىدە ئىسرائىل.............. ئىمتاس شەھەر (ھېكايە) ................ 17


## مۇھاكىمە ۋە تــقرىز


قاۋسىلقان قامجان............ تېپىچان ئېلىيېۋنىڭ ئىجادىيەت پەزىلىتى ۋە
ئىجادىيەت ئىستىلى .................. 148


## ئــــر ۋە باھا


خەلچەم رېشت............... «ئالتۇن چىشلىق ئىت» تىن تۇغۇلغان ئوي - پىكرلەر... 155


## كتابخانلاردىن خــت


ھېلىم موللايېۋ.............. «روھىي ھالەت تەسۋىرى توغرىسىدا» دېگەن
ماقالىنى ئوقۇپ ھېس قىلغانلىرىم .......... 158


*   *   *


رەسسام ۋە خەتتات: مەھەممەت ئايۇپ، تۇردى قادىر نازىرى
مەسئۇل كوررېكتور: قېيۇم تۇرسۇن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

رىزۋانگۈل يۈسۈپ

# جىگدە چېچىكى

(ھېكايە)



سەلىمە ئۆزىنىڭ تويى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ھاڭ-تاڭ بولغىنىچە ئانىسىغا بىر ھازا تىكىلىپ ئولتۇرۇپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ مەھەللە سىرتىغا چىقتى-دە، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بۈككىدە جىگدە بىلەن ئورالغان دەريا بويىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە نېمىشقا يالغۇز كەلگەنلىكىنى بىلمەيتتى. پەقەت بايا ئۆزىنىڭ توي قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىردىنلا چوپچوڭلا قىز بولۇپ قالغاندەك تۇيغۇغا كەلگىنىلا ئېسىدە ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ جىگدىلىككە قاراپ ماڭغانلىقىنى بىرەرىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قورققاندەك تولىمۇ ئېھتىيات بىلەن قەدەم تاشلايتتى. ئۇنىڭ بۇرنىغا گۈپپىدە جىگدىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئۇرۇلدى. كىمدۇر بىرى ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقاندەك، شىۋىرلاپ چاقىرىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ يۈرىكى ئىختىيارسىز دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. يىراقتىن دەريا سۈيىنىڭ قىرغاقتا شاپىلداپ ئۇرۇلۇشى ئاڭلىناتتى. جىگدە شېخىغا قونۇۋالغان قۇشقاچلار گويا ئۆزىنىڭ كونا دوستىنى كۈتۈۋالغاندەك چۇرۇقلىشىپ سايرىشاتتى. يىراق ئۇپۇقتا ئېسىلىپ تۇرغان ئاقۇچ تاغلار ھېلى يىراققا قېچىۋاتقاندەك، ھېلى ئالدىغا كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

ئۇ كىچىك چاغلىرىدا بۇ يەرگە كۆپ كېلەتتى. دەريا سۈيىگە قانغۇچە چۆمۈلۈپ، دەريا بويىدا يېتىپ ئاپتاپسىناتتى، جىگدە شېخىغا قۇشقاچتەك قونۇپ ئولتۇرۇپ جىگدە تېرىپ يەيتتى. ئۇ بۇ يەرگە شۇنچە



ئېچىلىپ كەتكەنىدىكى، ئۆزىنى گويا دەريادا ئۈزۈۋاتقان بېلىقتەك ياكى جىگدە تېرىپ يەۋاتقان شوخ قۇشقاچتەك سېزەتتى. كېيىن ئۇ تويۇقسىز دەريا بويىغا كەلمەس بولدى. كەلمەس بولدىلا ئەمەس، بۇ يەرنىڭ چوڭ قىز-يىگىتلەرنىڭ ماكانى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قېلىپ بۇ يەرگە شۈبھە ۋە قورقۇنچ بىلەن قارايدىغان بولدى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ تويۇقسىز جىگدە يېگۈسى كېپكەتتى. ئانىسىغا تۇيدۇرماي غىپپىدە ئۆيدىن چىقىپ يۈگۈرگىنچە دەريا بويىغا كەلدى. ئۇ جىگدە شېخىغا چىقىشىغا قۇلىقىغا كىملەرنىڭدۇر شىۋىرلاشقان گەپلىرى ئاڭلاندى.

— جېنىم گۈلنىسا، نېمىشقا مەندىن ئۆزىڭىزنى بەك قاچۇرىسىز؟ ئاخشام سىزنى بەك ئۇزۇن ساقلىدىم. نېمىشقا كەلمەيسىز؟

يەرگە قاراپ تىرناق تاتىلاپ ئولتۇرغان قىزنىڭ مۇرىسىنى سىلىكىپ ھاسىراپ سۆزلەۋاتقان يىگىتنى سەلىمە تونۇۋالدى. ئۇ مەھەللىدىكى قادىر لەقۋانىڭ ئوغلى سادىر ئىدى.

— ئانام ئىككىمىزنىڭ ئىشنى بىلگەندىن كېيىن مېنى پەقەت ئۆيدىن چىقارمايدىغان بولۇپ كەتتى. ھازىرمۇ ئانامنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپلا قېچىپ چىقتىم. ئەمدى ئۆيگە قانداق كىرەرمەنكىن-تاڭ!

بۇ دادىۋاي شوجىسىنىڭ قىزى گۈلنىسا ئىدى.

سەلىمە كۆزىنى يۇمۇۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەدى. يىگىت ئاستاغىنا قىزنى ئۆزىگە تارتتى. ئاندىن... ئىزا تارتقانلىقىدىن سەلىمەنىڭ ۋۇجۇدىغا ئوت كەتتى. قانداقتۇر نومۇس ئىش قىلىپ قويغاندەك، بۇ ئىشنى كىمنىڭدۇر كۆرۈپ قېلىشىدىن قورققاندەك ئىتتىك كەينىگە ياندى.

ئەنە شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىزا تارتىدىغان بولۇپ قالدى. كېيىن مەھەللىدە سادىر بىلەن گۈلنىسا توغرۇلۇق سۆز-چۆچەك تارقالدى. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە گۈلنىسانىڭ ئۆيدىكىلەر ئۇنى سادىردەك نامراتقا بەرمەيمىز دەپ تۇرۇۋالغانىكەن. لېكىن، گۈلنىسا بىلەن سادىر دەريا بويىدىكى جىگدىلىكتە يوشۇرۇن ئۇچرىشىپ، چاتاق ئىش تېرىپ قويۇپتۇ. گۈلنىسانىڭ ئانىسى ئاچچىقىغا پايلىماي قىزنى ئۇرۇپ ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. سەلىمە بۇ سۆز-چۆچەكلەرنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىدى. تېخى توي قىلمىغان گۈلنىسانىڭ قورسىقىنىڭ تومپىيىپ تۇرغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئەنە شۇنىڭدىن بۇيان سەلىمەنىڭ كۆزىگە دەريا بويى ۋە جىگدىلىك تولىمۇ سىرلىق ھەم قورقۇنچلۇق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۈگۈن بولسا مانا ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بۇ يەرگە كەلدى.

ئۇ بۇ جاينىڭ بۇنچىلىك خالىي ھەم گۈزەل ئىكەنلىكىنى بۈگۈن تۇنجى قېتىم ھېس قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئاجايىپ بىر شېرىن تۇيغۇدا تېپچەكلەپ، كۆزلىرى جىگدىلىك ئارىسىدىن كىمنىدۇر ئىزدىگەندەك تۆت ئەتراپقا تەكشى تىكىلەتتى. تونۇش جىگدىلىك ئۇنى تېزلا قوينىغا ئالدى. بورۇنقىدەك ۋىچىرلاپ كۈلۈپ ئەمەس، بەلكى مەنىلىك يېقىملىق پىچىرلاپ قارشى ئالدى. ئۇ گويا سۆيگۈننى كۈتۈۋاتقاندەك

www.uyghurkitap.com


ھېسسىياتتا قومدا ئولتۇردى. كۆز ئالدىغا ئۆزى ھېلىقى چاغدا كۆرگەن گۈلنسا بىلەن سادىرنىڭ ھەرىكەتلىرى كەلدى. ئۆزىنى گۈلنىسانىڭ ئورنىدا قويۇپ، كەلگۈسى ئېرىنى سادىرنىڭ ئورنىدا قويۇپ، ئاجايىپ شېرىن خىياللار ئىلكىدە كۆزىنى يۇمۇپ ياتتى. يىگىتنى ئۇنىڭ ئاشۇ ھالىتىگە قاراپ ئولتۇرۇپ قىزارغىنىچە سۆزلەۋاتىدۇ.

— سەلىمە، بىلەمسىز؟ مەن سىزگە كۆيۈپ قالغاچقا سىزنى ئالاي دەپ ئەلچى ئەۋەتكەن ئىمەن. مەن سىزگە بەك ئامراق. مەن سىزنى كېلەمدىكىن دەپ كۈندە مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇردۇم.

سەلىمە راھەتلىنىپ كۈلدى. يۈرىكىدە ئوقچۇۋاتقان ئاجايىپ قايناق ھېسسىياتنى كۈچ بىلەن بېسىپ ئۈن چىقارمىدى، ئۇ ئەمدى يىگىتنىڭ قولىنى تۇتۇشنى ئاندىن قۇچاقلاپ سۆيۈشنى ئارزۇ قىلغىنىچە كۆزىنى ئاچمىدى...

— سەلىمە، ھوي سەلىمە!

ئانىسىنىڭ سوزۇپ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. سەلىمە قورقۇنچ، خىجىللىقتىن سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا قارىدى. بىردىنلا ئۆزىنىڭ بۇ يەردە يالغۇز ئىكەنلىكى ئېسىگە كېلىپ يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى.

— مانا مەن.

ئانىسى سەلىمەنىڭ جىگدىلىكتىن چىقىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچتى. باشقا بىرى بارمۇ دېگەندەك تۆت ئەتراپقا بىر ھازا قاراۋەتكەندىن كېيىن قىزىنىڭ قولىنى سىلكىپ، تارتقىنىچە ئۆيگە ئېلىپ ماڭدى.

سەلىمە ئۆيگە كىرىپلا دادىسىنىڭ سۆرلۈك قاپىقىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. ئاپىسىنىڭ كەينىگە مۆككىنىچە ئىچكىرى ئۆيگە كىرىۋالدى. ئۇ دادىسىدىن ئۆلگۈدەك قورقاتتى. ئۇ ئەمدىلا تۆتىنچى سىنىپقا كۆچكەن يىلى دادىسى ئۇنى بىر ئايغىچە قازناق ئۆيگە سولاپ قويۇپ ئۇنى چاقىرغىلى كەلگەن مۇئەللىمگە قەيەردىندۇر تېپىپ كەلگەن بىر پارچە خەتنى تۇتقۇزۇپ يولغا سالغانىدىمۇ بوغۇلۇپ-بوغۇلۇپ يىغلىغانىيۇ، سىرتقا چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدى. مانا ئەمدى شۇ دادىسى ئۇنى ئەرگە بەرمەكچى. توينى قىلماقچى. توي سەلىمە ئۈچۈن خۇشاللىق ئېلىپ كېلەمدۇ ياكى خاپىلىقمۇ، بۇنى بىلمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭ بىلىدىغىنى تويى بولغان قىز ئۆمرىدە كىيىپ باقمىغان ئېسىل قىممەت كىيىملەرنى كىيىپ باشقا بىر ئۆيگە كېتىدۇ. بەلكىم توي سەلىمە بايا دەريا بويىدا ئويلىغىنىدەك تولىمۇ شېرىن ۋە كۆڭۈللۈك بولىدىغاندۇ؟ مەيلى نېمە بولسا بولسۇن سەلىمە ئاشۇ زالىم دادىسىنىڭ ھومىيىپ قاراشلىرى، يىرتقۇچ ھايۋاندەك ھۆركىرىشىدىن قۇتۇلسا بولغىنى. سەلىمە ئاشۇلارنى ئويلاپ ئۆزىنىڭ تېزرەك تويى بولۇشىنى تىلەپ قالدى.

* *

بۈگۈن سەلىمەنىڭ تويى بولدى. ئانىسى ئۇنى ئەتىگەندە يۇيۇندۇرۇپ، ئەمدىلا مورىسىغا چۈشكەن چېچىنى قولاق تۈۋىدىن ئىككى ئۆرۈپ قويدى. ئاندىن ئۇنى ئىچكىرى ئۆيگە ئەكىرىپ تاكى ئۇنى يۆتكەپ كېتىشكە كىرمىگۈچە سىرتقا چىقىشقا

بولمايدىغانلىقىنى قايتا-قايتا جېكىلىدى. سەلىمە ئۆيدە يالغۇز قالدى. ئانىسى سېلىپ بەرگەن كۆرپە ئۈستىدە زەدىۋالغا يۆلىنىپ بىر پەس ئولتۇردى. ئېرىنىڭ تەقى-تۇرقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باقماقچى بولۇپ خېلى خىيال قىلىپ باقسىمۇ ھېچنېمە كۆز ئالدىغا كەلمىدى. ھەي ئىست، توي خېتى ئالغىلى بارغان كۈنى ئانىسىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئېرىگە قاراپمۇ سالمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. ئۇ تەكچىدىكى ئەينەكنى قولىغا ئېلىپ قارىدى. ئەينەك ئىچىدىن دۈپدۈگلەك كىچىككىنە يۈزىنى، ئارانلا مۆرىسىگە چۈشكەن سىكىلەكلىرىنى كۆردى. ئون سەككىز ياش. ھېلىقى كۈنى كاتىپ كەنتتىن قىلىپ بەرگەن تونۇشتۇرۇشقا قاراپ ئون سەككىز ياشقا كىرىپسىز دېگەنىدى. مۇبادا شۇ چاغدا ئانىسى چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ ئېغىزىدىكى گەپنى تارتىۋالمىغان بولسا ئۆزىنىڭ تېخى ئەمدىلا ئون ئالتە ياشقا كىرگەنلىكىنى ئېيتىپ سالار ئىكەندۇق. ئانىسىنىڭ كېيىن ئېيتىپ بېرىشىچە ھۆكۈمەت قىزلارنىڭ ئون سەككىز ياشتىن بۇرۇن توي قىلىشىنى قاتتىق چەكلەرمىش. شۇڭا بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كەنت بوغالتىرى بولغان دادىسى بۇندىن بەش يىل ئاۋۋالقى چوڭ نوپۇس تەكشۈرۈشتە ئۇنىڭ يېشىنى ئىككى ياش چوڭايتىۋالغانىكەن. شۇڭا ئۇلار ئانچە قىينالمايلا توي خېتىنى ئالالايتتۇدەك. سەلىمە ئەينەككە قاراپ ئولتۇرۇپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى. قىزىق ئىش. ئەجەبا، ئون سەككىز ياش قىزلار ئۈچۈن شۇنچە مۇھىممىدۇ؟... سەلىمە يالغۇز ئولتۇرۇپ ئۆيرىپ زېرىكتى. بىردىنلا ئۆزىنىڭ تويىغا دوستلىرىنى چاقىرمىغانلىقى ئېسىگە چۈشتى. ئۇلارنى چاقىرغان بولسا سەلىمە بۇنچە زېرىكىپ تىت-تىت بولۇپ كەتمىگەن بولار ئىدى.

ئاينۇر، بۇنىيازخان، ئاتىخان... يەنە زەينەپ، يەنە... ھە راست، ئۇلار تېخى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان تۇرسا، چاقىرغان بىلەنمۇ كەلمەيدۇ-دە. مەكتەپتە ئوقۇمايدىغانلاردىن پەقەت ئايىمخان بىلەن بىلقىزلا بار ئىكەن. شۇلارنىمۇ بولسا چاقىرىپ كىرسە قانداق بولاركىن؟ ئۇ ئانىسىغا ئېيتىپ ئۇلارنى چاقىرىپ كىرىش قارارىغا كەلدى. ئاۋۋال ئىشىكتىن بېشىنى ئاستا چىقىرىپ ھويلىغا قارىدى. ھويلا مېھمانغا لىق تولغان. ئانىسى تەمتىرىگىنىچە مېھمانلار ئارىسىدا ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ يۈرىدۇ. سەلىمە دەسلەپ خىجىل بولغاندەك بولدى. كېيىن ھېچنېمىنى ئويلىمايلا بوسۇغا ئاتلاپ ئۆيدىن چىقتى. ئۇنىڭغا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى. دەرۋازىدىن چىقىشىغا سىرتتىن كىرىۋاتقان بىر نەۋرە ئاچىسى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئاچىسى ئۇنى كۆرۈپلا ۋارقىرىۋەتتى.

— ۋاي ئانىمەي، تويى بولغان قىز تۇرۇپ نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن بۇ يەردە، ئىزا تارتمايدىغان قىلىن!

مېھمانلار لاپپىدە ئۇنىڭغا قارىغاندەك بولدى. ئۇ نومۇس-ئىزادىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ يۈزىنى تۇتۇپ يۈگۈرگىنىچە ئۆيگە ئۆزىنى ئاتتى.

ئۇھ! خۇداغا شۈكۈر. ئاخىر ئۇنى كۆچۈرۈپ مېڭىشقا تەرەددۇت قىلىشتى. ئۇ

ئانىسى كىيگۈزگەن تويلۇق كىيىملەرنى
كىيىپ چوڭ رومال بىلەن يۈزىنى چىڭ
ئوراپ، ئاپىسىنىڭ ئۆگە تىكىنى بويىچە
يالغاندىن يىغلاپ كىچىك تراكتوردىكى
مېھمانلار ئارىسىغا ئورۇنلاشتى. ئۇ يېنىك
تىندى. ئۆزىنى گويا باشقا بىر گۈزەل
دۇنياغا كىتىپ بارغاندەك خۇشال، يەڭگىل
سەزدى.

يېڭى ھويلىغا كىرىش بىلەنلا ئۇنىڭ
بۇرنىغا ياتلا بىر پۇراق ئۇرۇلدى. ناتونۇش
ھويلا كۆزىگە خېلىلا ئىسسىق كۆرۈندى.
ئۆز ھۇجرىسىدا ئۆزىگە «يەڭگە» بولغان
بىر نەۋرە ئاچىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۆيگە
ئاستاغىنا سەپسالدى. ئېلېكتر چىرىغىنىڭ
يورۇقىدا ئويۇقتا تىزىلغان چىنە-قاچىلار،
ۋاللىداپ جۇلالىنىپ تۇرغان تاۋار يوتقان-كۆر-
پە كۆزىگە باشقىچە چىرايلىق كۆرۈندى.
بىر خىل ئىسسىق ئېقىم پۈتۈن ۋۇجۇدىغا
تارالدى. تاتلىق خىيالىي تۇيغۇ بىردىنلا
ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى ئىسكەنجىگە ئالدى.
بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆيى. يەنە تېخى ئېرى
بار ئۆي. ئۇ خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ ھەمرا-
ھىنىڭ قاچانلاردا چىقىپ كېتىپ يالغۇز
قالغانلىقىنى تۇيمايلا قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى
نېمىدىندۇر قورققاندەك تۇيۇقسىز تىترەپ
كەتتى. كۆزلىرى ئىشىكتىن كىرىپ كېلىۋاتقان
ئەرگە تىكىلدى. ئەر ئۇنىڭ خىيالىدىكى
ئەرگە ئوخشىمايدىغاندەك قىلاتتى. ئەر
يەر ئاستىدىن ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان
قىزنى كۆرمىگەندەك ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماس-
تىن ئۈن-تىنسىز پۇشۇلدىغىنىچە ئايىغىنى
سېلىپ سۇپا ئۈستىگە چىقتى. ئاندىن
ئۈچىسىدىكى كىيىملەرنى بىر-بىرلەپ سالدى.
سەلىمە ئەرنىڭ زادى نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى
چۈشىنەلمەي كالتە ئىشتان بىلەن تۇرغان
ئادەمگە چەكچىيىپ قاراپ قالدى. ئەرنىڭ
يوڭ بېسىپ كەتكەن قاپقارا مەيدىسى،
ئالدىغا ساڭگىلاپ چۈشكەن قورسىقى،
ئومۇمەن پۈتۈن تۇرقى بىر قارىسا ئېيىققا،
يەنە بىر قارىسا سەلىمە كىنولاردا كۆرگەن
كاللىكېسەر جاللاتقا ئوخشايتتى. سەلىمەنىڭ
تېنى شۈركۈندى. بايا ۋۇجۇدىغا ياماشقان
تىترەك تېخىمۇ ئۇلغىيىپ چىشلىرى كاسىلداپ
كەتتى. ئەرنىڭ ئالچاڭلاپ مېڭىپ ئۆزىگە
يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە بولسا
پۇت-قولىدا جان دىدارى قالمىدى. گويا
ئاشۇ چۈپۈرلۈق يوغان قول ئۇنىڭ گېلىنى
بىرلا سىقىپ ئۆلتۈرۈپ قويىدىغاندەك كۆزلىرى-
نى چەكچەيتكىنىچە ئاستا كەينىگە داجى-
دى. ئۇ ئەمدى تامغا چاپلىشىپ قالدى.
ئالدىغا سوزۇلغان يوغان قولنى كۆرۈپلا بار
ئاۋازى بىلەن چىرقىراپلا يانغا ئۆزىنى
ئاتتى. ئەر بولسا سەلىمەگە بۆرىدەك
تاشلىناتتى. سەلىمە خېلى ئۇزۇنغىچە
ئۆينىڭ ئىچىدە قېچىپ يۈردى. ئاخىر
سەلىمەنىڭ جەينىكى ئەرنىڭ بۇرنىغا تېگىپ
كېتىپ ئۇنىڭ بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتكەن-
دە بولسا، ئۇ يۈزىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالدى.
سەلىمە شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ،
ئىشىكنىڭ زەنجىرىنى ئېچىپ خۇددى باغلاقتىن
بوشانغان موزايدەك ئۆزىنى تالاغا ئاتتى.

سەلىمەنى قاراڭغۇلۇق ئۆز قوينىغا
ئالدى. ئۇنىڭغا كەينىدىن ھېلىقى يىرتقۇچ
ھايۋان قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ
كەينىگە قاراپ بېقىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي
تېز-تېز يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ

ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغاندەك بولۇپ نەپەس ئالالماي قالدى. بىر كەمدە نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ يەرگە يىقىلدى. ئۇ ئىتتىك كەينىگە قارىدى. بىر كىمنىڭ قوغلاپ كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى. ئۇ دېمىنى ئېلىپ ئەتراپقا قارىدى. پۈتۈن ئەتراپ قاراڭغۇلۇق قوينىدا ئېغىر ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ياز كۈنلىرى بولغىنىغا قارىماي چېكەتكە، پاقىلارنىڭمۇ ھەتتا پاشىلارنىڭمۇ ئاۋازى ئاڭلانمايدۇ. ئەتراپ شۈنچىلىك تىنچكى، سەلىمەنى ئىختىيارسىز سۈر باستى، ئۇ ئۆزىنىڭ نەدە، ئۆينىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئىلغا قىلالمىدى. باياتىنقى قورقۇنچ يەنە قوزغىلىپ بەدىنى جالاقلاپ تىترەشكە باشلىدى. خېلى ۋاقىت ئۆتتى. نەم توپا سەلىمەنىڭ بەدىنىنى مۇزلىتىشقا باشلىدى. ئەمدى يەرگە چاپلىشىپ يېتىۋېرىشكە بولمايتتى. مۇبادا ھېلىقى ئەر كەينىدىن قوغلاپ كېلىپلا قالسا... سەلىمە ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى قاقتى. ئەنە شۇ چاغدىلا ئۇ كىيىملىرىنىڭ يىرتىلىپ جۇل-جۇل بولۇپ كەتكەنلىكىنى، مۇرىسى، كۆكرەكلىرىنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى، ئېتىكىنىڭ نەچچە پارچە بولۇپ يىرتىلغانلىقىنى كۆردى. كۆڭلىگە ئىچى ئاغرىپ كۆزلىرىگە غىل-غىل ياش كەلدى. لەۋلىرىنى ئۇمچەيتكىنىچە ئاستا ئالدىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. تۇساتتىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئايپاق بىر تام پەيدا بولدى. مېڭىشتىن توختاپ كۆزىنى يوغان ئېچىپ ئاق تام يېنىدا تۇرغان ئىككى-ئۈچ توپ دەرەخنى كۆردى. ئۇ دەسلەپ ھېچ نەرسىنى ئىلغا ئالالمىدى. ئاق تامنىڭ يەنە بىر يېنىغا ئۆتكەندىلا ئۇ ئۆزىنىڭ بىر قەبرە ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆردىيۇ تۇرغان جايىدا مىخلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە دەسلەپ ئۇ كىچىكىدە مومىسىدىن ئاڭلىغان جىن-ئالۋاستىلار كۆرۈندى. ئاندىن بايا ئۇ ئۇقماي دەسسەپ سالغان قەبرىلەرنىڭ ئىگىلىرى ئاپئاق كېپەنگە يۆگىنىپ ئۇنىڭغا يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى، ھېلىقى جىن-ئالۋاستىلارنىڭ ئارىسىدا ئۇنى بايا بوغۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان ھېلىقى مەخلۇقمۇ بار بولۇپ، ئۇ ھەممىسىنىڭ ئالدىدا سەلىمەنى قاپساپ كېلىۋاتاتتى. سەلىمە شۈنچىلىك ئېچىنىشلىق ئاۋازدا چىرقىرىدىكى، ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ، گۆيپىدە يىقىلغاندا پەيدا بولغان تىترەشمۇ ئېغىر تىنىپ ياتقان زېمىننى ئويغىتالمىدى.

* *

سەلىمە روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كېلىندى. ھېلىقى كۈنى ئەتىگەندە تۇپراق بېشىغا دۇئا قىلغىلى كەلگەن بىر ئادەم سەلىمەنى قەبرىستانلىقتا ھوشسىز ياتقىنىنى كۆرۈپ ئۆيىگە ئەكىلىپ قويغان كۈندىن ئېتىبارەن سەلىمەگە «جىن» چاپلاشقىنى مەلۇم بولدى. ئۇ ئەركەك زاتىنى كۆرسىلا چىشلىرى كىرىشىپ، كۆز قارىچۇقى ئارقىغا تارتىلىپ، ۋارقىراپ-جارقىراپ، تىللاپ، قىپقىزىل ساراڭلا بولۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ئوبدانلا چۆچۈدى. ئەر تەرەپمۇ سەلىمەنىڭ «ساراڭ»-لىقىنى كۆرگەندىن كېيىن ئانچە تارتىشمايلا بولدى قىلدى. سەلىمەنىڭ ئاتا-ئانىسى

www.uyghurkitap.com



بىر قانچە قېتىم ئۇنى داخانلارغا ئوقۇتقان بولسىمۇ قىلچىمۇ پايدىسى بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاخىر ئۇنى « ساراڭلار دوختۇرخانىسى » غا ئاپىرىپ قويۇشتى.

دوختۇرخانا ئۇ ئۆمرىدە كۆرگەن ئەڭ گۈزەل جاي ئىدى. پاكىز، ئازادە مۇھىت ئۇنىڭغا تېز تەسىر قىلىپ نېرۋىلىرى تىنچلاندى. ئەمدى ھەممە يېرى ئاپئاق، تىنچ ياتىقىدا يېتىپ ئەر دوختۇرلارنىڭ تەكشۈرۈشلىرىنى قوبۇل قىلمىسىمۇ، يېشىل چىنار، قارىغاي دەرەخلىرى ئارىسىدا پارقىراپ كۆرۈنىدىغان سىلىق ئاسفالت يولدا كېتىۋېتىپ كېسەل ئەرلەر ياكى دوختۇرلار ئۇچراپ قالسىمۇ كېسىلى قوزغالمايتتى. چۈنكى ئۇ بۇ يەردە ئۆمرىدە ھېس قىلىپ باقمىغان ئىللىقلىق، مېھرىبانلىقنى ھېس قىلاتتى. سېستىرا قىزلارنىڭ سىلىق مۇئامىلىسى بولۇپمۇ بۇدۇر چاچلىرى يوسمىسىدىن چىقىپ قالىدىغان ياش مەسئۇل دوختۇرنىڭ ئاجايىپ يېقىملىق كۈلكىسى ئۇنىڭغا ئالەمچە خۇشاللىق بېغىشلايتتى. ئۇ ئاشۇ دوختۇرنىڭ كۈندە نەچچە رەت يوقلاپ كىرىشىنى، كىرگەندە يېنىدا ئۇزاقراق تۇرۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. دوختۇر يىگىتكە ئىختىيارسىز ئۇزاقتىن-ئۇزاق تىكىلىپ ئۇنىڭ كۈلكە يېغىپ تۇرغان چىرايىنى كۆڭۈل ئېكرانىغا ئويۇۋالماقچى بولاتتى. ئۆمرىدە ئەرلەرنىڭ كۈلگىنىنى ئانچە كۆرۈپ باقمىغان، دادىسى، ئاكىسى، ئىنىلىرىنىڭ چىرايىدىكى ئاچچىق ئىپادىلىرىگە كۆنۈپ كەتكەن قىزغا بۇ كۈلكە شۇنچە سېھىرلىك ۋە مېھىرلىك تۇيۇلغانىدى. سەلىمەنىڭ كېسىلى دورا ئوكۇلدىن كۆرە بۇ يېقىملىق كۈلۈمسىرەشنىڭ تەسىرىدە ياخشى بولۇپ قالدى. ئۇ ئانىسىغا ئۆزى ئەڭ ئامراق ھاۋا رەڭ كۆڭلىكىنى ئەكىرگۈزۈپ كىيدى. چېچىنى قايسىبىر سېستىرا قىزغا ئوخشىتىپ كەينىدىنلا بىر بوغدى. ئۇنىڭ ئاپئاق كارىۋات ئۈستىدىكى شۇ تۇرقى بۇلۇت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۇچۇۋاتقان پەرىزاتقىلا ئوخشاپ قالدى. يەڭگىل ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئۇنىڭ كۆڭلەكتىن سەل كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئالمىدەك كۆكسى لىپىلداپ، ئاق قوۋدەك ئۇزۇن ئاپئاق بويىنى ئالدىغا سوزۇلدى. ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان گۈلنى ئەسلىتىدىغان لەۋلىرى ھىمىرىلىپ، قويۇق كىرپىكلىك چولپان كۆزلەر ئىشىككە تەلمۈردى. ناۋات رەڭ يۈزى ۋۇللىدە قىزىرىپ لالە رەڭگىگە كىردى. دوختۇر يىگىت ئىشىكتىن كىرىپلا كۆز ئالدىدىكى سۈرەتكە ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى. ئۇ قىزغا كۈندىكىدىنمۇ بەكرەك ئىلتىپات كۆرسىتىپ چىقىپ كەتتى.

دوختۇر يىگىت ئەمدى سەلىمەنى كۆپرەك يوقلايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ كۈندە نەچچە قېتىم ھەتتا دەم ئالغان كۈنلىرىدىمۇ كېلىپ قىزدىن ئەھۋال سوراپ كېتىدىغان بولدى. بۇنىڭدىن سەلىمە شۇنچىلىك خۇشال ئىدىكى، بۇ دۇنيادا ئۇنىڭدەك ياخشى كۆيۈمچان ئادەم، بۇ يەردەك جەننەت يەر يوق ئىدى.

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن دوختۇر يىگىت سەلىمەنى يەنە يوقلاپ كىرىپ بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن قايتار ۋاقتىدا:

— كەچتە مەن دېجۇرنىلىق قىلىمەن، ئىشخانامغا چىقىڭ، بولامدۇ؟ — دەپ قويۇپلا چىقىپ كەتتى.

سەلىمە كۈننىڭ كەچ بولۇشىنى كۈتۈپ تاقەتى تاق بولدى. كەچتە ئۆزىنى باشقە-دىن تۈزەشتۈرۈپ سۈتتەك يورۇق ئۆشخانىغا كىرىپ خەت يېزىۋاتقان دوختۇرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى، دېرىزىدىن كىرىۋاتقان سالقىن شامال ئۇنىڭ يۈزىنى، چاچلىرىنى سۆيۈپ راھەتلەندۈرسە، ئۆزى ئەڭ ئامراق كىشىسىنىڭ يېنىدا بولۇشى ۋۇجۇدىنى مەستخۇش قىلاتتى. بۈگۈن تولۇن ئاي باشقىچە نۇرلۇق، يۇلتۇزلار باشقىچە جۇلالىق. باغدىكى دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ شۇرۇلاشلىرى-مۇ باشقىچە يېقىملىق. ئەتراپنىڭ ئايدىڭدىكى مەنزىرىسىمۇ باشقىچە نەپىس، سەلىمەنىڭ ھېسلىرىمۇ باشقىچە تاتلىق ھەم شېرىن ئىدى.

— ئايغا قاراۋاتامسىز؟

سەلىمە قۇلىقى تۈۋىدە ئاڭلانغان بۇ سۆزدىن چۆچۈپ كەينىگە بۇرۇلدى. يىگىتنىڭ سەلىمەگە چاپىنىنى يېپىپ قويۇش ئۈچۈن ئاپارغان قولى ئۇنىڭ مۈرىسىدە تۇرۇپ قالدى. يىگىت ئالدىرىماستىن چاپاننى ئۇنىڭغا يېپىپ قويۇپ يەنە سورىدى.

— ئاي گۈزەلمىكەن؟

— ھەئە، بەك گۈزەل ئىكەن، بولۇپمۇ بۈگۈن.

— لېكىن، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئايدىنمۇ گۈزەل ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟

— مەن... مەن... — سەلىمە ھودۇقۇپ كەتتى. ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق گەپ ئاڭلارنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. يىگىتنىڭ سۆزلىرى ئۇنى مەستخۇش قىلىپ قويدى.

— راست، سىز ئايدىنمۇ گۈزەل. قاراڭ، ئاينىڭ يۈزىدە داغ بار، لېكىن سىزنىڭ يۈزىڭىزدە يوق. كۆزلىرىڭىز ئاشۇ يۇلتۇزلاردىنمۇ نۇرلۇق، چىرايلىق. بۇرنىڭىز، لەۋلىرىڭىز، بويىڭىز... ئاھ سىز بەك گۈزەل. بەك چىرايلىق... بەك...

سەلىمە يىگىتنىڭ ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ سۆيۈشلىرىدىن مەست بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ نەپەسى، يۈرىكى، ۋۇجۇدى پەقەت ئاشۇ قىزغىن سۆيۈشتىن كەلگەن راھەتنىلا، ئۆمرىدە ھېس قىلىپ باقمىغان ئاجايىپ تاتلىق شېرىنلىكنىلا ھېس قىلاتتى. يىگىتنىڭ لەۋلىرى، بەدىنى ئوتتەك قىزىق ھارارەت-لىك. ھەتتا سەلىمە بىلمىگەن ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىنمۇ راھەتلىك ئىدى. سەلىمە شۇ دەقىقە شۇ مىنۇتلاردا قانداقلارچە ئۆزىنىڭمۇ يىگىتكە چىڭ چاپلىشىپ كەتكىنىنى، قانداقلارچە كارىۋاتقا چىقىپ قالغىنىنى ھەتتا چىراغنىڭ قاچان ئۆچۈرۈلۈپ كەتكىنىنى سەزمىدى. ئۇ پەقەت مەستخۇشلۇق ئىچىدە تاتلىققىنا ئىڭرايتتى.

* *

سەلىمە دوختۇرخانىدىن قايتىپ چىقتى، ئۆزى خالاپ ئەمەس ئاتا-ئانىسىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئۆزىگە زور خۇشاللىق ۋە بەخت ئاتا قىلغان بۇ گۈزەل ماكاندىن كۆزى قىيمىغان ھالدا يىغلاپ تۇرۇپ قايتىپ چىقتى. ئۇ دەسلەپ يەنە ساراڭلىق قىلىپ ئۇزاقراق تۇرۇپ قېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، دوختۇرخانا خىراجىتىنىڭ كۆپلۈكىنى ئويلاپ ئىلاجسىز دادىسىغا ئەگەشتى.

سەلىمە دوختۇرخانىدىن تاتلىق خىيال، گۈزەل ئارزۇ ۋە ئازراق تەشۋىشنىمۇ بىللە

www.uyghurkitap.com



ئېلىپ چىقتى: ئىشقىلىپ ئۇنىڭ كېسىلى پۈتۈنلەي ساقىيىپ بارغانسېرى تولۇپ سەمرىشكە باشلىدى. بارا-بارا ئۇنىڭ ھامىلدارلىقى مەلۇم بولدى. ئاتا-ئانىسى بۇنى سەلىمەنىڭ ئېرىگە مەلۇم قىلىۋىدى ئەر بالىنىڭ ئۆز بالىسى ئەمەسلىكىنى كېسىپلا ئېيتىپ ئىككىنچى بۇ ئۆيگە ئاياغ باسمىدى. بۇ سۆزلەر سەلىمەنىڭ ئاتا-ئانىسىغا ئېيتقۇسىز ئاھانەت تۇيۇلغان بولسىمۇ، سەلىمە ھېچبىر خىيالغا كەلتۈرمىگەندەكلا ئىدى. ئۇ تېخى بۇرۇنقىدىنمۇ چىرايلىقلىشىپ، كۆزلىرى تېخىمۇ نۇرلىنىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن قانداقتۇر خۇشاللىق، بەخت تۆكۈلۈپ تۇرغاندەك بولۇپ قالدى. ئاتا-ئانا بۇنىڭدىن ھەيران قېلىپ ئۇنى سوراق قىلماقچى بولدىيۇ، يەنە ئۇنىڭ ساراڭلىقى قوزغىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ جىم يۈرۈشتى.

سەلىمە بۈگۈن يەنە جىگدىلىككە بېرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قىشتىن بېرى تاتلىق ئۇيقۇدا ئەللەيلىنىپ ياتقان ھېسسىياتى جىگدە پۇرىقى ئەتراپقا تارىلىش بىلەن بىردىنلا ئويغىنىپ جانلىنىپ كەتتى. پات-پات تەۋرەپ قويىدىغان كەپسىز ئوغلىنى (ئۇ تۇغۇلغۇسى بالىسىنى چوقۇم دادىسىدەك بۇدۇر چاچ ئوغۇل دەپ پەرەز قىلاتتى) سىلىغىنىچە جىگدىلىككە كەلدى. ئۇ ئەتراپىدىكى ھەممىلا نەرسىگە ئاجايىپ سۆيۈنۈش ئىچىدە نەزەر سالاتتى. جىگدە چېچىكىنى ئاستا ئۈزۈۋېلىپ پۇرىدى. لەۋلىرىگە تەگكۈزۈپ سۆيدى. ئاخىرىدا بۇدۇر چاچ دوختۇر يىگىت ئېسىگە كېلىپ كۆزلىرىگە غىلىلدە ياش ئالدى. توۋا، ئۇنى كۆرمىگىلى توپتوغرا يەتتە ئاي بوپتۇ، ھېلىمۇ سېغىنىش، كۈتۈش ئۇنى يەنە ئەقلىدىن ئاداشتۇرۇۋەتمەيتۇ. سەلىمە دوختۇرخانىدىن چىقىش ئالدىدا يىگىت ئۇنىڭغا ۋەدە بەرگەن. قىزنى ئىزلەپ چىقىدىغانلىقىنى ئېيتقان. لېكىن، تا ھازىرغىچە ئۇنى ئىزدەپ چىقمىدى. ئەجەبا ئۇ سەلىمەنىڭ ئۆزىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتقانلىقىنى بىلمەمدىغاندۇ ۋە ياكى ئۇنى شۇنچە تېز ئۇنتۇپ كەتكەنمىدۇ؟...

سەلىمەنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ئۇ جىگدىگە يۆلىنىپ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدىنى شۇنداق قاتتىق سېغىنىش چىرمىۋالدىكى، ئۇ ئۆزىدىكى بۇ كۈچلۈك ھېسسىياتقا بەرداشلىق بېرەلمەستىن ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئەڭ چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىپ، چېچىنى چاققانلىق بىلەن تارىدى. دادىسىنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئانىسىغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ كەچ كىرگەندە ئاران شەھەرگە يېتىپ كەلدى. يىراق تۇغقىنىنىڭ ئۆيىدە بىر كېچىنى تولىمۇ تەستە ئۆتكۈزۈپ سەھەردىلا بۇدۇر چاچ يىگىتنىڭ يېنىغا — شەھەرلىك روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا قاراپ ئۇچتى.

كېچە-كۈندۈز سەلىمەنىڭ خىيالىدىن كەتمەيدىغان بۇ ماكان يەنىلا شۇنداق گۈزەل ۋە مېھرىلىك ئىدى. دوختۇرخانىنىڭ دەرۋازىسى كۆرۈنۈش بىلەن دۈپۈلدەشكە باشلىغان سەلىمەنىڭ يۈرىكى ئۇ تاكى دەرۋازىدىن ئاتلاپ يېشىل بوستانلىقلار بىلەن بېزەلگەن ئاسفالت يولغا چۈشكەندىمۇ پەسكويغا چۈشمىدى. ئۇ بىردىنلا ئۆزىنىڭ تومپايغان قورسىقى ۋە سۇس داغ چۈشكەن

چىرايىدىن نومۇس ھىس قىلىپ قالدى. مۇبادا ئۇ سەلىمەنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرسە بىردىنلا ئۇنىڭدىن رايى يېنىپ كېتەرمىكىن؟ بالىنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى بىلىسچۇ؟ خۇشال بولارمۇ؟ ياكى... ئۇ چوقۇم خۇشال بولىدۇ. بۇ دۇنيادا پەرزەنت كۆرۈشنى خالىمايدىغان كىم بار؟ ئۇ كېيىنلىكىز رەسمىي ساقايغاندا سىزنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ توي قىلىمەن دەپ قايتا-قايتا ئېيتقانىدىغۇ؟...

سەلىمە ئىشخانىغا ئۇسۇپ كىرىشتىن ئۈيۈلۈپ دەرەخزارلىق ئارىسىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ يىگىتنىڭ چىقىشىنى كۈتۈشكە باشلىدى. يىگىت ئاخىر چىقتى. بىر توپ سىبىترالار بىلەن كۈلۈپ پاراڭلاشقىنىچە سەلىمە تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى. ئاھ! ئۇنىڭ كۈلۈشلىرى يەنە شۇنچە يېقىملىق ھەم مېھرلىك. ئاق پوسمىسىدىن چىقىپ تۇرغان بۇدۇر چاچلىرى يەنە شۇنچە يارىشىملىق ھەم سېھرلىك...

سەلىمە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ يىگىتنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەتراپتا ئادەم بارلىقىنى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭ باغرىغا تاشلىنىپ قېنىپ-قېنىپ قۇچاقلىغۇسى، ئۆزىنىڭ شۇنچە ۋاقىتتىنى ئىنتىزارلىق، كۈتۈش بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئېيتىپ، يىغلىۋالغۇسى كەلدى.

— سىز... سىز كىمنى ئىزدەيسىز؟ كېسەل يوقلاپ كەلگەن بولسىڭىز ئاۋۇ ياققا بېرىڭ.

سەلىمە يىگىتنىڭ ئۆزىنى ئازراقمۇ تونۇيالمىغانلىقىدىن ھەيران قالدى. تۇۋا، ئاشۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە سەلىمە شۇنچە تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەنمىدۇ؟ ئۇنىڭ كۆزىگە لىغىرلاپ ياش كەلدى. تىترەپ تۇرغان لەۋلىرى ئارىسىدىن سۆز تولىمۇ تەستە چىقتى.

— مەن ... مەن ... مەن سىزنى ئىزدەپ كەلدىم. مەن سە... سەلىمە...

يىگىتنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئاندىن تەرى شۇنداق سەت تۈرۈلدىكى، سەلىمە قورقۇپ كەينىگە ئۈچۈپ كەتكىلى تاسلا قالدى. يىگىتنىڭ چىرايى ئۇ ئەزەلدىن قورقىدىغان دادىسى، ئاكىلىرىنىڭكىدىنمۇ قورقۇنچلۇق سەت ئىدى. سەلىمە ئاشۇ چىرايىنىڭ ئىلگىرى ئاجايىپ يېقىملىق كۈلكە بىلەن ئۆزىنى ئەللەيلىگەنلىكىگە، ئەركە-لەتكەنلىكىگە، ئۆزىگە چەكسىز خۇشاللىق، شېرىن، تاتلىق تۇيغۇ بېغىشلىغانلىقىغا ئىشە-نەلمىدى. ئەجەبا، سەلىمە بۇ سۆرۈن تەلەتنى خاتا ھالدا شۇ يىگىت دەپ تونۇپ قالغانمىدۇ؟ ئۇنىڭ بۇدۇر چېچى... يارىشىملىق بۇرۇتى...

— مەن... مەن... سىز مېنى نېمىشقا ئىزدەيسىز؟ مەن سىزنى تونۇمايدىغان تۇرسام، بىرەر ئىشىڭىز بارمىدىيا؟

— توختاڭ! مەن... مەن سىزنى سېغىنىپ كۆرگىلى كىردىم. سىز مېنى يوقلاپ چىقىمەن دەپ قويۇپ يوقلاپمۇ چىقمىدىڭىز، — سەلىمە ھەم قورقۇنچ ئىچىدە، ھەم سېغىنىش تۇيغۇسى بىلەن ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى، — مەن، مەن سىزنى بەك ساقلىدىم... سىزگە بالىمىز بولغانلىقىنى بۇرۇنراق ئېيتاي دەپ ئالدىرىدىم. مانا قاراڭ، قورسىقىم چوڭ بولۇپ قالدى. ئۇ

چوقۇم سىزگە ئوخشاش بۇدۇر چاچ...

سەلىمە گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى. ئۇ يىگىتنىڭ ئۆلۈكتەك تاتىرىپ تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئەتراپتىكى سېستىرا قىزلارنىڭ ھاڭۋاقىنچە قاراپ قالغانلىقىنى كۆردى. ئىسىدە يوق يات ئادەم بار يەردە بۇنداق سۆزلەرنى قىلىپ سالغانلىقىنى ئويلاپ پۇشايمان قىلىپ لىۋىنى چىشلەپ قويدى.

— ساراڭ... سا..راڭ. بۇ ھېلىقى سەلىمە دېگەن ساراڭ شۇغۇ، ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەڭلار جۇمۇ. بۇ ھېلىقى...ھېلىقى ئۆتكەن يىلى مۇشۇ يەردە داۋالىنىپ ساقىيالماي چىقىپ كەتكەن ساراڭ. ھۇ ساراڭ...

سەلىمە كۈتۈلمىگەن زەربىدىن تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭغا پۈتۈن زېمىن چۆگىلەۋاتقاندەك، ئۆزى چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك، سانسىز تاش-داشقاللار ئۇنىڭ ئۈستىگە توكۇلداپ چۈشۈۋاتقاندەك، ئۆزى بارا-بارا شۇ تاش-قۇملارنىڭ ئاستىدا قېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

ئۇ يىگىتنىڭ «بۇ ساراڭنى ھەيدەپ چىقىرىۋېتىڭلار. ئىگىسى بولمىغان ساراڭنى دوختۇرخانىغا قوبۇل قىلالمايمىز» دېگەن سۆزلىرىنى غۇۋا ئاڭلىدى.

ساراڭ! ساراڭ! ساراڭ! ساراڭ!

ئۇنىڭ قۇلىقىغا، نېرۋىلىرىغا، يۈرىكىگە، تومۇر-تومۇرلىرىغا بۇ سۆز بۆسۈپ كىردى. سىڭىپ كەتتى. بۇ سۆز ئۇنى راستىنلا ئەقلىدىن ئازدۇردى. ئۇ دەرۋازىنى مۈشتلاپ دوختۇر يىگىتنى بىر ھازا تىللىدى. يېنىدا قاراپ تۇرغان بىر ئەرگە ئېتىلىپ ئۇنىڭ يۈزىنى مورلىدى. ئاخىر ئۇ ھېرىپ مەھەللىسىگە قايتتى. يول بويى بۈگۈنكى ئىشلار ئېسىگە كېلىپ بوغۇلۇپ-بوغۇلۇپ يىغلىدى.

سەلىمەنىڭ ئاتا-ئانىسى قىزىنىڭ شەھەرگە كىرىپ چىقىپلا يەنە بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىشتى. ئۇ ئاتا-ئانىسىنىمۇ تونۇمىغاندەك بىردەم كۈلۈپ، بىردەم يىغلاپ ئۆيىنى بېشىغا كىيدى. دادىسى ئۇنى يەنە «روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسى» غا ئاپىرىشنى ئېيتىۋىدى، ۋارقىراپ يىغلاپ قەتئىي ئۇنىمىدى.

ساراڭ! ساراڭ! ساراڭ! بۇ سۆز سەلىمەنىڭ نېرۋىسىغا، يۈرىكىگە بەكلا قاتتىق سىڭىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ساراڭ ئىكەنلىكىگە تەن بەردى. شۇڭا باشقىلارنىڭ ئۇنى «ساراڭ» دەپ تىللاشلىرىغىمۇ خاپا بولمايتتى. ئۇ ئاجايىپ ئەركىن ئىدى. كۈلگۈسى كەلگەندە كۈلۈپ، يىغلىغۇسى كەلسە يىغلاپ، ئاچچىقى كەلسە تىللاپ ۋارقىرايتتى، ئۇ بالىسىنىڭ قورسىقىغا تېپىپ شوخلۇق قىلىشلىرىدىن ھوزۇرلىنىپ، ھويلىدىكى ئۈجمە دەرىخى ئۈستىدە چۇرۇقلاپ سايرىشىۋاتقان قۇشقاچلارنىڭ ئۈجمە يېيىشلىرىدىن زوقلىنىپ كۈلەتتى. ئىنى-سىڭىللىرىنىڭ ۋارقىراپ-جاڭجاللىشىشلىرىنى، چۈجە-خورازنىڭ ھۈرپىيىپ سوقۇشۇشىنى كۆرۈپ قاقاقلاپ كۈلەتتى. دادىسىنىڭ ئاپىسىنى بىكارلا ئۇرۇپ تىللاشلىرىنى كۆرۈپ، بۇدۇر چاچ يىگىتنىڭ ئۆزىنى ساراڭ دەپ تىللىغانلىقى، ئۆزىنىڭ راستىنلا ساراڭ بولۇپ قالغانلىقى ئېسىگە كېلىپ دەسلەپ بوغۇلۇپ ئاندىن ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ

هۆركىرەپ يىغلايتتى. كىمنىدۇر تىلىغا ئېلىپ تىللايتتى. تازا ئاچچىقى كەلگەن كۆڭلىرى ئىشىك ئالدىغا چىقىۋېلىپ يولدىن ئۆتكەن ئەرلەرنى تىللاپ، چالما ئېتىپ ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن ئۈركۈپ قاچقانلىقىدىن ھوزۇرلىنىپ كۆڭلىنى خۇش قىلاتتى.

بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئۇنىڭ كۆڭلىدە غەشلىك پەيدا بولۇۋالدى. ئۇ كۈلەي دەپمۇ كۈلەلمىدى، يىغلاي دەپمۇ يىغلىيالمىدى. قورسىقىدىكى كەپسىز ئوغلىمۇ بۈگۈن جىمپىلا كەتكەن. قۇشلارنىمۇ كەپسىز ئىنىسى قاچۇرۇۋەتكەن بولسا كېرەك، چۇرۇقلاشلارمۇ ئاڭلانمايدۇ. ئۇ تولىمۇ كەيپسىز ھالدا سىرتقا چىقتى. ھاۋا بۈگۈن بۆلەكچىلا سوغۇق، ئاسماننىڭ تەرى كۆرۈمسىز بولۇپ توپ-توپ قارا بۇلۇتلار سۈرۈلۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ جىگدە چېچەكنىڭ پۇرىقىغا ئەگىشىپ دەريا بويىغا يېتىپ كەلدى. دەريا سۈيى قاپقارا لاي-لاتقا بولۇپ شارقىرىغىنىچە ئاقماقتا ئىدى. سەلىمە تۈيۈقسىز ئۆلۈمنى ئويلاپ قالدى. تولغىنىۋاتقان دولقۇنلارمۇ ئۇنى قوينىغا چاقىرىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ سۇغا قارىغىنىچە خېلى ئۇزۇن تۇردى. دەريا لېۋىگە كېلىپ پۇتىنى سۇغا تىقىپ بېقىپ ئەندىكىپ تېزلا كەينىگە ياندى. چوقچىيىپ تۇرغان قورام تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى. ئۇ ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈشنىڭ تەس ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، ئاشۇ قورام تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ سوغۇقتا مۇزلاپ ئۆلۈشنى، مۇشۇ قېتىپ قالغانچە تاش بىلەن بىرىكىپ مەڭگۈ مۇشۇ دەريا بويىدا جىگدە چېچەكنىڭ پۇرىقىنى ھىدلاپ تۇرۇشنى ئويلاپ قالدى. سوغۇق شامال ئۇنى ھېلىلا ئۇچۇرۇۋېتىدىغاندەك شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. سەلىمەنىڭ گەجگىسى قورۇلۇپ توڭۇشقا باشلىدى. ئۇ بالىسىنى توڭۇپ قالمىسۇن دېگەندەك قىزىل شىپۇن كۆڭلىكى بىلەن قورسىقىنى يۆگەپ قوسىقىنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. ئاۋۋال تاراسلاپ، ئاندىن شارقىراپ يامغۇر قۇيۇ-ۋەتتى. ئۇ دەريا سۈيىگە قارىغىنىچە مىدىر قىلماي ئولتۇرۇۋەردى. يامغۇر سۈيى دەريا سۈيىنى شىددەت بىلەن قامچىلايتتى. دەريا سۈيىمۇ يامغۇر سۈيىنى پۈتۈن يۇتۇ-ۋەتمەكچى بولغاندەك ئۆرگىلىپ-چۆرگىلىپ تولغىناتتى. سەلىمەنىڭ پۈتۈن بەدىنى چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ كەتتى. يامغۇر سۈيى ئۇنىڭ ھۆل بولۇپ كەتكەن چاچ تالالىرىدىن سىرغىپ يۈزىنى بويلاپ ئاقتى. ئۇنىڭ يامغۇر بىلەن بەسلەشكەندەك تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرى يامغۇر بىلەن بىللە ئېقىپ دەريا سۈيىگە قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇ يىغلىدى. زېمىن ئانىنىڭ قايغۇسى-غا جور بولۇپ ياش تۆكتى. يىغلاپ تۇرۇپ ئويلاندى. زېمىن ئانا نېمىشقا چېچىلىپ قاتتىق ياش تۆكىدىغاندۇ؟ ئۇنىمۇ سۆيگۈنى تاشلاپ كەتكەنمىدۇ؟ «ساراڭ» دەپ تىللىغانمىدۇ؟

يامغۇر توختىدى. ئەمما ئۇ خۇددى مۇزلاپ قېتىپ قالغاندەك مىدىر-سىدىر قىلماي ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كاللىسى بۇرۇنقىدەك-لا قوپقۇرۇق ئىدى. ئۇ ئەتراپىدىكى نۇرغۇن ئىشلارنى — قىزلارنىڭ نېمە ئۈچۈن توي قىلىدىغانلىقىنى، دوختۇر يىگىتنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆز پۇشتىدىن بولغان «ئوغلى»غا تاش يۈرەكلىك قىلغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى.

قىسقىسى، ئەقلى يەتمەيتتى. ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا نېمە ئۈچۈن ياشاۋاتقانلىقىنىمۇ ئويلىيالمايتتى. ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇغاندەك ئىدى. ئۇنىڭ قورسىقى تويۇقسىز تەۋرەپ كەتتى. قۇلىقىغا كىچىك بالىنىڭ گۈگۈرلاشلىرى ئاڭلانغاندەك بولدى. ئاجايىپ ئىللىق بىر ئېقىم پۈتۈن ۋۇجۇدىغا شۇررىدە تارىدى. بۇ ئېقىم شۇنچە قۇدرەتلىك ۋە ئۇلۇغ ئىدىكى، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا مەۋجۇتلۇقىنى ھەم مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى كېرەكلىكىنى ئاجايىپ تېزلا ھېس قىلدۇردى. ئۇنىڭ بۇرنىغا يەنە گۈپپىدە جىگدە پۇرىقى پۇرىدى. تويۇقسىز جىگدە يىگۈسى كېپكەتتى. ئەپسۇس، جىگدە ئەمدىلا چېچەكلىگەنىدى. چېچەك ئۈستىگە قونۇۋالغان تامچىلار مەرۋايىتتەك يالتىراپ تۇراتتى. سەلىمە قوم ئۈستىدە سوزۇلۇپ ياتتى. جىگدە چېچەكلىرىنى ئاستا ئۈزۈپ ئېلىپ قورسىقى ئۈستىگە ئاندىن بەدىنىگە چاچتى. ئۆزىنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن ھوزۇرلىنىپ ۋىلىقلاپ كۈلدى. چېچەك ئۈستىگە چۈشكەن نۇر تالالىرى بىلەن بىر ھازا ئويناشتى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى گۈل-چېچەك ئارىسىدا ھوزۇرلىنىپ ياتقان پەرىزاتقا ئوخشاپ قالدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى. يەنە جىگدە شاخلىرى ۋە جىگدە چېچەكلىرىنى كۆردى. يوپۇرماق ئارىسىدىن تارام-تارام تۆكۈلۈۋاتقان نۇر تالالىرىنى كۆردى. ئاشۇ جىگدە ئۈستىدە، جىگدە چېچىكى ۋە نۇر تالالىرى ئارىسىدا ئاجايىپ ئوماق بىر بالا جىگدە تېرىپ يەۋاتاتتى. بالا بەكمۇ چىرايلىق ئىدى. كۆزلىرى چوڭ ۋە قارا، چاچلىرى بۇدۇر ئىدى. ئۇ بىردەم سەلىمەگە قاراپ ئاجايىپ تاتلىق ۋىلىقلاپ كۈلسە، بىردەم جىگدە چېچىكى ۋە نۇر تالالىرى ئارىسىغا سىڭىپ كېتەتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر **ئالىمجان ئىسمائىل**

(بېشى 125 ـ بەتتە)

دادا، سەن مېنى ھە دېسە: «دۆت، نائىپى» دەپ تىللايسەن. بىراق، بىلەمسەنكى، مەن بۇرۇن ئۇنداق ئەمەستىم. سەن مەستلىكىڭدىن يېشىلگەن ۋاقتىڭدا سوغۇق قاتلىق بىلەن ئويلىنىپ كۆر. «مەن نېمىدە خاتا قىلغاندىمەن؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب ئىزدە. سەن شۇ چاغدا ئوغلۇڭنىڭ ئۇنچىۋالا دۆت ئەمەسلىكىنى، بىر چاغلاردا تېخى «3 تە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولۇپ مۇكاپاتلانغانلىقىنى ئېسىڭگە ئالالايسەن... قاچانكى ساڭا مەيخورلۇق جىنى چاپلاشتى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆيىمىزنىڭ تۇرمۇش رىتمى بىردىنلا بۇزۇلدى. سەنمۇ قوپال، تاش يۈرەك بىر دادىغا ئايلىنىپ قالدىڭ. شۇنىڭغا ئەگىشىپ مېنىڭ «3 تە ياخشى ئوقۇغۇچى» دېگەن چىرايلىق نامىم ئۆچۈپ كەتتى. دادا، جېنىم دادا، ئوغلۇڭنىڭ پەريادلىق ساداسىغا قۇلاق سال! بىزگە ئاراملىق بەرگىن. بىز سېنىڭ بۇرۇنقى سۆيۈملۈك، مېھرىبان ھالىتىڭگە قايتىشىڭغا بەكمۇ تەشنا.

مانا، سەن يەنە كىملەرنىدۇ تىللىغىنىڭچە دەلدەڭشىپ كىرىپ كەلدىڭ، ئاپام مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى. ئاھ، خۇدا! بىز يەنە بىر كېچىنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزىدىغان بولدۇق...

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

**خالدە ئىسرائىل**

# تىمتاس شەھەر

(ھېكايە)

— يائاللا، جاق تويدۇمغۇ!

ئايالىم خەنزۇچە شۇنداق دەپ چالۋاقىغىنىچە تاقىلداپ بېرىپ تېلېۋىزورنى تارسسىدە ئۆچۈرىۋەتتى.

مەن ئۇنىڭ ئاشۇ ئەلپازىدىن ئىنتايىن قورقىمەن، بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرىكى ھەر شەنبە كۈنى ياتىقىمغا كېلىپ كىرلىرىمنى يۇيۇپ، كىيىملىرىمنى ياماپ بېرىدىغان، سوئاللىرىمغا يەرگە قاراپ تۇرۇپ نازاكەت بىلەن جاۋاب بېرىدىغان ئاشۇ قىز شۇمۇ، ئەمەسمۇ دەپ ئويلاپ قالىمەن. دېمىسىمۇ شۇ چاغدا ئۇ مېنىڭ ھەممىلا ئىشىمنى ياقتۇراتتى، ھەممىلا ئىشتا مېنىڭ رايىمغا باقاتتى، قاچانكى ئوغلىمىز تۇغۇلدى، شۇنىڭدىن تارتىپ مېنىڭ ئورنۇم بىردىنلا ئۆزگەردى.

مەن گەرچە ئوغلۇمنى ئىنتايىن ياخشى كۆرسەممۇ بەزىدە ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىپمۇ قالىمەن. چۈنكى ئۇ مېنىڭ ئورنۇمنى ۋە ئەسلى ماڭا تەۋە بولغان مېھىر-مۇھەببەتنى تارتىۋالدى ئەمەسمۇ. ھازىر ئايالىمنىڭ



«تارىم» ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر



ھېسسىياتىدىكى ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ نەزىرىدىكى كەمچىلىكلىرىممۇ كۆپەيگىلى تۇردى.

ئۇ مېنىڭ كارىۋاتتا يېتىپ تېلېۋىزور كۆرۈشۈمنى، كىيىممنى ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تاشلىشىمنى، يىرل مېڭىشىمنى، تاماكا چېكىشىمنى، شاھمات ئوينىشىمنى... قىسقىسى، ھەممىلا ئىشىمنى ياقتۇرمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن مېنىڭ كۆڭلۈم سىقىلىش ئىچىدە ئۆتىدۇ. مەن ھەرقانداق ئىش قىلغاندا ئىختىيارسىز ئايالىمنىڭ كۆزىگە قارايمەن. ئەگەر ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

چىرايىدىن بىلىنەر-بىلىنمەس تەبەسسۇم ياكى رازىمەنلىك ئەكس ئەتكەن بولسا شۇ ھامان ئايالىمنىڭ ئاشۇ تەبەسسۇمى ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيانى تېگىشىۋېتىشكە رازى بولىمەن.

مەن ھېلىتىنلا تولۇپ، سەمرىشكە باشلىغان ئايالىمنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قويۇپ، سوزۇپ ئەسنەپ تازا بىر كېرىلدىم-دە، ئورنۇمدىن ئىتتىكلا تۇرۇپ كەتتىم. ئاياغ ئاستىمدىكى پاكىزلىقتىن ۋاللىداپ تۇرغان يەرنى پاسكىنا قىلىۋېتىشتىن، توغرىسى — ئايالىمنىڭ تىللىشىدىن قورقۇپ تاماكامنى ئېلىپ بالكونغا چىقىپ كەتتىم. بالكون-مېنىڭ جەننىتىم. پەقەت مۇشۇ يەردىلا مەن قىلچە ئەندىشىسىز ئولتۇرۇپ-قوپالايمەن. ھە، يەنە بۇ يەردە تۇرۇپ باشقىلارغا ئېگىزدىن نەزەر سېلىپ ھوزۇر سۈرەلەيمەن. نى-نى ئېگىز، ھەيۋەتلىك بىنالار، دەل-دەرەخلەر، گۈللۈكلەر، راۋاقلار... كۆز ئالدىمدا خۇددى شاھمات تاختىسىدىكى ئورۇقلاردەك قاتار-قاتار نامايان بولىدۇ. سۆلتىدىن ئادەم ئەيمىنىدىغان نى-نى قامەتلىك ئەرلەر خۇددى قوڭغۇزغا ئوخشاش مېڭىپ يۈرۈشكەندەك، ھاكاۋۇر، جەلپكار، سەتەڭ ئاياللار كۆتەكتەك بەدىنى ئاستىدا بىر غېرىچ پۈتلىرى بىلەن ئۆردەكتەك ئىرغاڭلاپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. ئادەتتە ئۆزىنى سېنىڭدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى چاغلايدىغان كىشىلەرنى بىردەملىكتە بولسىمۇ ئاشۇ ھالەتتە كۆرۈش ئەلۋەتتە خۇشاللىنارلىق ئىش. مەن ئۇلارغا قاراپ ئىچىمدە كۈلىمەن، ئۇلارغا خىلمۇ خىل لەقەملەرنى قويىمەن.

مانا بۇ مېنىڭ ھېچكىم تارتىۋالالمايدىغان ئەركىنلىكىم.

بۈگۈن بەشىنچى ئاۋغۇست. يەنە بىر كۈن مەنىسىز ئۆتۈپ كەتتى، ئەتىمۇ شۇنداق ئۆتىدۇ... ئەنە، بىرىنچى قەۋەتتە ئولتۇرىدىغان ئابلىز شاھماتنى قولتۇقىغا قىستۇرغىنىچە گۈللۈككە قاراپ ماڭدى. ھېلى ئۇ يەردىكى سېمونت شىرە ئۈستىدە شاھمات قىزىيدۇ. ئابلىز، مەن، ئىككىنچى قەۋەتتىكى شاكىر ئاكام ۋە نېرىقى بىنادىكى ئۆمەر تۆتىمىز ئىدارىدە داڭلىق شاھماتچىلار ھېسابلىنىمىز. تۆتىمىز ئويۇنغا بىر چۈشۈپ كەتسەك، ئابلىزنىڭ ئايالى كايىغىنىچە چىقىپ ئېرىنى ئالدىغا سېلىپ ئەكىرىپ كەتمىگۈچە ياكى مېنىڭ ئوغلۇم ئاپام چاقىرىۋاتىدۇ، دەپ چىقمىغۇچە ئورنىمىزدىن تۇرمايمىز. بىز ئەنە شۇنداق ئادەملەر، بىزگە شاھماتقا مۇناسىۋەتسىز ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەززىسىز تۇيۇلىدۇ. بىز يەنە ۋۇجۇدىمىزدىكى باشقىلار ئۈستىدىن غالىب كېلىپ ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە زوراۋانلىق خۇمارىمىزنى مۇشۇ ئالقانچىلىك ئاق-قارا چاقماق سىزىقچىلار ئىچىدىلا ئېنىق قاندۇرىمىز.

گۈللۈكنىڭ ئارىسىدىكى تار يولدا پاكار، يوغانباش، سالاپەتلىك بىر ئادەم پەيدا بولدى. ئۇ مېنىڭ ئۇدۇل قوشنام ھەم باشلىقىم. ئەگەر ئىدارىمىزنىڭ كەسپىي تەتقىقات بۆلۈمىنى بىر شاھمات تاختىسىغا ئوخشاتساق، ئۇ ئاشۇ شاھمات تاختىسىدىكى شاھ، قالغان يەتتىمىز — پىچكا. ئۇ گەرچە بىزنىڭ تەقدىرىمىزنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكۈدەك قۇدرەتكە ئىگە بولمىسىمۇ ئەللىك نەچچە كۋادرات

مىترلىق ئىشخانىدا بىزنىڭ مۇتلەق ھۆكۈمدارىمىز. ئۇ گەپدان، خۇشچاقچاق، ھەممىدىن مۇھىمى كاتتا ئادەملەر بىلەن بېرىش-كېلىش قىلالايدۇ، ئۇلارنىڭ زىياپەت شىرەلىرى ۋە پىكاپلىرىنىڭ بىرەر بۇرجىكىدىن بولسىمۇ ئورۇن ئالالايدۇ. ئۇ قاچانلا قارىسا قانداقتۇر «مۇھىم» ئىشلار بىلەن ئالدىراپ يۈرىدۇ، شۇڭا كەسپىي ئىشلارغا زادى ۋاقىت ئاجرىتالمايدۇ، ئىشنى بىز ئىشلەيمىز، ئۇ يۇقىرىغا دوكلات قىلىپ تۇرىدۇ. كۈندە ئەتىگىنى ئىشقا كېلىپلا ھەممە چوڭ-كىچىك باشلىقلارنى بىر باشتىن يوقلاش ئۇنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئادىتى. بىز ئۇنىڭ باشلىقلارنىڭ ئىشخانىسىدا نېمە ئىش قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇلار بىلەن نېمىلەرنى دېيىشىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز. لېكىن، بۆلۈمنىڭ بارلىق ئىشنى شۇنىڭ يۈرۈشتۈرۈۋاتقانلىقى، ئۇ بولمىسا ھېچقانداق ئىشنىڭ ئاقمايدىغانلىقىدىن گۇمانلانمايمىز. شۇڭا ئىشخانىمىزنىڭ ھەر قانداق تەتقىقات نەتىجىسىگىمۇ بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭ ئىسمى يېزىلىدۇ.

شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۆزىگە ئوخشاش شاھ، روخ، فەرزىن، پىللار يىغىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا كۆز تىكىپ ئەتراپىدىن چۆگىلەپ كېتەلمەيدىغان ئىستىقباللىق ياش «پېشكا» لاردىن بىر نەچچىسى پەيدا بولۇشتى. بۈگۈنكى زاماننىڭ ياشلىرىنى ھەرگىز سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. ئۇلار مۇناسىۋەت دېگەن بۇ نەرسىنىڭ مۇھىملىقىنى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىن تارتىپلا چۈشىنىشكە باشلايدۇ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندە بولسا خېلىلا پىشىپ يېتىلگەن بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن ئەمدىلا چىققىنىغا قارىماي، خۇشامەتچىلىكتە ئاجايىپ ماھارەتلىرى بىلەن چوڭلارنى بېسىپ چۈشىدىغانلىقىدىن ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق.

قىسقىسى، ئۇلار مۇھىم ئىشلارنى كۆڭلىگە پۈككەن مۇھىم كىشىلەر، بىز بولساق ئىشتىن چۈشۈپلا شاھمات، قارتا ئويناپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان، ئانچە ھېسابقا ئېلىنمايدىغان بەندىلەر. ئەتراپىمىزدا دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان يېڭى ئىشلار — كىمدۇر بىرىنىڭ تۇيۇقسىز ئامىتى كېلىپ ئۆسۈپ كەتكەنلىكى، قايسىبىرىنىڭ بىر كېچىدىلا ئاخباراتلىق شەخسكە ئايلىنىپ قالغانلىقى، يەنە بىرىنىڭ قانداقتۇر يوللار بىلەن ئۇشتۇمتۇت بېيىپ كەتكەنلىكىگە ئوخشاش ئىشلارغا قارىتا «ھە، شۇنداق بولۇپتىمۇ؟ بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك. جاھان شۇنداق تۇرسا...» دەپلا قويىمىز.

ئادەت بويىچە ئابلىز، ئۆمەر ۋە شاكىرلار يىغىلىپ بولۇشتى. ئۇلار كونا گېزىتنى يىرتىپ موخوركا يۆگىگەچ مېنى ساقلاۋاتىدۇ. تۈنۈگۈنكى مەسلىھەت بويىچە مەن ئۇلارغا بۈگۈن كارپوۋنىڭ باشلاش ئۇسۇلىنى ئۆگەتمەكچى. پەسكە چۈشمەكچى بولۇپ پۇتۇمنى يۆتكىشىمگە كۆزۈم تونۇش بىر چىرايغا چۈشتى-دە، يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ جايىمدا تۇرۇپلا قالدىم. تاغام!...تۇۋا، ئۇ بۇ يەرگە مېنى ئىزدەپ كەپتۇ-دە... ھەيرانلىق بىلەن بىللە خىيالىمغا ئەڭ دەسلەپ كەلگىنى قورقۇش بولدى. مەن ئەھۋالنى ئايالىمغا چالا-بۇلا ئۇقتۇردۇم-دە،

يۈگۈرۈپ پەسكە تاغامنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ كەتتىم. ئىككىمىز پەلەمپەيدە ئۇچراشتۇق. كۆزلىرىمىز ئۇچراشقان دەقىقىدە يېتىرقىغاندەك بىر ھازا بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ تۇرۇپ قالدۇق.

— ياللا، تۇرسۇنئاخۇن، بىز كەلمىسەك تاغام بىلەن تۇغقانلىرىم بار ئىدى دەپ يوقلاپ بېرىش خىيالىڭغىمۇ كەلمىگۈدەك. قانداق ئوبدان تۇرۇۋاتامسەن؟ ئۆي ئىچىڭ تىنچلىق-ئامانلىقمۇ؟

تاغام مەن بىلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈپ، قوللىرى بىلەن ساقىلىنى سىلاپ «ئامىن-ئاللاھۇئەكبەر» دېدى، مەنمۇ ئۇنى دورىدىم. شۇ ئارىلىقتا مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىچ ئاغرىتىشقىمۇ ھەم مەسخىرىگىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل ئىپادىنى غىل-پال كۆرۈپ قالدىم. مەن كىچىك ۋاقىتلىرىمدا تاغامنىڭ ئاشۇ قارىشىدىن ئىنتايىن قورقاتتىم. چۈنكى ئۇ خۇددى ساقىيىشىدىن ئۈمىد ئۈزۈلگەن كېسەلگە قارىغاندەك بىر خىل قارايتتى. مەن ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن بىزار ئىدىم، ئۇنىڭ يېنىدىن يىراق قېچىپ كەتكۈم كېلەتتى. قېرىشقاندەك، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقىنىمدا ئانام ئۆلۈپ كېتىپ ئاشۇ تاغامنىڭ قولىغا قالدىم. ئۇ دائىم مېنىڭ ئالدىمدىلا: «ھەي، رەھمەتلىكنىڭ ئاچامنىڭ بىر تال ئوغلىنىڭ بۇنداق بوشاڭ بولۇپ قالغىنىنى قارىمامدىغان، بۇ چوڭ بولسا قانداقمۇ جېنىنى باقار؟» دەيتتى ۋە داۋاملىق ئۆزىنىڭ ئاسمانغا پېچاق ئاتىدىغان ئوغۇللىرىنى ماختايتتى. مەن تاغامنىڭ ئاشۇ كۆزلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، بار كۈچۈم بىلەن تىرىشىپ ئوقۇپ

ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كەلدىم. كېيىن ئۈرۈمچىدە ئىشلەپ قالدىم. تاغامنىڭ باللىرىدىن بىرەرىمۇ ئوقۇشنى تولۇق ئوتتۇرىغىچە داۋاملاشتۇرالمىدى. دېمەك، مەن روھىي جەھەتتە ئۆز-ئۆزۈمگە تەسەللىي بېرەلەيدىغان ئاساسقا ئىگە بولغانىدىم. بىراق، تاغام بىلەن كۆرۈشكەن دەسلەپكى مىنۇتلاردىن ئارتىپلا شۇنچە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ تىكلىگەن ئاساسىمنىڭ ئۆزلۈكىدىن يىمىرىلىشكە باشلىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

ئاخشىمى مېھمانخانا ئۆيدە مۆكىدىشىپ ئولتۇرغان چېغىمىزدا تاغام قاچانلا قارىسا قىزىرىپ تۇرىدىغان سەل ئالغاي كۆزلىرى بىلەن ئۆينىڭ تۆت ئەتراپىغا سىنچىلاپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، ۋاقىتلىق تۆت دېۋۇلۇق رەڭسىز تېلېۋىزورنى كۆرسىتىپ:

— تېخىچە مۇشۇنى كۆرۈۋاتامسىلەر، يا سىلەر شۇنداق كەمبەغەلمۇ؟ — دېدى.

چاي قۇيغىلى كىرگەن ئايالىم ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن خەنزۇچە:

— ئۇنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمىسە، — دېۋىدى، تاغام كۆزىنى چەكچەيتكىنىچە ئايالىمنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى ۋە ئۇ چىقىپ كەتكەندە:

— ياللا تۇرسۇنئاخۇن، خوتۇنۇڭ باشقا مىللەتتىن ئەمەستۇ؟ چىرايىغا قارىسام ھېچ ئۇنداق ئەمەستەك، گەپلىرىنى ئاڭلاپ كۆزۈمگە ئىشەنمەيۋاتىمەن! — دېدى.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، كىچىكىدىن خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇپتىكەن، شۇڭا ئۆز تىلىمىزدا سۆزلەشنى ئانچە بىلمەيدۇ، — دېيەلىدىم قىسىلىپ تۇرۇپ.

— ما گەپنى! بىلمىسە ئۆگەتمەسمەن! ئۆز تىلىنى بىلمىگەن ئادەمنى ئادەم دېگىلى بولامدۇ. بىر خوتۇن كىشىنى باشلىيالمىغاندىكىن ئۆزۈڭ بوش، توۋا... رەھمەتلىك ئاچام بۇنى بىلسە ئۇ ئالەمدىمۇ ئارام تاپالماس!

ئۇ مېنىڭ يۈرەك يارامنى تېپىپ كوچىلىدى. بۇ ئايالىم ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ چوڭ تالاش-تارتىش ئىدى. بىراق ئۇ شۇنچىلىك جاھىل خوتۇنكى...

گەپ ئوغۇللىرىغا يۆتكەلگەندە ئۇ مەغرۇرلانغىنىدىن ئاغزىنى يۇمالمايلا قالدى. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى بىلەن ئوتتۇرانچى ئوغلى ئوقەت بىلەن مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە، ئۇ يەردىن تۈركىيىگە، پولشا، رومىنىيە، ۋېنگرىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە، دانىيەلەرگىچە بېرىپ كەپتۇ، ئۇ يەرلەردىن ھەر خىل ئېسىل ماللارنى ۋە خېلى كۆپ دوللار، فوند-ستېرلىڭ، فرانك... ئېلىپ كەپتۇ. ئىككىنچى ئوغلى ئېچكىرىدىكى بىر زاۋۇتنى كۆتۈرە ئېلىپ پۇل تېپىۋېتىپتۇ. شۇغىنىسى چوڭ ئوغلىنىڭ باللىرى ئىچىدىن بىرى مېنى تارتىپ قاپتۇدەك. پۇل-پىچەككە قىزىقمايدىكەن. كىشىلەر بىلەن ئارىلاشمايدىكەن، دائىم كىتاب ئوقۇيدىكەن، رەسىم سىزىدىكەن، مۇزىكا ئاڭلايدىكەن. شۇغىنىسى ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئالغان نومۇرى ئۆلچەمگە يەتمەي قاپتۇ. تاغام ئوغۇللىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن ئۇنىڭ ئوقۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەپتۇ.

— ياردەم قىلىدىغانلا ئادەم تاپالىسام، دوللار ئالىمەن دېسىمۇ ياكى تىللا ئالىمەن دېسىمۇ مەيلى، قويما ئۆزۈكتىنىمۇ ئىككىنى ئالغاچ كەلدىم، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى بارغانسېرى پەسەيتىپ.

مەن ئالدىغا سەل ئېڭىشكىنىچە بىر قېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بىر كۆزىنى قىسىپ ئولتۇرغان، چاپان ئۈستىگە چاپان كىيىۋالغان، پۈتۈن تۇرقىدىن قۇۋلۇق ھەم بېخىللىق چىقىپ تۇرغان بۇ ئادەمگە قاراپ ئاغزىمنى ئېچىپ ئولتۇرۇپ قالدىم. بىر پەستىن كېيىن قانداقلا چە ئاغزىمدىن چىقىپ كەتكىنىنى ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا:

— شۇنداق قىلىپزە، بىر بىچارە بالىنىڭ رىزقىغا چاڭ سېلىۋېتىپسىز-دە! — دەۋېتىپتىمەن.

تاغام مەن ئەنسىرىگەندەك خاپا بولۇپ كەتمىدى. ئەكسىچە مەنسىتمەسلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى:

— ئەخمەق، ئوغۇل بالا دېگەن ھاجىتى چۈشكەندە باشقىلارنىڭ قولىدىكى ناننى تارتىپ ئېلىۋالالمىسا ئوغۇل بالا بولالامدۇ؟ بوزەكنى بوزەك ئەتمىسەڭ قىيامەتتە سورىقى بار دەيدىغان گەپ بار. ئۇنىڭ قولىدىكى ناننى سەن ئالمىساڭ يەنە بىرى ئېلىۋالىدۇ، شۇنداق دۇنيا بۇ تۇرسۇنجان. كىچىك چاغلىرىمدا دادام رەھمەتلىك ئادەمنىڭ ئادەمدەك ياشىشى ئۈچۈن پۇلى ياكى ھوقۇقى بولۇشى كېرەك، دەيدىغان. ئويلاپ باقسام بۇ گەپ بۈگۈنكى جاھانغىمۇ توغرا كېلىدىكەن. راست ئەمەسمۇ، پۇلۇڭ ياكى ھوقۇقۇڭ بولغاندىلا ھەممىنى قىلغىلى، باشقىلارنى ئۆزۈڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغىلى بولىدۇ. سەھرادا نى-نى ئەقىللىك باللار بار. ئىمتىھاندىن ئۆتسىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاتا-ئانىسىنىڭ پۇلى بولمىغاچقا بۇ يەرگە كېلەلمەيدۇ. ئۇنىڭغا ئامال يوق، كىم سېنى كەمبەغەل بولسۇن دەپتۇ. كىشلەر ھۆكۈمەت ھازىر ئوقۇشنىمۇ پۇلغا ساتىدىغان بولدى، دېيىشىدىكەن. ساتسا نىمە يامىنى بار؟ ھۆكۈمەتكە پۇل لازىم، بىزنىڭ باللىرىمىزغا ئوقۇش لازىم. پۇل دېگەن دۆتنىمۇ ئەقىللىق قىلۋېتەلەيدىغان نەرسە... - شۇڭا ساڭا مەسلىھەتىم، سەنمۇ بۇنداق خاملىق قىلىۋەرمە، بىرەر-يېرىم ئەمەلنىڭ كەينىگە كىر. ھېچ بولمىسا كوچاڭلىق بولسىمۇ مەيلى، شۇ قاتارغا كىرىۋالساڭ ئۇنىڭ-بۇنىڭغا ئاز-تولا بىر نەرسە سوڭگۈتۈپ يۈرۈپ تېخىمۇ يوغانراقىقا ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرى ئەتراپىڭدىكىلەر بىلەن، بولۇپمۇ باشلىقلىرىڭ بىلەن لايىقىدا سالام-سائەتىڭ بولمىسا بولمايدۇ، يەنە بىرى كالىدەك بېشىڭنى ئىچىڭگە تىقىپ ئىشلەپلا يۈرمەي، قىلغان ئىشىڭنى بىرىنى ئىككى قىلىپ كۆرسىتىشنى بىلمىسەڭ بولمايدۇ...

تاغامنىڭ كېيىنكى گەپلىرى ئايالىمنىڭمۇ كۆڭلىدىكى گەپلەر ئىدى. شۇڭا ئۇ دەرھال مېھمانخانا ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ، خېمىر يۇقى قوللىرىنى سىلكىپ دۇدۇقلىغىنىچە:

— تاغا، سىز ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىڭ، ئۇ بەك... ياۋاش، مەن دېسەم ئاڭلىمايدۇ، ھازىر كىم ئۇنىڭغا ئوخشاش...

ئۇنىڭ خۇشال بولۇپ قالغان چاغلىرىدا ئۆز تىلىنى يامداپ سۆزلەپ قويىدىغان ئادىتى بار ئىدى. خۇشى تۇتۇپ قالسا تاماقىنىمۇ قالتىس ئوخشىتىۋېتەتتى. قارىغاندا بۈگۈنكى تاماقتا گەپ يوق. تاغام كەچلىك تاماقنى ماختاپ يېدى.

ئەتىسى مەن تاغامنى مائارىپ نازارىتىدە ئىشلەيدىغان بىر ساۋاقدىشىمنىڭكىگە باشلاپ باردىم. ئىلگىرى ئۇ دائىم كىشلەرگە قانداق ياردەم قىلغانلىقىنى سۆزلەپ ماختىنىدىغان، ئەمما ئۇ بىزنى كۆرۈپ ئانچە ئېچىلىپ كېتەلمىدى. ساق بىر سائەت گەپ يورغىلىتىپ، ئاخىر راست گېپىنى — باللىنىڭ نەتىجىسى نومۇر سىزىقىغا يەتمىسە ھېچقانداق ئامال قىلالمايدىغانلىقىنى، ھازىر يېڭىدا تونۇش-بىلىشلىرى يول تېپىپ بەرسەڭ دەپ زورلاپ تۇتقۇزۇپ قويغان يىگىرمە ئۈتتۈز مىڭ يۈەن پۇل بارلىقىنى، ئەمما شۇ پۇلنى ماڭدۇرىدىغان يولنى تاپالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭغا يەنە بىر نەرسە دەپ ئاغزىمنى ئېچىپ بولغۇچە، باياتىندىن ئۈندىمەي ئولتۇرغان تاغام بىردىنلا ئورنىدىن تۇردى-دە، ساۋاقدىشىمغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ بىر قولىنى مەيدىسى بىلەن قورسىقى ئوتتۇرىسىدىكى بىر يەرگە قويغىنىچە قايتا-قايتا تەزىم قىلىپ خوشلاشقىلى تۇردى.

— قاراپ باقسام تازا بىر پاقپاق نوچىدەك قىلىدۇ، مۇنداق ئىشەنچىسىز ئادەملەر بىلەن ئىش پۈتتۈرگىلى بولمايدۇ. ئاغزىمىزنى بىكار ئۆيرىتىپ ۋاقتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەيلى، — دېدى ئۇ ئاپتوبۇس بېكىتىگە قاراپ كېتىۋېتىپ.

تاغام ئىككىمىز ئۆيگە كىرىپ كېتىۋاتقاندا، يەلەمپەيدە ئۇدۇل قوشنىمىز سوپاخۇنكام بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇ تاغام بىلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈپ قەدىناس دوستلاردەك قىزغىن ھال-ئەھۋاللىشىپ كەتتى. سوپاخۇنكام:

— ئۇكام تۇرسۇنجان، تاغىڭىزنى ئۆيلەرگە باشلاپ كىرمەمسىزغۇ؟ بۇ ئىشىڭىز پەقەت بولماپتۇ. بىزدىن ئۇنداق قاچماڭ دەيمەن، سىزگە زىيىنىمىز تەگمەيدۇ، — دېدى.

مەن قوشنامنىڭ تەكلىپىنى «سەمەرقەنت تەكلىپى» دەپ چۈشىنىپ ئانچە پەرۋا قىلماي كەتمىدىم. ئەمما، تاغام چۈشلۈك تاماق ئۈستىدە ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن:

— تۇرسۇنجان، مېنى ئاۋۇ قوشناڭنىڭكىگە قاچان باشلاپ چىقىسەن؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— بۇ خەقلەرنى چۈشەنمەيسىز، تاغا، بۇ خەقلەرنىڭ «ئۆيلەرگە كىرىڭ جۇمۇ، كىرمىسىڭىز خاپا بولىمەن» دېگىنى ئەمەلىيەتتە قۇرۇق تەكەللۇپ سۆزىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. چاقىرىدىغان كىشى زەنجىرنى ئۆزى ئالدىڭىزغا كىرىپ پالانى چاغدا ئۆيىمىزگە كىرىپ ئولتۇرۇپ چىقىڭ، دەيدۇ، — دېدىم.

تاغام شوك بولۇپ قالدى. ياغلىشىپ كەتكەن دوپپىسىنى تىزىغا قويۇپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ بىر پەس ئولتۇرغاندىن كېيىن تالا-تۈزنى ئايلىنىپ كىرەي، دەپ ئۆزى يالغۇز چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ قوشنىمىز بىلەن نەلەردە يۈرۈپ قانداقلارچە ئاغىنە بولۇپ ئۈلگۈرگىنىنى بىلەلمىدىم. ئەمما كەچتە پەلەمپەيدىن ئىككىسىنىڭ بىللە چىقىۋاتقانلىقىنى، ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە سوپاخۇننىڭ «يۈرۈڭ، يۈرۈڭ، بىردەم ئولتۇرۇپ چىقىڭ...» دەۋاتقىنىنى، ھايال ئۆتمەي قوشنىمىزنىڭ ئىشىكىنىڭ ئېچىلغان ئاۋازى، ئايال قوشنىمىز تاجىنسانىڭ ئىنچىكە ئاۋازى، ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى رەڭلىك تېلېۋىزوردا قويۇلۇۋاتقان چەت ئەل فىلمىنىڭ مۇزىكىسى ئاڭلاندى. ئارقىدىن ئىشىك يېپىلىپ كارىدور جىمجىت بولۇپ قالدى.

تاغام قوشنىمىزنىڭكىدىن بىر يېتىپ بولغاندا كىردى. خېلى ۋاقىتقىچە ئۇنىڭ مەغرۇرانە گال قىرىشلىرىنى، پۇشۇلداپ ئۆياقتىن بۇياققا مېڭىشلىرىنى ئاڭلاپ ياتتىم. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ يەنە چېيىنى ئىچىپلا:

— سوپاخۇن بىلەن بىر يەرگە بارماقچىدۇق، — دەپ كىچىك سومكىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

— مەن قارىسام تاغىڭىزنىڭ بىگىسى باردەك قىلىدۇ، بۇنداق ئادەمنىڭ قولىدىن ھەرقانداق ئىش كېلىدۇ... سىز نېمىشقا ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ؟ — دېدى ئايالىم كىرپىكلىرىگە ئاياغ مېيىغا ئوخشايدىغان بىر نېمىنى سۈركەۋېتىپ خەنزۇچە.

كەچقۇرۇن تاغام خۇشال كىرىپ كەلگىنىدە، مەن ئايالىمنىڭ پەرىزىنىڭ توغرىلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇ نەۋرىسىنىڭ ئىشىنى پۈتتۈرۈپتۇ، تېخى يۇرتقا ئېلىپ كەتكىلى بىرمۇنچە مال ئۇقۇشۇپ ماشىنىمۇ تېپىپ قويۇپتۇ. ئەتە چۈشتە مالنى بېسىپ شۇ ماشىنىدا قايتىدىكەن.

شۇ ئاخشىمى تاغام ئىككىمىز ئۇزاققىچە مۇڭدىشىپ ياتتۇق. ئۇ ماڭا ئانام بىلەن ئۆزىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىۋاتقىنىدا مەن ئۇنىڭ باللىق ۋاقىتلىرىنى زادىلا كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمىدىم. نېمىشقىدۇر ماڭا ئۇنىڭ ساددا، گۆدەك ۋاقىتلىرى بولمىغاندەك، ئۇ بۇ دۇنياغا مۇشۇ قورۇقلىرى،

سەل ئالغايدەك كۆرۈنىدىغان قىپقىزىل كۆزلىرى، ئىلمەك بۇرنى، ئىپىقتەك بوي-بەستى، قاتمۇ قات چاپىنى ۋە ياغلىشىپ كەتكەن دوپپىسى بىلەنلا پەيدا بولغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

— ئاچامدىن كىچىك قىلىپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوقۇش، خىزمەت بىلەن بولۇپ ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقان مېھرىگە قانماي چوڭ بولدۇك، ئۇرۇق-تۇغقان، جەددى-جەمەت دېگەن ئادەمنىڭ يىلتىزى، دەرەخنىڭ يىلتىزى قانچە چوڭقۇر بولسا شۇنچە باراقسان ئاينىغاندەك، ئۇرۇق-تۇغقىنى جىق ئادەم تايانچسىز قالمايدۇ. ئادەمگە ئۇرۇق-تۇغقان لازىم. خۇدا بۇيرۇسا كېلەر يىلى خوتۇن--باللىرىڭنى ئېلىپ يۇرتقا بېرىپ ئويناپ كەل. بىزدا يەنە ئۈچ تاغاڭ (بىر تاغاڭ بولتۇر ئۆلۈپ كەتتى)، تۆت ئاچاڭ، يىگىرمە-ئوتتۇز نەۋرە تۇغقىنىڭ بار. ئاشۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن تونۇشۇپ، ئاتا-ئاناڭ تۇغۇلغان، ياشىغان يەرلەرنى كۆرۈپ كەلگىن، بالاڭمۇ ئاسمىنى كەڭ يەرلەردە يايراپ كەلسۇن... راست گەپنى قىلسام، شۇ بالاڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى... تۆت تامنىڭ ئىچىدىن چىقماي، ساپ ھاۋا، ئاپتاپ كۆرمەي چوڭ بولىدىكەن... ھەي، ھەي...

كۆزلىرىم يۇمۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇخلاپ قالماسلىق ئۈچۈن كۆزۈمنى زورلاپ ئېچىپ، تاغامنىڭ گەپلىرىگە «ھە»، «شۇنداقمۇ» دەپ قويىمەن.

— ئەسلى بۇ مال ئۇچراپ قالمىغان بولسا، يەنە بىر نەچچە كۈن ئوشۇقراق تۇراتتىم. يوقلايدىغان يەرلەر بار ئىدى... لېتىپ دەيدىغان بىر ئاغىنەم بولىدىغان، بىز ئۇنىڭ بىلەن ئىنى يوق ئىشتان كىيىدىغان چاغلىرىمىزدىن تارتىپ بىللە ئويناپ چوڭ بولغان. ئاڭلىسام، يېقىندا ئۇنى ئۈرۈمچىدە چوڭ ئەمەل تۇتۇپتۇ، دەيدۇ. سوپاخۇنغا ئۇنىڭ ئېتىنى چىقىرىپ، بىز بىر يۇرتلۇق ھەم يېقىن تۇغقان، دەپ قويۇۋدىم، ئالدىمدا قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالدى. بىر شەھەردە بولغاندىكىن سەنمۇ تونۇيدىغانسەن، دەپباقە زادى قانچىلىك ئەمەلى بار ئۇنىڭ؟

— لېتىپ؟ ... دادىسىنىڭ ئىسمى نېمە؟ — دەپ سورىدىم ئەجەبلىنىپ.

— مۇسىراخۇن، مۇسىراخۇنباي دېسە بىزنىڭ يۇرتتىكى چوڭلاردىن تونۇمايدىغىنى يوق. ناھايىتى زەردار ئادەم ئىدى.

كۆزلىرىم چەكچىيىپ، ئۇيقۇم بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى. ئورنۇمدىن قوپۇپ، يوتقىنىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردۇم.

— پاھ... راستىنلا شۇ بولۇپ قالسا، خېلىلا چوڭ باشلىق جۇمۇ تاغا! لېكىن... ئۇنىڭ سىزنى تونۇشى ناتايىن!

تاغام بىردىنلا تېرىكىپ قالدى:

— ئاشۇ لېتىپ مېنى تونۇماسما؟ ياق، ھەرقانچە چوڭ بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، مېنى تونۇيدۇ، ئەگەر تونۇمىسا، ئاداش، ئىنى يوق ئىشتان كىيىدىغان چاغلىرىمىزدىن تارتىپ بىللە ئويناپ چوڭ بولغاندۇقۇ؟... دەيتتىم، دەۋىرەتتىم... مۇشۇ مال ئۇچراپ قالمىغان بولسىزە، ئالدىغىلا كىرەتتىم، سېنىمۇ ئېلىپ بېرىپ تونۇشتۇرۇپ قوياتتىم.

شۇنداق قىلىپ تاغام كەتتى، تاغام چۈشكەن ماشىنا يىراقلاپ كېتىۋاتقان چاغدا

مەن ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم ئۆزۈمنىڭ شۇ قەدەر يەككە-يېگانە، تايانچسىز ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم.

مەن تاغامنىڭ بالىلىق ۋاقىتلىرى توغرىسىدىكى ھېكايىلارنى ئەتىسىلا ئۇنتۇپ كەتتىم. ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئۇزاق بولغان ئاتا-ئانامنىڭ يۇرتى ۋە ئۇ يەردىكى كىشىلەر ماڭا مۇناسىۋەتسىز بولغاچقا مېنى قىزىقتۇرالمايتتى.

قاچانلاردىن تارتىپكىن، ئايالىم ئۆزگە-رىشكە باشلىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشىگە قوشنىمىز تاجىنسا سەۋەبچى بولدى. ئۇ پات-پاتلا ئۆيدە پىشۇرغان بىرەر تەخسە پىرەنىك، يەل-يېمىش ياكى پۇرقىراپ ھورى چىقىپ تۇرغان ئۆپكە-ھېسىپ دېگەن-دەك نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كېلەتتى. ئايالىم بىلەن يارىشىپ ئولتۇرۇپ يېڭى ئالغان كۆڭلەك... رەختىنى، پوپايكىسىنى، چىنە-قاچىلىرىنى داڭلايتتى. مۇنداق چاچ پاسونى مودا بولۇپتۇ، پالانى يەردىكى پوكۇنى تىككۈچى ئۇستا كىيىملەرنى ئەڭ يېڭى مودىدا تىكەلەيدىكەن، دېگەندەك خەۋەرلەرنى يەتكۈزەتتى. پات-پاتلا ئايالىم-نى بازارغا، ساتىراشخانىغا، تىككۈچى ئۇستىنىڭكىگە باشلاپ كېتەتتى.

ئايال كىشىنىڭ گۈزەللىكىنىڭ ئۈچ ئۈلۈشى چىرايىدا بولسا، يەتتە ئۈلۈشى پەردازدا دەپ بىكار ئېيتىشماپتىكەن. مەن يېقىندىن بۇيان ئايالىمنىڭ ئىلگىرى بايقىمىغان نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرىنى بايقىدىم. قىزىق يېرى، چىرايىنىڭ گۈزەللىشىشىگە ئەگىشىپ ئايالىمنىڭ مىجەزىمۇ ئۆزگىرىشكە قىلىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ ھازىر كەلسە-كەلمەس ۋارقىراپ ئادەم

قورقۇتمايدىغان، ماڭا ناھايىتى ئەدەب بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، بەزىدە يېڭى توي قىلغان ۋاقىتلىرىمىزدىكىدەك مېھرىبانلىق كۆرسىتىدىغان بولۇپ قالدى. ھەممىدىن مېنى خۇشال قىلغىنى، ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە سۆزلەشنى ئۆگىنىۋاتقىنى بولدى. بىر ئاخشىمى ئۇ ماڭا ئەركىلەپ:

— سىز بەك ئەسكى، شۇنداق يوغان تۇغقان تۇرۇپ ماڭا دېمەپسىز... — دەپ كايىدى.

— كىمدىن ئاڭلىدىڭ، مېنىڭ قانداق تۇغقىنىم بار ئىكەن؟

— ھەممە ئادەم دەۋاتىدۇ، تاجىنسا ھەدەم بەك ياخشى بولۇپ كەتتى، توي-جاي-لارغا مېنى ئالماي بارمايدۇ. ئاچۇيجاڭ، ساجۇيجاڭ، ماچۇجاڭلارنىڭ ئاياللىرىمۇ ماڭا بەك يېقىنچىلىق قىلىدىغان بولۇپ قالدى، دەپپېقىمگە، ئاشۇ تۇغقان بولمىغان بولسا ئۇلار بىزگە مۇشۇنداق قىلامتى؟

خىيالىمغا «گۇپپىدە» تاغامنىڭ سۆزلىرى كېلىپ، پېشانەمگە بىرنى ئۇردۇم. سوپاخۇنكامنىڭ كۆيۈمچانلىقلىرى، باشقا باشلىقلارنىڭ ئارقا-ئارقىدىن ئىشخانامغا كىرىپ ھال-ئەھۋال سوراپ كېتىشلىرى، ئايالىمنىڭ بىردىنلا ئەتىۋارلىق خانىملار قاتارىغا قوشۇلۇپ قېلىشى... ئەسلىدە سەۋەبسىز ئەمەس ئىكەن-دە! بىرەرنگە ئامەت كېلىپ ئەمەل تۇتقان كۈنى ئايالىنىڭ تاراقلاپ كېتىشى ئەسلىدە مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ سەۋەبىدىن بولسا كېرەك! ئويلىغانچە تاغامنىڭ قىلىقىغا ۋە ئادەملەرنىڭ رەزىللىكىگە غەزىپىم كېلىپ، ئۆزۈمنى باسالماي قالدىم. ئەتە چىقىپ سوپاخۇنكامغا

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئېلكتىرونلاشتۇرۇش بىرلىكى
www.uyghurkitap.com



تاغامنىڭ سۆزلىرىنىڭ چاقچاق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ قويماقچى بولدۇم. ئەسلى شۇ خىيال بىلەن خاتىرجەم ئۇخلاپ قالسام بولاتتى، ئەمما ئۇيقۇم كەلمىدى، تۇساتتىن كاللامغا «نېمىشقا بىلمەسكە سېلىپ ئىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرمەيمەن، ئۇلارنىڭ خاتا چۈشەنچىسىنى تۈزىتىشكە ھەرقاچان ئۈلگۈرىمەنغۇ» دېگەن ئوي كېلىپ قالدى. مەن ئاشۇ ئويىنى توغرا تېپىپ خاتىرجەم ئۇيقۇغا كېتىۋاتقىنىمدا كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزۈمنىڭ نەقەدەر ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقىمنى ئەسلا تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدىم.

بىر كۈنى ئاخشىمى ئۆمەر، شاكىر، ئابلىزلار بىلەن شاھمات ئويناۋېتىپ، تاغام ئېيتىپ بەرگەن ھېلقى ئىسمىنى تىلغا ئېلىۋىدىم، شاكىرنىڭ قولى شاھمات تاختىسى ئۈستىدە توختاپ قالدى. بېشىمنى كۆتۈرسەم ئابلىز بىلەن ئۆمەرنىڭ ئاغزىمۇ كاماردەك ئېچىلىپ قاپتۇ.

— ئاشۇ كىشى... راستىنلا سېنىڭ تۇغقىنىڭمۇ؟

خېلى ئۇزۇن جىمجىتلىقتىن كېيىن ئۆمەر دۇدۇقلاۋېراق سورىدى.

— ھەئە، بىر تۇغقان ئاكام، دادا باشقا.

ئاغزىمدىن چىقىۋاتقان گەپكە ئۆزۈممۇ ھەيران قېلىۋاتاتتىم.

— ئىلگىرى... ئەجەب ئاڭلىماپتىكەنمىزغۇ؟

— ئىلگىرى باشقا جايدا تۇرسا، يېقىندا يۆتكىلىپ كەلدى.

مەن قورقمايلا جاۋاب بەردىم. چۈنكى، مەن يېقىندىن بېرى «ئاكام» توغرىسىدا خېلى ئىزدەنگەنىدىم.

ھەممەيلەننىڭ پىكرى چېچىلىپ كەتكەنلىكتىن شاھمات ئويناشقا ھېچكىمنىڭ قولى بارمىدى، خېلىغىچە جىم ئولتۇرۇپ قالدۇق. شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئۈچى بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا باش قاتۇرۇۋاتاتتى.

قىزىق ئىش، مەن يالغان سۆزلەۋېتىپ ۋۇجۇدۇمدا ئىككى «مەن»نىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم. ئىلگىرى ئۇلار بىر ئىدى. قاچاندىن تارتىپ ئايرىلىپ كېتىشتىكىنە؟ ۋۇجۇدۇمدىكى بىرىنچى «مەن» ئاغزىغا كەلگىنىچە بىلجىرلاپ يالغان سۆزلەۋاتقىنىدا، ئىككىنچى «مەن» ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ: «ھە، ئەسلىدە مۇنداق نېمىكەنسەن-دە! يالغان سۆزلەشتىن ئۇيالمامسەن؟» دەيتتى. بىراق، ئۇنىڭ تىترەك ئاۋازى بىرىنچى «مەن»نى توسۇپ قالالمىدى. مەن بارغانسېرى كۈچىيىۋېتىپ ۋۇجۇدۇمنى قاپلىغان رەھىمسىز، يوچۇن كۈچ ئالدىدا ئۆز-ئۆزۈمگە «كىم بىلىدۇ، ئەسلى مېنىڭ ماھىيىتىم مۇشۇنداقتۇ، (ئىككىنچى مەن) پەقەت ئىنسانلار سۈنئىي ھالدا پەيدا قىلىۋالغان ئەدەب-ئەخلاق مىزانلىرىنىڭ سىمۋولىدۇ؟» دەپ تەسەللىي بەردىم.

تۇۋا دېسەم تۇۋا دېگۈم كېلىدۇ: دۇنيا ئۆزگىرىۋاتامدۇ، ئادەملەر ئۆزگىرىۋاتامدۇ ياكى مەن ئۆزگىرىۋاتامدىمەن، ھېچ ئۇقالمىدىم. مەن «مېھرىبانلىق»، «چۈشەننىش»، «ھېسداشلىق»قا تولغان باشقىچە بىر مۇھىت ئىچىگە كىرىپ قېلىۋاتاتتىم. كىشىلەر مېنى ئۇماق بالىنى ئەركىلەتكەن-

دەك ئەركىلىتىشەتتى، ماختاپ كۆككە
ئۇچۇراتتى، ماڭا پۇل قوياتتى، مەن ئەسلى
بۇ ئېگىز بىنانىڭ قاراڭغۇ ئۆيلىرىدە، تام
ياقىلىرىدا يۈگۈرۈپ يۈرىدىغان چاشقان
ئىدىم، ئاشۇ كىشىلەر مېنى يولۋاسقا
ئايلاندۇرۇشتى.

مەن تۇنجى قېتىم هاراق ئىچىپ
مەست بولۇپ، ئەتراپىمىزدىكى خۇشامەتلىك
چىرايلارنىڭ بىرىنى قويماي تۈرلۈك هايۋانلار-
نىڭ چىرايىغا ئوخشىتىپ مەسخىرە قىلىۋاتقان
چېغىمدا، ئاشۇ چىرايلار ماڭا تېخىمۇ شېرىن
تەبەسسۇملىرى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشتى.
مېنىڭ ئوخشىتىشلىرىم نەچچە كۈنگىچە
ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپ يۈردى، هەتتا
بەزىلەرگە لەقەم بولۇپ سىڭىپ كەتتى.

مەخسۇس باشلىقلارنىڭ خانىملىرى بىلەن
بېرىش-كېلىش قىلىدىغان، ئىدارە بويىچە
خىزمەت ئىلغارى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە
ئەزاسى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار
پەن-تېخنىكا خادىمى... ۋەهاكازالارنى
سايلاشتا داۋاملىق باشلىقلارنى كۆرسىتىپ
چېكىڭ تۇرۇۋالىدىغان، ئىشخانىدا بىرەرى
قاتتىقراق يۆتىلىپ قويسىمۇ باشلىقلارغا
يەتكۈزىدىغان بىر ئايال خىزمەتدىشىمنى
يوقىلاڭ ئىشنى باهانە قىلىپ راسا تىللىۋال-
دىم، ئادەتتە ئۇنىڭدىن ئۆلگۈدەك قورقىدى-
غان كىشىلەرنىڭ هەممىسى ماڭا بولۇشتى.
ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى هەق سۆزىنى ئاڭلاي-
دىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. تېخى ئۇنىڭ
بىلەن بىر بۆلۈمدە ئىشلىمەيمەن دەپ
دەۋا قىلسام مېنى باشقا بۆلۈملەر تالاشقىلى
تۇردى.

ئىدارىمىزدە ياش، گۈزەل بىر تۇل
ئايال بار ئىدى. ئىلگىرى هەر قېتىم
ئايالىمدىن دەشنام يېگەن چاغلىرىمدا ئۇنى
ئويلايتتىم، ئاخشىمى ئۇنى ئويلاپ يېتىپ
ئاجايىپ چۈشلەرنى كۆرەتتىم. ئىدارىدە
بولسا ئۇ ماڭا كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سېلىپ
قويمايتتى. كىشىلەر ئۇنى نەزىرى ئۈستۈن،
نام-ئەمەلىڭ بولمىسا ئۇنى ئىندەككە
كەلتۈرەلمەيسەن، دېيىشەتتى. بىر كۈنى
مەن ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىۋىدىم، ئۇ ماڭا
قاراپ تۇرۇپ كېتىپ «كەچ سائەت ئوندا
باغچىنىڭ ئارقىسىدىكى كوچىدا ئۇچرىشايلى»
دېدى. شۇ هامان قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم.
ئاخشىمى ئۇ دېگەن يەرگىمۇ بارمىدىم.
ئۇ هازىر مېنى كۆرسە يىراقتىنلا ئاق
قۇنىڭكىدەك ئۇزۇن بوينىنى سوزۇپ قاراپ
كېتىدۇ.

ئىنسان ئۇچۇن ئەتىگەندىن كەچكىچە
خۇدايىم بەرگەن ئورۇندۇقتىن قوپماي
ئولتۇرۇشنىڭ ئۆزى بىر جازا. بۇ ئورۇندۇققا
ياپياش ۋاقتىلىرىمىزدا ئۆز ئىختىيارلىقىمىز
بىلەن باغلىنىمىز، قېرىپ ماجالىمىزدىن
كەتكەندىلا ئۇنىڭدىن ئاجرىلالايمىز. بىراق،
ئۇ چاغدا بىزنى كۈتۈپ تۇرىدىغىنى كېسەل
كارىۋىتى بولىدۇ. شۇمۇ هايات بولدىمۇ!
يېقىندىن بېرى تولاراق شۇ هەقتە ئويلاي-
دىغان بولۇپ قالدىم. يېڭى بۆلۈمگە
يۆتكىلىپ چىققان كۈنۈملا «قەغەزگە بەك
ئۇزاق قادىلىپ ئولتۇرسام بېشىم ئاغرىيدۇ»
دېۋىدىم، بۆلۈم باشلىقى كۈلۈپ كېتىپ:
«ئۇنداق بولسا پات-پات تالا-تۈزگە چىقىپ
دەل-دەرەخلەرگە، يىراقلارغا قاراپ نېرۋى-
ڭىزنى ئارام ئالدۇرۇڭ» دېدى.

ئىچىمدىكى هېلىقى ئاۋازمۇ: «ئون

يىل بىكارغا ئىشلىدىڭ، ئىشلىگىنىڭنى كەم كۆردى، يەنىلا ئادەتتە جېنىنى ئۇپراتماي، ۋاقتى كەلگەندە ئەمەل بىلەن ئۇنۋانىنى پۇلغا سېتىۋالىدىغانلار پايدا ئېلىۋاتامدۇ» دەپ غودۇرىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى سائەت توققۇز بولا-بولمايلا نېرۋامنى ئارام ئالدۇرغىلى چىقىپ كېتىدىغان بولدۇم.

بىر كۈنى ئىدارىنىڭ بىقىنىدىكى قارىياغاچلىق سايە يولدا ئىدارە باشلىقىمىز ئۇچراپ قالدى. قارىغاندا ئۇمۇ مېڭىسىنى ئارام ئالدۇرۇۋاتقان بولسا كېرەك. ئىككىمىز قىزغىن ئەھۋاللىشىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ مەندىن:

— ئەتىگەندە بىر ياققا بېرىپ كەلگەن ئوخشىمامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئاكام جىددىي ئىش بىلەن چاقىرتىپتىكەن، شۇ يەردىن كېلىشىم. ئۆزى بېيجىڭغا يىغىنغا ماڭدى. ئايرودرومغا ماڭغاچ، مېنى ماشىنىسىدا ئاۋۇ يەرگىچە ئەكىلىپ قويدى.

شۇ گەپلەر مېنىڭ ئاغزىمدىن چىقىۋاتىدۇ. يالغان سۆزلەشكە مۇنچىۋالا ئېپىم بارلىقىنى ئىلگىرى زادى ئويلىمىغانىكەنمەن.

— يېڭى بۆلۈمگە كۆنۈپ قالدىڭىزمۇ؟ ھە، شۇنداقمۇ؟ بۆلۈم باشلىقلار ئوبدان ئادەم، كۆڭۈلچەك. ھە راست، يېقىندا ئۇنۋان باھالاش بولماقچى، ھەرجەھەتتىن تەييارلىق قىلىپ قويۇڭ. خىزمەتنى تىرىشىپ ئىشلەۋاتىسىز، كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز، ئەڭ ياخشىسى مۇكاپاتلانغان تەتقىقات نەتىجىسى بولۇشى كېرەك، ئىلمىي ئەسەر بولسىمۇ بولىدۇ، يەنە كېلىپ ئىككىنچى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك. سىزنىڭ...؟

بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى سىستېما بويىچە خېلىلا تەسىر قوزغىغان بىر پارچە تەتقىقات ماقالەم ئۈچىنچى دەرىجىلىك باھالىنىپ قالغانلىقى تۈپەيلى ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋاندىن قۇرۇق قالغانىدىم. مەن شۇ چاغدا مۇشۇ باشلىقىمىزنىڭ يېنىغا ئەھۋال ئېيتقىلى كىرسەم، ئۇ «ئەھۋالنى ئۇنۋان باھالاش ئىشخانىسىدىكىلەرگە ئېيتىڭ، بۇ ئىشلاردىن مېنىڭ خەۋىرىم يوق» دەپ، مېنى قۇرۇق ئىشخانىغا تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتكەنىدى.

— ھە... كېرەك يوق، كېرەك يوق. ماۋۇ ئىشنىڭ ئوڭدىن كەلگىنىنى قاراڭ، ھېلىقى ئىدارىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئوتتۇز يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان پەن-تېخنىكا مۇكاپاتىنىڭ باھالىشى دۈشەنبە كۈنى باشلىنىدۇ. شۇنىڭغا ئۈلگۈرتۈپ بىر نەرسە يېزىڭ، چېسلاسىنى سەل بۇرۇنراق — ئالتىنچى، يەتتىنچى ئاي قىلىپ يېزىپ قويسىڭىزلا بولىدۇ، قالغىنىغا بىز بار.

— بۇ... قانداق بولار؟ ئۈلگۈرتەلمەسمەنمىكىن... ئىككى كۈن ئىچىدە قانداقمۇ...

— ماتېرىياللاردىن پايدىلانامسىز، ماتېرىياللاردىن! بولمىسا شۇنچە جىق كەسپىي ماتېرىياللارنى نېمىدەپ يىغىسىز؟ مۇھىمى تۇتقان تېمىڭىز چوڭراق، كىشىلەرنى جەلپ قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك...

مەن ئۇنىڭ ياخشى نىيىتىگە رەھمەت ئېيتىشنىمۇ ئۇنتۇپ، كۆزۈمنى چەكچەيتكىنىمچە تۇرۇپ قالدىم.

ئاخشىمى بېشىمنى ئالىقانلىرىمنىڭ ئۈستىگە قويۇپ تورۇسقا قاراپ ياتقان

چېغىمدا خىيالىمغا ئايالىمنىڭ ئازغىنا مائاشىمنى ساناپ ئېلىۋاتقان چاغدىكى قەھرلىك ھالىتى، تاغامنىڭ «تېخىچە مۇشۇنى كۆرۈۋاتامسىلەر؟» دەۋاتقان چاغدىكى مەنستىمەسلىك بىلەن قىيسايغان قىلىن كالپۇكلۇق ئاغزى، ئوغلۇمنىڭ باشقا بالىلارنىڭ كېچىك ۋېلسىپىتىنى مىنىمەن دەپ تالىشىپ يىغلاشلىرى... كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئادەم ياشىشى، ياشاش ئۈچۈن شارائىتقا ماسلىشىشى كېرەك، مەيلى ئۇ ھەرقانچە ئالىيجاناب ئادەم بولۇپ كەتسىمۇ.

مەن كېچىچە ماتېرىيال ئاختۇرۇپ چەت بىر ناھىيەدىكى بىر نامسىز تېخنىكنىڭ ماقالىسىنى تاللىۋالدىم. ئۇ بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى كەسپىي پايدىلىنىش ماتېرىيالىغا بېسىلغان ماقالە ئىدى. قاراشلىرى يېڭى ھەم ئۆزگىچە، خېلىلا سەۋىيىلىك بۇ ماقالە ئۈچ يىلدىن بۇيان خۇددى ئۆز ئىگىسىگە ئوخشاش ھېچبىر ساداسىز ياتاتتى.

ئۇنى پارچىلاپ-بۆلۈپ نەدىكى ئەرزىمەس قۇرۇق گەپلەرگە زورلاپ چاتقۇم كەلمىدى. شۇ پېتى چىرايلىق كۆچۈرۈپ چىقتىم ھەتتا ماۋزۇسىنىمۇ ئۆزگەرتمىدىم. پەقەتلا بېشىغا كۆرۈنەرلىك قىلىپ ئۆز ئىسمىمنى يازدىم. ئىسمىمنى يازغۇچە قولۇم تىترىمىدى، يۈزۈم قىزارمىدى. پەقەت كۆڭلۈم سوغۇق شامال سوقۇپ تۇرغان قۇپقۇرۇق دالىغا ئوخشاپ قالدى.

كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ئىسسىق ياز ۋە ئىللىق كۈز ئۆتۈپ قىش پەسلى يېتىپ كەلدى. دېكابىر كىرىشى بىلەنلا توختىماي قار يېغىشقا باشلىدى. قىشنىڭ لەپىلدەپ قار يېغىۋاتقان ئۇزاق ئاخشاملىرىدا ئىسسىق ئۆيلەر ۋە زاللاردا ئولتۇرۇش، زىياپەت، كۆڭۈل ئېچىشلار بولۇپ تۇردى. ھەر خىل ياشتىكى ئەرلەر كېچە-كېچىلەپ پوخادىن چىققۇدەك ھاراق ئىچىشتۇق، ماختىنىشتۇق ۋە لاپ ئېتىشتۇق، كەيپىمىز كۆتۈرۈلگەندە ئاياللارنىڭ بەللىرىدىن تۇتۇپ پىرقىراپ تانسا ئويناشتۇق، پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇپ ساراڭ بولۇشتۇق، ياشىدۇق. ئەگەر ئاندا-ساندا مۇشۇنداق پوخادىن چىقىۋالىدىغان پەيتلەر بولمىسا، ئادەم «ۋاڭگىدە» يېرىلىپ پارتلاپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

بۈگۈن يىلنىڭ ئاخىرقى كۈنى. كەچتە چوڭ زالدا ئىدارە قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئوتتۇز يىللىقى ۋە يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن كەچكى كۆڭۈل ئېچىش ئۆتكۈزۈلمەكچى.

مەن ئىشكاپ ئەينىكى ئالدىدا تۇرۇپ ئايالىم بۈگۈنگە ئاتاپ تىكتۈرۈپ بەرگەن، بەدىنىمگە چىپپىدە كەلگەن توق رەڭلىك شىم-كاستيۇمۇمغا، روھىي كەيپىياتىمغا ئالاھىدە ماس كەلگەن ئوچۇق رەڭلىك گالستۇكۇمغا كۈلۈمسىرەپ نەزەر سالدىم. ئادەم ئەسكىسى ئەمەس كىيىم ئەسكىسى، دەپ بىكار ئېيتىمىغان. يېڭى كىيىم تەقى-تۇرقۇمنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى، گەرچە ماھىيىتىم ئۆزگەرمىگەن بولسىمۇ. ئەمما ئىنسان ھامان شەكلەن نەرسىلەرگە ئالدىنىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۆزگەرمەس تەبىئىتى. «ئەمەل»، «ئۇنۋان» دېگەندەكلەرمۇ خۇددى مۇشۇ بىر قۇر كىيىمگە ئوخشاش شەكلەن نەرسە. ئۇنى ھامان بىر كۈنى ئۇچاڭدىن سېلىپ تاشلاشقا مەجبۇر بولىسەن. ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن بار ۋاقتىدا ئۇنىڭدىن ئارمانسىز بەھرىمەن بولۇش كېرەك.

www.uyghurkitap.com

ئۆزۈم ھارىقىدىن ئىككى رومكا ئىچىۋېلىپ زالغا كىرىپ كەلگىنىمدە كىشىلەر زالغا لىققىدە تولۇپ ئولتۇرۇپ بولۇشقانىدى. نەدىن كەلگەن كۈچكىن، قەددىمنى رۇسلاپ سالماق قەدەم بىلەن زالنىڭ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتتۈم. قەدەم تىۋىشىم ئۆزۈمگە مۇزىكىنىڭ رىتىمىدەك ئاڭلىنىپ كەتتى. نۇرغۇن چىرايلار ئاپتاپپەرەستەك مەن تەرەپكە قايرىلدى.

— كېلە، كېلە، بۇياققا كەل، ساڭا ئورۇن ئېلىپ قويدۇق!

— كېلىڭ، بىزنىڭ يېنىمىزدا ئولتۇ-رۇڭ...

مەن مەغرۇرانە كۈلۈمسىرەپ باش لىڭشىتىپ ئۇلارغا ئېھتىرام بىلدۈردۈم، ئەمما كۆڭلۈمدە بىزارلىقمۇ، ئىچ ئاغرىتىشقىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل تۇيغۇ پەيدا بولدى. قەدىمىنى توختاتمىدىم. تۆردىكىلەر-دىن بىرنەچچىسى ئورنىدىن تۇردى. قالغانلىرى چىرايىغا ئىللىق كۈلكە يۈگۈرتۈپ:

— مەرھەمەت، مەرھەمەت... — دېيىشتى.

مەن ئىدارە باشلىقىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردۇم. سوپاخونكام ئۈستىلىق بىلەن بىرنەچچە ئېغىز چاقچاق قىلىپ ماڭا بولغان ئالاھىدە يېقىنچىلىقىنى ئىپادىلىدى. مەنمۇ ئۇنىڭ سۆزىگە چاقچاق بىلەن جاۋاب قايتۇردۇم. چاقچىقىم ئانچە قاملاشمىسىمۇ ئەتراپتىكىلەر قاقاقلاپ كۈلۈشتى. چاچلىرى ئۇچچەك ئاقىرىپ كەتكەن ماچۇجاڭ دولامغا شاپىلاقلاپ:

— بولىدىغان يىگىت جۇمۇ، شۇغىنىسى ئىدارىمىزدە مۇنداق ئىقتىدارلىق ياشلار ناھايىتى ئاز-دە! — دېدى ۋە قولىقىمغا پىچىرلاپ: — سىزگە قوشلاپ خۇش خەۋەر بار جۇمۇ، ئۇنىۋانىڭىز تەستىقلىنىپ بولدى، يەنە يات ئارىدا كوجاڭمۇ بولۇپ قالىدىغان-دەك تۇرىسىز. ھە، ئەمدى بىزنى قاچان مېھمان قىلىسىز؟ — دېدى. ئۇ ئاخىرقى سۆزىنى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپرەك قىلغاچقا، سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاڭلاپ تەڭلا:

— ھە راست، بىزنى قاچان مېھمان قىلىسىز؟

— بىزنى ئۇنداق-مۇنداق مېھمان قىلىپلا قۇتۇلمەن دېمەڭ، جۇمۇ!

— مۇھاجىرلار مېھمانخانىسىنىڭ رېستورانىغا بارىمىز!

— ياق، «كارا OK» لىق رېستورانغا، «كۆك ئاسمان» رېستورانىغا! — دېيىشتى.

مەنمۇ توختىماي:

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە بېشىم بىلەن... — دەپ تۇردۇم.

خۇلاسە سۆزىدە باشلىقىمىز مۇكاپاتلانغان ماقالەمنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى، مېنى باش چۆكۈرۈپ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىدارىمىزگە ۋە سىستېمىمىزغا شان-شەرەپ كەلتۈردى، دەپ تەرىپلىدى.

ئىدارىگە شان-شەرەپ كەلتۈرگىنىم، يات ئارىدا ئۇنىۋانغا ۋە ئەمەلگە ئېرىشىدىغان-نىم ئۈچۈن شۇنچىلىك كۆپ قەدەھلەر كۆتۈرۈلدى، شۇنچىلىك تەسىرلىك قەدەھ سۆزلىرى سۆزلەندى، كۆپىنچە ھاراقنىڭ ئورنىغا گازلىق سۇ ئىچكەن بولساممۇ، ئۆزۈمنى ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك سېزىشكە باشلىدىم، ھەتتا ئۆزۈمنىڭ ھەقىقەتەن قالتىس ئادەملىكىمگە، راستىنلا

ئاجايىپ ئىشلارنى قىلىۋەتكىنىمگە ئىشىنىپمۇ قالدىم.

ئەلۋەتتە، تانسىدىمۇ ئەڭ چىرايلىق قىزلار ماڭا مەنسۇپ بولدى. دادىلىراقلىرى ئۆزلىرىلا كېلىپ مېنى تانسىغا تارتىشتى. بىر قېتىم ھەتتا ھېلىقى چىرايلىق تول چوكان بىلەن ئىدارىمىزگە يېڭىدىن تەقسىم قىلىنىپ كەلگەن، ئەڭ يېڭى مودىدا ياسىنىپ يۈرىدىغان قىز بىرلا ۋاقىتتا ئالدىمغا كېلىپ قالدى. قانداق قىلىشىمنى بىلمەي تۇرسام، ھېلىقى قىز بىر ئېغىز چاقچاق بىلەنلا رەقىبىنى قاچۇرۇپ مېنى قولغا كەلتۈردى. كېيىنكى تانسىلارنى مەن ئاساسەن ئاشۇ قىز بىلەن ئويناپ چىقتىم.

ئۇ ماڭا يېقىن چاپلىشىپ كۆزلىرىمگە دادىللىق بىلەن تىكىلەتتى. ئاجايىپ ئۆتكۈر، مەنىلىك چاقچاقلىرى بىلەن مېنى مەست قىلاتتى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئايالىمنىڭ كۆزلىرىدە ئەزەلدىن ئۇچرىتىپ باقمىغان نۇرغۇن يېڭى نەرسىلەرنى بايقىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى تېپىشماققا، سېھىرلىك دېڭىزغا ئوخشايتتى. مەن ئۇنىڭدا غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈشنى ياكى ئۇنىڭغا ئەبەدىي غەرق بولۇپ كېتىشنى ئويلىدىم.

ئۇ زالنىڭ نەقەدەر ئىسسىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن زارلاندى. مەن ئۇنى چىقىپ ئايلىنىپ كىرىشكە تەكلىپ قىلدىم. ئىككىمىز نۇرغۇن پەلتولارنىڭ ئارىسىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن پەلتولىرىمىزنى ئىزدەپ تېپىپ سىرتقا چىقىپ كەتتۇق.

مۇزدەك سوغۇق ھاۋا ئىككىلىمىزنى خېلىلا سەگىتتى، ئەمما يۈرەكلىرىمىزدە يالقۇنجاپ تۇرغان ئوتنى ئۆچۈرەلمىدى. ئۇ بەدىنىگە چىڭ چاپلىشىپ كەلگەن قاما ياقىلىق پەلتو ئىچىدە تىترىگىنىچە مېنى مەھكەم قولتۇقلىۋالغانىدى. قاما تۇماق ئاستىدىكى سۈرمە سۈرۈلگەن كۆزلىرى يۇلتۇزلارنىڭ سۇس يورۇقىدا ئاجايىپ يوغان ھەم چىرايلىق كۆرۈنەتتى.

ئىشخانا بىناسىنىڭ ئارقىسىدىكى قاراڭغۇلۇقتا ئىككىمىز خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغان-



www.uyghurkitap.com

دەك توختاپ قالدۇق. ئۇ مۇزدەك سوغۇق تامغا يۆلىنىپ ماڭا تەلمۈرۈپ قارىدى. مەن ئۇنىڭغا ئاستا يېقىنلاشتىم. سوغۇقتىن تاتارغان يۇمران مەڭزىنى خۇددى ئىسىل سەنئەت بۇيۇمىنى سىلىغاندەك سىلىدىم. يۈزىنى ئالىقانلىرىمنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ سەل يۇقىرىغا قاراتتىم، قىپقىزىل بويالغان لەۋلەرگە سۆيۈش ئۈچۈن بېشىمنى ئەگدىمۇ، بىردىنلا توختاپ سورىدىم:

— مەن تېخى سىزنىڭ ئىسمىڭىزنىمۇ بىلمەيمەن؟

تەكرارلانماس بىر دەقىقە، ئاجايىپ شېئىرىي كەيپىيات كىمدۇر بىرىنىڭ ئاۋازى بىلەن بۇزۇلدى.

— ها-ها-ها، قاراڭلار بۇ قاچقۇنلارنى! بىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر جۇمۇ!

چىرايلىق ياش چوكان بىلەن يەنە بىر قىز كۈلۈشۈپ چىرقىراشقىنىچە ئارقىمىزدىن يېتىشىپ كەلدى.

— تۇرسۇن، گۈلى، يۈرۈڭلار، كوچىغا چىقىپ يېڭى يىللىق چىراغلارنى كۆرۈپ كېلىمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن بىرەر ياخشى يەرنى تاپىمىز...

ئۇلار ئىككىمىزنى سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى. مەن ئىچىمدە پۈتۈن شەھەردە توك توختاپ قېلىشىنى تىلىدىم. بىراق چوڭ كوچىغا چىقىپ قارىساق، ئەتراپ سان-ساناقسىز رەڭدار چىراغلارنىڭ نۇرىدا ئاجايىپ دۇنياغا ئوخشاپ قاپتۇ. مۇشۇنداق بىر خىيالىي دۇنيادا، هۆر-پەرىلەردەك گۈزەللەرنىڭ هەمراھلىقىدا بىرنەچچە سائەت بولسىمۇ ياشاش ھەممىلا كىشىگە ئۇچراۋېرىدىغان ئامەت ئەمەس. كىم بىلىدۇ، كېلەر يىلى يېڭى يىلنى نەلەردە، قانداق ئۆتكۈزىمەنكىن...

دەرۋازا تۈۋىدە شاكىر ئاكا بىز تەرەپكە قاراپ تۇرغانىكەن، قارىغاندا ئۇ مېنى ساقلاۋاتقان بولسا كېرەك. ئەمما ئۇ يېنىمدىكى قىزلارنى كۆرۈپ ئۈمىدسىزلەندى بولغاي، ئالدىمغا كەلمەي دەرۋازا بېشىدا ئۆچۈپ-يېنىپ تۇرغان چىراغلارنى تاماشا قىلىۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالدى. ئۆتىمىز ئۇنىڭ ئالدىدىن چاقچاقلىشىپ، كۈلۈشۈپ ئۆتۈپ كەتتۇق. بىرنەچچە قەدەم ماڭا-ماڭماي يەر ئاستى ئۆتۈشۈش يولىنىڭ ئاغزىدا بىزگە كەينىنى قىلىپ تاماكا چېكىپ تۇرغان يەنە بىر تونۇش گەۋدە كۆزۈمگە چېلىقتى. ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئالىي مەكتەپ دىپلومىغا ئېرىشكەن بۇ كېلىشكەن يىگىت كەسپىي بۆلۈملەرنىڭ بىرەرىگە يۆتكىلىش كويىدا ماڭا ئالاھىدە يېقىنچىلىق قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ تېخى بۈگۈن مېنى كۆڭۈل ئېچىشتىن كېيىن بىللە ئايلىنىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلغان... ئۇ بۇرۇلۇپ قاراپ ماڭا مەنىلىك كۈلۈپ سالام قىلدى. مەنمۇ جاۋابەن مەنىلىك ھىجىيىپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتىم.

ئۈرۈمچىنىڭ يېرىمىنى پىيادە ئايلىنىپ، چىراغلىرى ئۆچۈپ-يېنىپ تۇرىدىغان بىر كاتتا كېچىلىك بەزمىخانىدا يۇخادىن چىققۇچە تانسا، دىسكو ئويناپ پۇللىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ماگىزىنلارنىڭ دېرىزىسىدىكى مودىلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان گۈزەل، ئاچكۆز خوجايىنىمنىڭ چۆنتىكىگە تاشلاپ بېرىپ، تاڭ ئاتاي دېگەندە ھېرىپ-ئېچىپ ئۆيگە قايتىپ كەلسەم شاكىر ئاكا مېھمانخانىدىكى سافادا

مېنى ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ خېلىلا تەڭشىلىپ قالغانىكەن، مېنى كۆرۈپلا قۇچاقلاپ بوينۇمغا گىرە سېلىپ، مۈرىلىرىمگە شاپىلاقلاپ ئاسمانغا ئۇچۇرۇپ ماختاشقا باشلىدى. گېپىنىڭ ئۇرانىغا قارىسام، چوڭ ئوغلىنىڭ ئىدارىگە ئورۇنلىشىشىغا ياردەم قىلساڭ، دېمەكچىكەن. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەندىن كېيىن ئۇنداق-مۇنداق ئىشلارنى ياراتماي، چوڭغا ئېرىشەلمەي، ئەمدىلىكتە جەمئىيەتتىكى بولار-بولماس بالىلار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. يېقىندىلا تېخى خروئىن چېكىدىغانلار بىلەن ئارىلىشىپ قېلىپ بىرەر ئايدەك قاماقتا يېتىپ چىققىنى ھېچكىمگە سىر ئەمەس ئىدى. مەن ئۇنىڭغا قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن، دېدىم. شاكىر ئاكام خۇشال بولۇپ كېتىپ «ئاشۇ بالىنىڭ غېمىدىن قۇتۇلدۇرساڭ سېنىڭ ئۈچۈن جېنىمنى پىدا قىلىشقا رازىمەن، ھازىرچە ماۋۇ ئاز بولسىمۇ كۆڭلۈم» دەپ يانچۇقىدىن بىر باغلام پۇلنى ئېلىپ شىرە ئۈستىگە قويدى. شىرەدە بىر باغلام پۇل، ئۇ بىرنەچچە مىڭ ياكى بىرنەچچە يۈز يۈەندۇ، ئىشقىلىپ، مەن ھازىرغىچە ئۇنچىلىك كۆپ پۇلنى قولۇمغا ئېلىپ تۇتۇپمۇ كۆرگىنىم يوق. ئۇنىڭغا رەڭلىك تېلېۋىزوردىن بىرى ياكى چەت ئەلنىڭ ئايالچە ئېسىل پەلتوسىدىن بىرى كېلىشى مۇمكىن... بىراق شاكىر ئاكام مۇشۇنچىلىك پۇلنى قانچە تەستە يىغقاندۇ! كۆز ئالدىمغا باشقا نەرسە ئەمەس، شاكىر ئاكىنىڭ بىر چاغلاردا تۇتۇپ يۈرگەن تاماق قاچىسى كەلدى. ئىلگىرى ئۇنىڭ ئايالى يىراق بىر جايدا ئىشلىگەچكە، چۈشتە شاكىر ئاكا بالىلىرىغا يوغان بىر تۈنكە قاچىدا ئاشخانىدىن تاماق توشۇيتتى. كونىراپ سىرى قالمىغان، پاختا تىقىپ قويۇلغان تۆشۈكلىرىدىن تاماقنىڭ سۈيى تېمىپ تۇرىدىغان بۇ قاچا شۇ چاغدا ئىدارە بويىچە مەشھۇر ئىدى. باشقىلارنىڭ قاچا توغرىسىدىكى چاقچاق، ياپتا گەپ، مەسخىرىلىرىگە ئۇ پەقەت كۈلۈپلا قوياتتى. ئۇ دائىم ئاي ئاخىرىدا يىگىرمە ئوتتۇز يۈەن قەرز سورايتتى. مائاشنى ئالغان كۈنى قەرزىنى قايتۇرغىلى يېنىمغا كىرگەندە: «سىلەر ياش بالىلار مەندىن ساۋاق ئېلىڭلار، بالا دېگەننى خۇدايىم بەردى دەپ تېپىۋەرسە بولمايدىكەن، مانا ئەمدى، بۇ بالىلارنى باقمىساق تېخى، ئاتا-ئانىلارغا بەش-ئون يۈەن ئەۋەتمىسەك تېخى...» دەيتتى. قاچان قارىسا كىچىكلىتىپ ئۆزگەرتىلگەن كىيىملەرنى كىيىپ يۈرىدىغان، ئەمما بىر-بىرىدىن كەپسىز ئاشۇ بالىلار ئەمدىلىكتە چوڭ يىگىت، چوڭ قىزلارغا ئايلانغانىدى. شاكىر ئاكا بىلەن ئايالى بۈگۈنكى كۈندە ئاشۇ بالىلارنىڭ ھەر بىرىگە ئون مىڭ يۈەنلەپ پۇل خەجلىمەي ئۇلارنى قولدىن چىقىرالمايتتى.

ۋۇجۇدۇمدىكى ئىككى «مەن» بىر-بىرىنىڭ گېلىنى بوغۇشۇپ جان تىكىپ ئېلىشماقتا ئىدى.

— مۇشۇ قەدەمنى باسما! باشقىلارنىڭ رىزقىغا چاڭ سېلىپ ئۆگىنىپ قالساڭ، ئۆزۈڭنى تاپالمايسەن! — بىر كۈچلۈك ئاۋاز شۇنداق خىتاب قىلاتتى. خىرقىراق، زەئىپ يەنە بىر ئاۋاز ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە:

— ئەخمەق! تەييار پۇل ئالدىڭغا

كەلدى، تېز يانچۇقۇڭغا سالساڭچۇ! — دېيتتى.

پۇت-قوللىرىمدىكى تىترەكنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىشقا باشلىدىم.

— بولدۇ، شاكىر ئاكا، ئۆمرۈمدە بىر ياخشى ئىش قىلىپ قوياي. خاتىرجەم بولۇڭ... ماۋۇ پۇلنى يانچۇقىڭىزغا سېلىپ قويۇڭ. بىز بىر-بىرىمىزنى بىلىشمىز، بىر تۇغقاندەك بولۇپ كەتكەن ئادەملەرمىز...

شىرەنىڭ ئۈستىدە تۇرغان پۇلنى ئىتتىك ئېلىپ ئۇنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋەتتىم.

— ئاھ! ھېچ بولمىسا يېرىمىنى ئېپقالمامسەن! — ھېلىقى زەئىپ ئاۋاز بوغۇلۇپ چىرقىرىۋەتتى.

قولۇمنى ئىتتىك تارتىۋېلىپ ناھايىتى قىيىن ئىشتىن بىرنى ئورۇندىۋەتكەندەك، ھاسىراپ مادارىمدىن كەتكىنىمچە سافاغا يىقىلدىم. ھېلىمۇ شاكىر ئاكا ئارتۇقچە زورلىمىدى. كۆزۈمگە بىردەم قاراپ تۇرۇپ كېتىپ بىردىنلا يىغلىۋەتتى:

— ئۇكام تۇرسۇن، مەن بۇ دۇنيادا ئىنسابلىق ئادەم قالمىدىمىكىن دەپ ئويلىۋىدىم، ھېلىمۇ بار ئىكەن. راستىنى ئېيتسام مەن خۇداغا ئىشەنگەن ئەمەس، ئەگەر خۇدا بولىدىغان بولسا بۇ ئىشنى كۆرۈپ تۇرغاندۇ، دەيمەن. مەن بەش بالامنىڭ ھەققىدە خۇدادىن ساڭا ياخشىلىق تىلەيمەن...

مەن كېيىنكى كۈنلەردە، خۇداغا ئىشەنمەيدىغان شاكىر ئاكىنىڭ مۇشۇ دۇئاسىنى نەچچە قېتىم ئېسىمگە ئالدىم.

ئاشۇ يېگى يىل ئاخشىمىدىن باشلاپ يا ئىشخانىدا، يا ئۆيدە كۆڭلۈم ئارام تاپماس بولدى. ئىشخانامنىڭ ئەتراپىدا گۈلى ئىسسىملىك ھېلىقى قىز بالىنىڭ تاراقلاپ ماڭغان ئاياغ تىۋىشى، تەسىر كۈچىگە باي جاراڭلىق كۈلكىسى ئاڭلىنىپلا تۇراتتى، بەزىدە ئىشخانامنىڭ ئىشىكى تۇيۇقسىز ئېچىلىپ ئۆزىلا كىرىپ كېلەتتى، ئەتراپىمدا چۆرگىلەپ چاقچاق قىلاتتى، كۈلەتتى، قەلىمىمنى ياكى كۆزەينىكىمنى تىقىپ قويۇپ بىر ھازا ئىزدىگىلى سالاتتى. يېپەكتەك پارقىراق، قاپقارا، قويۇق چاچلىرى ئەتراپىمدا يەلپۈنەتتى، خۇددى كلاسسىك شېئىرلاردا تەسۋىرلەنگەندەك مەن ئاشۇ چاچلارغا باغلىنىپ قالغانىدىم. ئاخشىمى ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرغان چىرايى، چاچلىرى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. ئايالىمنىڭ كوتۇلداشلىرى، ئوغلۇمنىڭ قەغشلىك قىلىشلىرى قۇلىقىمغا كىرمەيتتى، بەزىدە خىيالىمدىكى ئۇ پەرىشتە سۈپەت سىيمانى كۆز ئالدىمدىكى ھارغىن چىراي ئايالىمغا سېلىشتۇرۇپ تەلەيسىزلىكىمگە ئۆكۈنەتتىم. سوغۇققان بولۇپ قالغان چاغلىرىمدا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر كۈنلەردە يوق بولۇپ كېتىدىغان چۈشتەك خىيالىي كۆرۈنۈشلەرغۇ، ماڭا ئەسقاتىدىغىنى يەنىلا مۇشۇ كوت-كوت خوتۇن بىلەن ئوغلۇم، دەپ ئويلايتتىم. ئەتىسىلا بۇ خىياللىرىمدىن ئەسەر قالمايتتى. بىر كۈنى يوقلاڭ بىر ئىش سەۋەبىدىن ئايالىمنى سىلكىۋەتتىم. ئايالىم مېنى «چۈشېك» دەپ تىللىۋىدى، مانا ئەمىسە دەپ ئاغزىغا كېلىشتۇرۇپ بىركاچات سالدىم. ئۇ ئاغزىنىڭ بۇرجىكىدىكى قاننى سۈرتكىنىچە، مېنى ئېغىزغا ئالغۇسىز ئەشەددىي سۆزلەر بىلەن تىللاپ بالىنى ئېلىپ يامانلاپ ماڭدى. مەن «بالىنى

قويۇپ ئۆرۈك نەگە بارساڭ بار. كۆزۈمدىن يوقال، سەندەك خوتۇنغا بېرىدىغان بالا يوق» دېدىم. ئىككىمىز ئەتىسى سوتقا بېرىپ ئاجراشماقچى بولدۇق. مەن كېچىچە ئۇخلىماي، بۇنىڭدىن كېيىنكى بەختلىك تۇرمۇشۇمنىڭ خىيالىي كۆرۈنۈشلىرىنى سىزىپ چىقتىم.

ئەتىسى باشلىقىمىزنىڭ ئالدىغا ئاجرىشىش توغرىسىدا دەۋا قىلىپ كىردىم. مەن ئايالىمنىڭ تۈرلۈك ئەيىبلىرى، ماڭا قىلغان ئەتكەنلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىۋاتقىنىمدا، ئۇ سۆزلىرىمنى ئەستايىدىل ئاڭلىمايلا قالماستىن، كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ كۈلۈپ:

— ئوكام، بىزدەك چوڭلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قوي، كېپىنەكتەك شوخ، چىرايلىق ئاياللار ئاشنا بولۇشقىلا لايىق، خوتۇن بولۇشقا لايىق ئەمەس، ئۇنىڭغا ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى چۈشىدۇ، ھەممە ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولغۇسى كېلىدۇ. سەن ئىستىقباللىق ياش، چوڭ ئىشلار تېخى ئالدىڭدا، ساڭا ئۇنداق ئاياللار ياراشمايدۇ، — دېدى.

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ تىلىم شۇنچىلىك قىچىشتىكى، «سىزنىڭ سۆزىڭىزنىڭ ئەكسىچە بەزىلەر چىرايلىق خوتۇنلىرىغا تايىنىپ ئىستىقبال تېپىۋاتامدۇ، چوڭ ئىشلارنى قىلىۋاتامدۇ؟» دەۋەتكىلى تاس قالدىم. ئەمما ئۈندىمىدىم. چوڭ ئىشلارغا بەل باغلىغان ئادەم تىلىنى يىغىشنى بىلىشى، ۋاقتى كەلسە قاپقارا نەرسىنى كۆرسىتىپ «بۇ نەرسە ئەجەب ئاق، ئەجەب سۈزۈك ئىكەن!» دېيىشنى ئۆگىنىشى كېرەك. ئەمەلىيەتتە ھەممىدىن مۇھىمى مانا شۇ.

ئاخىرىدا ئۇ ماڭا:

— ئوكام، سەن بىلەن ئۇرۇق-تۇغقاندەك بولۇپ قالدۇق، سېنى ياخشى كۆرگەچ، ئاكاڭمۇ كۆڭلۈمگە شۇنداق يېقىن تۇيۇلىدۇ. ئاكاڭ بىلەن مۇڭدىشىپ، ئەسىرلىشىپ ئولتۇرساق دەيدىغان ئارزۇيۇم بار، قاچان ۋاقتى يەتسە غېرىبخانىمىزغا كېلىپ ئولتۇرۇپ كەتكەن بولسا، خاپا بولماي بىر-ئىككى كۈن ئىچىدە جاۋابىنى بەرسەڭ، — دېدى. يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئاخىر بىر كۈنى مۇشۇنداق دەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم، شۇڭا ئالدىن ئويلاپ قويغىنىم بويىچە:

— ئاكام يېقىندا چەت ئەلگە چىقماقچىكەن. شۇنىڭ تەييارلىقىدا ئالدىراش بولۇپ قاپتۇ، — دېدىم.

— ئالدىراش يوق. ئالدىراش يوق، — دېدى ئۇ ئىشتىكلا، — چوڭ ئادەملەرنىڭ چوڭ ئىشلىرى بولىدۇ، ئالدىراش بولىدۇ. ئەلۋەتتە قاچان ۋاقتى يەتسە شۇ چاغدا... ھە راست، شاكىرغا ئېيتىپ قويۇڭ. بالىسىنىڭ ئىشى ھەل بولۇپ قالدى، قالغان ئىشنى شاكىر ئۆزى كادىرلار باشقارمىسىدىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ بېجىرىۋالسۇن...

سەمرىپ قورساق سېلىپ كەتمىگەن، بىرلا قارىغان كىشىدە ياخشى تەسىر قالدۇرالايدىغان، ئىچكى دۇنياسىدىكى خىلمۇخىل زىددىيەت، ئەندىشە، ئارزۇ-ھەۋەسلەر كۆزلىرىدە، چىرايىدىكى ھەر بىر ئىنچىكە سىزىقلاردا ئەكس ئېتىپ تۇرغان بۇ ئادەم ئاشۇ پەيتتە ماڭا ئىنتايىن سۆيۈملۈك كۆرۈندى. مەن ئۇنىڭغا چىن كۆڭلۈمدىن مىننەتدارلىق بىلدۈردۈم. ئۇمۇ مېنىڭ مىننەتدارلىقىمنى ئەلۋەتتە ئاكىسىغا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى ئامبىرى

يەتكۈزىدۇ دەپ ئويلاپ ئۆز-ئۆزىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىشخانىدا بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ ئولتۇرسام سوپاخۇنكام ئالدىراش كىرىپ كەلدى ۋە ھودۇققىنىچە:

— ئاڭلىغانسىز، يۇقىرىدىن باشلىقلار كەلدى، مەن ئۇلارنى جۇيجاڭلارنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ ئەكىرىپ قويدۇم، — دېدى ۋە ھاياجانلىنىپ سۆزلەپلا كەتتى، — خۇددى بىر كىم كۆڭلۈمگە سالغاندەك ئىشىك ئالدىغا چىقىپتىكەنمەن، قارىسام، پىكاپلار قاتارلىشىپ كېلىۋاتامدۇ، قاراپ تۇرسام باشلىقلار بىر-بىرلەپ چۈشكىلى تۇردى. دەرھال ئالدىغا باردىم، ھەممىسى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۈم.

ئۇ سۆزلەۋېتىپ قوللىرىغا قاراپ-قاراپ قوياتتى ۋە قوللىرىنى توختىماي ئۇۋۇلايتتى.

يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇشقا باشلىدى.

— نېمە ئىش بىلەن كەپتۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ھېلىقچۇ، ھېلىقى ئىدارىنىڭ ئورنىنى كۆچۈرۈش ئىشى توغرىسىدا بولمامدۇ! مەن جۇيجاڭغا بۇ يەردىن كۆچمەيمىز دەپ چىڭ تۇرۇڭ، دەپ قويغان... ھە راست، بۇ يەردە نېمىگە ئولتۇرىسىز، ئاكىڭىز بولغاندىكىن كىرىپ جۇيجاڭغا ياردەملىشىپ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويىمامسىز؟

— ماقۇل... ئەمما... بىر ئىشىم...

نېمىلەرنىدۇر دەپ غودۇرىغىنىمچە، قويغان-تۇتقىنىمنى تۇيمىغان ھالدا ئىشىكتىن چىقىپ كەتتىم. سوپاخۇنكام:

— ۋوي، ماۋۇ ئىشخانىڭىزنى قانداق قىلىمەن؟ تاقىۋېتەيمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىغىنىچە قالدى.

ئۇدۇل ئۆيگە باردىم. شىرەنىڭ ئالدىغا بېرىپ بېشىمنى قوللىرىم بىلەن چاڭگاللاپ ئولتۇردۇم. تۈگىدى، ھەممىسى تۈگىدى... شان-شۆھرەت، ئەتىۋارلىنىشلار، گۈزەل قىزلارنىڭ مۇھەببىتى... ھەممىسى كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە كۆپۈكتەك يوق بولدى. كىم بىلىدۇ، خوتۇنۇمنىمۇ ساقلاپ قالالامدىم-يوق... ئەتىدىن تارتىپ تاجىنىسا ئىشكنى يۈزۈمگە جالاقلىتىپ يېپىپ، تەنە گەپلەرنى ياغدۇرۇۋېتىدۇ، ئەتراپىمدىكىلەر — ھېلىقى «ئاپتاپپەرەس»-لەر، ھەسەت ئوتىدا پۇچىلىنىپ يۈرگەنلەر بېشىمغا لەنەت تاشلىرىنى ياغدۇرىدۇ. بىر چاغدا مەن جاجىسىنى بەرگەن ھېلىقى ئايالنىڭ ئايىغىقا ئۆزىنى ئېتىپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىشىدۇ، ئۇنى قايتا بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈشىدۇ، باشلىقلارچۇ؟ باشلىقلار... ئۇلار قانداق قىلىشاركىن، مېنى جازالارمۇ؟ بوپتۇ، بۇ كۈن بەرىبىر كېلەتتى، ئاخىر كەلدى. بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرەي، ناھايىتى شۇ مېنى بىرەر ناھىيىگە چۈشۈرۈۋېتەر، يۇرتۇمغا كېتەرمەن. تاغامغا سەن تاپقان بالاغا مانا مەن قالدىم، دەرمەن...

قانچىلىك ئولتۇرغىنىمنى بىلمەيمەن. ئىشىك ئاستا ئۈچ قېتىم چېكىلدى، كېيىن ئاۋازلىقراق يەنە بىر قېتىم چېكىلدى. دېمەك، مېنى ئىزدەپ كېلىشكەن گەپ.

خۇددى دار ئالدىغا ماڭغان جىنايەتچىدەك كېتىۋاتىمەن. قەدەملىرىم شۇنچىلىك ئېغىر، مېڭەم يېرىلىپ كەتكۈدەك ئاغرىۋاتىدۇ، كۆزلىرىمدە ئۇچقۇنلار چاقناۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ. يىقىلىپ كەتمىسەملا بولاتتى... ياق، چىڭ تۇراي، مەنمۇ ئۇلارغا: «نېمە قىپتىمەن؟ ھەرقايسىڭنىڭ ئەپت-بەشىرىسىنى

ئاشكارىلىدىم شۇ» دەيمەن!

ئالدىمدا ناتونۇش بىر ئادەم كۈلۈمسىرەپ تۇرىدۇ. ياق، ئۇ تونۇش ئادەم. مەن بىر گېزىتتىن ئۇنىڭ رەسىمىنى كېسىۋالغان، تالاي قېتىم ئۇنىڭ رەسىمگە سىنچىلاپ قاراپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۈنسىز پاراڭلاشقان، ئۇ مېنىڭ «ئاكام!»

بېشىمغا چاقماق چۈشكەندەك بولۇپ كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى، ئەمما بۇ ھالەت كۆز يۇمۇپ-ئاچقۇچە ئۆتۈپ كەتتى. بىرچەتتە تۆۋەنچىلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرغان سوپاخۇنكامنىڭ:

— ماۋۇ بالىنىڭ قاراپ تۇرغىنىنى، بولۇڭ، ئاكىڭىزنى ئۆيگە باشلاڭ! — دېگەن ئاۋازى ماڭا جان كىرگۈزگەندى.

ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدىم. سوپاخۇنكام تەزىم بىلەن:

— سەل تۇرۇپ كىرەي، سەل تۇرۇپ كىرەي، ئىككىڭلارنىڭ پاراڭىمۇ يىغىلىپ قالغان بولغىيدى، — دەپ ئۆزرە قويدى، مەنمۇ زورلىمىدىم.

«ئاكام» ئىككىمىز مېھمانخانا ئۆيدە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇردۇق. ئۇ ماڭا سىنچى كۆزلىرى بىلەن قاراپ سۈكۈتتە ئولتۇراتتى، مەنمۇ دەككە-دۈككە ئىچىدە زۇۋان سۈرەلمەيتتىم. خېلىغىچە سۈكۈت ئىچىدە ئەنە شۇنداق ئولتۇرۇشتۇق.

— ئاڭلىسام بۇ يەردە مېنىڭ بىر ئۇكام بار ئىكەن، تونۇشۇپ قوياي دەپ كىردىم...

مەن بېشىمنى تۆۋەن قىلىۋېلىپ بارماقلىرىم بىلەن يالتىراپ تۇرغان سۇلياۋ داستىخاننى سۈرتۈشكە باشلىدىم. يۈزۈم ئوت ئېلىپ كېتىۋاتاتتى.

— مەنمۇ ئەقلىمگە كەلگەندىن تارتىپلا بىر ئۇكام بولسا دەپ ئارزۇ قىلاتتىم، شۇغىنىسى... ئۇنىڭ بىلەن بەك كېچىكىپ تونۇشۇپ قاپتىمەن، بۇ يەرگە كەلمىگەن بولسام ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالىدىكەنمەن تېخى.

يەر تېگىدىن چىرايىغا قارىسام ئىچ-ئىچىدىن كۈلكە قايناپ تۇرۇپتۇ. دەرھال كۆزۈمنى ئېپقېچىپ بېشىمنى تۆۋەن سېلىۋالدىم. ئۇ بىردىنلا قاقاقلاپ كۆزلىرىدىن ياش چىققۇچە كۈلدى، كۆزلىرىنى قول ياغلىق بىلەن سۈرتكەچ:

— مەن تېخى ھېچ نەرسىدىن ھېيىقمايدىغان تازا بىر ئالقاپنى كۆرىدىغان بولدۇم دەپ ئويلىغانىدىم، شۇغىنىسى ئويلىغىنىمنىڭ تەتۈرى چىقىپ قالدى ئەمەسمۇ، — دېدى ۋە بىردىنلا كۈلكىسىنى توختىتىپ، تارتمامدىكى سۈرەتكە ئوخشاش جىددىي ھالەتكە قايتتى. مەن ئۆزۈمنى كۆچەپ بېسىۋېلىپ، چوڭقۇر خورسىنغان ھالدا:

— ئۆزۈمنى ئاقلاپ ئولتۇرمايمەن، مەن ئالدىڭىزدا گۇناھكار، — دېدىم.

ئۇ ھېچ نەرسە دېمىدى. ئوتتۇرىمىزدا خېلى ئۇزاققىچە ئېغىر سۈكۈت ھۆكۈم سۈردى. بۇ سۈكۈت مەندە يەنە ۋەھىمە پەيدا قىلدى، پۇت-قوللىرىم بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەشكە باشلىدى.

— ھارىقىڭىز بارمۇ؟ بولسا ئىككى رومكىدىن ئىچەيلى...

بىردىنلا ھودۇقۇپ قالدىم.

— بار، بار... قانداق ھاراق؟

— قاندىقى بولسا مەيلى، زاكۇسكىغا ئازراق مايلىق دادۇر ياكى بىرنەچچە تال ئالما بولسىلا بولۇۋېرىدۇ.

توڭلاتقۇدا ئازراق قاتتىق-قورۇق پىچىنە بىلەن بىرنەچچە تال ئاچچىق قورۇتتىن باشقا نەرسە يوق ئىكەن. دەرھال يانچۇقۇمنى ئاختۇرۇپ سومكىنى قولۇمغا ئالغاندىم، ئۇ:

— ئۆز ئاكىسىغىمۇ شۇنداق تۈزۈت قىلغان بارمۇ! — دەپ مېنى تارتىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، توڭلاتقۇدىكى پىچىنە بىلەن قورۇتنى ئۆزى ئېلىپ كەلدى، ئەينەك ئىشكاپنى ئېچىپ رومكىدىن ئىككىنى ئالدى.

— بىر چاغلاردا ئاغىنىلەر بىلەن مۇشۇنداق ئىچىشەتتۇق، ھارىقىمىز ئەرزان، زاكۇسكىمىز ئاددىي ئىدى، ئەمما چىن كۆڭلىمىزدىن پاراڭ سېلىشاتتۇق. كۆڭلىمىزدە كىر يوق ئىدى، قىلىشمىغان سۆزلىرىمىز قالمايتتى. قېنى شۇ كۈنلەر-ھە؟ ھازىر تۇرمۇش ياخشىلاندى، ئەمما كىشىلەرنىڭ قەلبى ئۆزگىرىپ كەتتى. يېقىندا شۇ چاغلاردا بىللە ئىچىشىدىغان بىر ئاغىنەم ئۆيىگە چاقىرىپ كەپتۇ، باردىم. شىرەنىڭ ئۈستىدە توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممىسى بار، ھاراقلىرى ئېسىل، ئەمما ساھىبخان ئىلگىرىكى ئاغىنەم ئەمەس، بىرىيەرلىرى قورۇنۇپ ئېھتىيات قىلىپ تۇرىدۇ، ئىچىدە بىر گېپى باردەك قىلىدىيۇ، ئەمما توغرىسىنىلا ئېيتمايدۇ. گېپىمىز زادى قولاشمىدى... قېنى ئەمسە، خوشە! ئاكا-ئۇكا ئىككىمىز-نىڭ تونۇشقىنىمىز ئۈچۈن!

— ... ...

— سالامەتلىكىمىز، ئۇزاق ياشىشىمىز ئۈچۈن!

— ... ...

— مېنىڭ سىڭلىم، سىزنىڭ رەپىقىڭىزنىڭ تېزرەك قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن!

— ... ...

— بۇنىڭدىن كېيىنمۇ... ئاشلاشماي ھەقىقىي ئاكا-ئۇكا بولۇشىمىز ئۈچۈن!

— ... ...

رومكىلارنىڭ پات-پات بوشاپ تۇرۇشىغا ئەگىشىپ، مەندىكى ۋەھىمە، ئەندىشە، قورقۇنۇش دېگەنلەر بىر-بىرلەپ يوقالدى. ئالدىمدىكى بۇ سالاپەتلىك ئادەم ماڭا راستىنلا بىر تۇغقان ئاكامدەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. مەن ئۇنىڭغا ئانا-ئانامنىڭ كىچىكىمدە ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، بىر ئاغام بارلىقىنى، ئۇنىڭدىن قانداق قورقىدىغانلىقىم-نى، ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم ئۇنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىش ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردىم.

— مەنمۇ سەندىن كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيمەن، ئۇ مېنى سەنلەپلا چۈشتى، مېنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىم، تونۇش-بىلىشلىرىم، دوست-ئاغىنىلىرىم ناھايىتى كۆپ. ئەمما مەن يەنىلا ئۆزۈمنى تىكەندەك يالغۇز سېزىمەن، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مېنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنى باشقا نەرسە. مەن ھەقىقىي تۇغقانغا، ھەقىقىي دوستقا موھتاج، ئەمما مۇشۇ ۋاقىتقىچە مەن ئۇنى تاپالمىدىم.

— مەن بۇ يىرىم يىل جەريانىدا نۇرغۇن ئىشلارنىڭ تېگىگە يەتتىم، نۇرغۇن ئادەملەرنى چۈشىنىپ يەتتىم. مەن ئۆزۈمنى

رەزىلمەنمىكىن دېسەم، بۇ ئادەملەر مەندىنەمۇ رەزىل ئىكەن... — شۇنداق دەۋېتىپ بىرنەچچە ئايدىن بۇيانقى سەرگۈزەشتىلىرىم، ھەجۇسى رەسىملەردەك تېز ئۆزگىرىپ تۇرغان خىلمۇ خىل چىرايلار كۆز ئالدىمدىن بىرمۇ بىر ئۆتتى.

ئۇ شىرە ئۈستىدىكى ئاددىي تاماكىدىن بىر تال سۇغۇردى، مەن دەرھال چاقمىقىمنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئوت يېقىپ بەردىم. شۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەملەرنىڭكىدەك قىسقا ھەم قوپال ئىكەنلىكىنى سەزدىم.

— شۇنداق، ئادەم دېگەن نەرسە بەزى چاغلاردا ئاجايىپ رەزىللىشىپ كېتىدۇ. ئىلگىرى مۆمىن ئىسىملىك بىر خىزمەتدىشىم بولىدىغان. ئۇ: ئادەم دېگەن نېمە؟ باشلىقنىڭ ئالدىدا تۆت پۇتلۇق ئىت، تەڭ دېمەتلىكلىرى ئالدىدا تۈلكە، خوتۇنى ۋە قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئالدىدا يولۋاس، دەيدىغان. ھايات، ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەت توغرىسىدا ئاجايىپ قىزىق پاراڭلارنى سالىدىغان ئادەم ئىدى. رەسىم سىزاتتى، خەتنى ئاجايىپ چىرايلىق يازاتتى، ئۇ خەتلەر ئادەمگە خۇددى جېنى باردەك تۇيۇلاتتى. مۇشۇ ۋاقىتچە ئۇنىڭدەك خەت يازىدىغان ئادەمدىن يەنە بىرنى كۆرگىنىم يوق. بىر چەت يېزىدا بىللە ئەپەندىچىلىك قىلاتتۇق. ئايالىم ناھىيىدە، ئۆزۈم يېزىدا. ئاتا-ئانىسى مېنى شەھەرگە يۆتكىلىپ كەلمىسە قىزىمىزنىڭ خېتىنى بەرسۇن، دەپ تۇرىۋالدى. ئايالىمغا قاتتىق كۆڭلۈم بار ئىدى... مائارىپ ئىدارىسىگە تولا قاتراپ ئىشىمنى ھەل قىلالماي يۈرسەم ئاشۇ مۆمىنكام بىركۈنى ماڭا بىر پارچە خەت يېزىپ بەردى. بۇنى ناھىيىگە ئاپارساڭ ئىشىڭ ئەتىلا ھەل بولىدۇ، دېدى. ئەسلىدە ئۇ شۇ چاغدىكى مۆمىن ئىسىملىك ھاكىمنىڭ پوچۇركىسى بىلەن ئىمزاسىنى ئۆز ئەينى دوراپ يېزىشنى ئۆگەنگەنكەن. قېنى بىر ئۇرۇنۇپ كۆرەي، يا بىراقلا جازالىنىپ خىزمەتتىن ئايرىلىپ كېتەرمەن، يا ئىشىم ھەل بولۇپ قالار دېگەن ئۈمىدتە مائارىپ ئىدارىسىگە ئاپاردىم. ئىشىم ئىككى كۈنگە قالماي توغرىلىنىپ بولدى. بەختىمگە، مەن ناھىيىگە يۆتكىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي مۆمىن ھاكىم ۋىلايەتكە ئۆسۈپ كەتتى... ئاشۇ مۆمىنكام بولمىغان بولسا، بەلكى مۇشۇ ۋاقىتچە يېزىدا ئىشلىگەن بولاتتىم. بەك بولسا مەكتەپتە مۇدىر بولاتتىممىكىن...

مەن بىر ئېغىز زۇۋان سۈرمەي، سالاپەتلىك، ھاياتنىڭ تۈرلۈك قازانلىرىدا قايناپ پىشىپ كەتكەن، ئەمما قەلبىنىڭ بىر يەرلىرىدە بىرپارچە پاكلىقنى ساقلاپ قالالىغان بۇ ئاجايىپ ئادەمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇردۇم. ھەرقانداق ئادەم بەزى چاغلاردا كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى بىرەرىگە تۆكۈۋېلىشقا موھتاج بولىدىغۇ؟

— بىراق، مەن دائىم ئاشۇ يېزىنى، ئاشۇ چاغلارنى سېغىنىمەن. مەكتەپنىڭ ماڭا ئوخشاش بويتاق ياشايدىغان بىر كاسسىرى بولىدىغان، ئاددىي راۋابىدىمۇ شۇنداق مۇڭلۇق كۈيلەرنى چالاتتى... ئېيىغا ئۇن نەچچە يۈەندىن مائاش ئالىدىغان ئىككى ئايال ئوقۇتقۇچى بار ئىدى، بۆشۈكتىكى بالىلىرىنى ئىشخانىغا تاشلاپ قويۇپ

www.uyghurkitap.com



دەرسكە كىرىپ كېتەتتى. باللىرى يىغلىسا قالغانلار بۆشۈكنى تەۋرىتىپ، سۈتلىرىنى ئىچۈرۈپ قوياتتى. شۇنداق ساددا، ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ئىدى، بىر-بىرىدىن خەۋپسىرەپ سىر يوشۇرۇپ كېتىشمەيتتى. كۆڭلىدە نېمىنى ئويلىسا ئاغزىدىن شۇ چىقاتتى... ئەلۋەتتە، شارائىت، دەۋر ئۆزگەردى، ئادەملەرمۇ ئۆزگەردى، بىراق ئادەم ئەقىللىك بولغانچە رەزىللىشىپ كېتىشى كېرەكمۇ؟ ئەتراپىڭغا، نەگىلا قارىساڭ «بولىدۇ، شۇنداق، راست» تىن باشقىنى بىلمەيدىغان، كۈلۈپ تۇرغان ساختا چىرايلار، ھەتتا كۆتىگە نەچچىنى تەپسەڭمۇ ئاياغ ئاستىڭدا يۇملاپ يۈرۈپ «خوش-خوش» دەيدۇ. نى-نى ئايالλار، نى-نى قىزلارچۇ تېخى، ئۆزىنىڭ ياكى ئەرلىرىنىڭ ئەرزىمەس ئەملى، ئۇنۋانى ئۈچۈن ساڭا ھەممىنى بېرىۋېتىشكە تەييار تۇرىدۇ. ئۆزلىرى مىننەتدارلىق بىلەن تەقدىم قىلىۋاتقان يەردە مەندىن نېمە كېتەتتى دەيسەن، بىراق كۆڭلۈڭدىكى سەسكىنىشنى باسالمايسەن. ئاشۇ خۇشامەتلىك ھېجىيىشلارنىڭ تېگىدىكى زەھەرنى، ئەتراپىڭدا پايپېتەك بولۇپ يۈرگەنلەرنىڭ قوينىدىكى پىچاقنى كۆرۈپ تۇرىسەن، ئاشۇ ئايالλارنىڭ سەندەك بىر كۆرۈمسىز ئادەمگە ئاشىق ئەمەسلىكىنى، بەلكى ھوقۇقۇڭ، ئابرۇيۇڭغا ئاشىق ئىكەنلىكىنى، قاچانكى ھوقۇقۇڭدىن ئايرىلغان كۈنۈڭ ئاشۇ ئەرلەر ۋە ئايالλارنىڭ سېنى كۆرەرگە كۆزى يوقلۇقىنى، سېنى مەسخىرە قىلىشىدىغانلىقىنى، زەھەردەك تەنە گەپلەر بىلەن يۈرىكىڭنى زىدە قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرىسەن، بىراق ئادەملەرنىڭ شۇنداق رەزىللىكى ئۈچۈن، ھوقۇقۇڭنىڭ بارىدا ئۇلارغا تازا بىر ئۆزۈڭنى كۆرسىتىپ قويغۇڭ كېلىدۇ.

بەزىدە ئەسلىدىلا شۇنداق بۇزۇلغان، پەزىلەتسىز خەق بولغىيمىدۇق دەپمۇ ئويلاپ قالىمەن. بۇ ھەقتە ئىزدىنىپمۇ باقتىم. ئەسلىدە ئۇنداق ئەمەس ئىكەنمىز. ئاتا-بوۋىلىرىمىز قەيسەر، مەغرۇر، مۇستەقىل خاراكتېرلىك ئادەملەر ئىكەن. ئاشۇ خاراكتېرىمىز بىر كۈنلەردە ئەسلىگە كېلىدىغۇ دەپ ئويلايمەن. نەۋرەم مەندىن: «بوۋا، 21-ئەسىردىمۇ ھازىرقىدەك ياشامدۇق» دەپ سورىۋىدى، جاۋاب بېرەلمەي قالدىم. بىراق بۇ سوئال مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۆزۈمچە، 21-ئەسىر چوقۇم ئاجايىپ ئەسىر بولىدۇ دەپ ئويلىدىم. راستىنىلا، ماڭا ھەممە رەزىللىكلەر، يالغانچىلىق، زوراۋانلىق، ناھەقچىلىكلەر، پەسكەشلىكلەر كونا ئەسىر بىلەن قېبقالىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ. يەنە بىر تۈرۈپ رەزىللىككە شۇ قەدەر ئۆگىنىپ كەتتۇقكى، ئۇ ۋۇجۇدىمىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتتى، ئۇنى ئاشۇ دەۋرگىچىمۇ ئالغاچ بارارمىزمۇ؟ دەپ ئويلايمەن...

تاك، تاك، تاك...

كىمدۇر بىرى ئىشىكنى چەكتى. ئاچسام باشلىقىمىز بىلەن ئايالى. سەل ئىلگىرىدا سوپاخۇنىكام سوۋارى ئالتۇن چىشلىرىنى پارقىرىتىپ كۈلۈپ تۇرىدۇ.

خېلىلا ئىنغىرلىشىپ قالغان «ئاكام» ئۇلار بىلەن تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ سالاملاشتى. رومكىنىڭ ئاخىرىدا قالغان ھاراقنى باشلىقىمىز بىلەن سوپاخۇنىكامغا

قويۇپ بەردىم، ئۇلار ناچار ھاراقنى تامشىپ تۇرۇپ ئىچتى. باشلىقىمىز ئاغزىنى سۈرتۈۋېتىپ بىزنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئايالىمۇ «ئاكام» بىلەن تونۇشۇپ، دىدارلىشىش ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى ئارزۇسى ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلدى. چىرايلىق ئايال ناز بىلەن سۆزلەۋاتقاندا «ئاكام» ئۇنىڭغا كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ سەپسېلىپ قاراپ كەتتى ۋە دەرھال رازىلىق بىلدۈردى. ئۇلار ئۈچى ئۇنى يۆلەپ مېڭىشتى، مېنىمۇ بىللە چىقىشقا شۇنچىلىك زورلاشتى، ئەمما مەن ئۇنىمىدىم، «ئايالىم بۈگۈن كەچتە قايتىپ كەلمەكچىدى» دېۋىدىم، بوپتۇ ئەمىسە دەپ رايىمغا قويۇپ بېرىشتى.

يەنە يالغۇز قالدىم. مېڭەمدە ئاجايىپ تەسىراتلار، خىلمۇ خىل خىياللار تەگلا قاينايتتى. بارا-بارا مېڭەم تورمۇزلىنىپ ھېچ نەرسىگە ئىشلىمەس بولدى، ھارغىنلىق بىلەن ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم. ھەممە ئىش ئاخىر ئاياغلاشتى. مەن بۇ يەردە تىنچ-ئامان ئولتۇرۇپتىمەن، قالغان ئىشلار، قالغان ئادەملەر نەگە بارسا بارسۇن! مەن بەك ھېرىپ كەتتىم، بەك ھېرىپ كەتتىم...

تاك، تاك، تاك...

ئىشىك يەنە چېكىلدى، جاھىللىق بىلەن ئۇزاق چېكىلدى. ئاخىر چىدىيالماي بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىم. ئىشىك ئالدىدا يوغان سومكىنا كۆتۈرگەن، بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتقان ئىللىق چىراي بىر يىگىتچاق تارتىنىپقىنا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاغا!

مەن ئۇنىڭغا بىر ھازا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ ئىسمىنى ئەستە ئېسىمگە ئالدىم:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ھە... ۋۇي ياقۇپجانمۇ سەن؟! كەل، كەل، ئۆيگە كىر...

ئۇ يوغان سومكىسىنى دالانغا قويۇپ قويۇپ مېھمانخانىغا كىرىپ ئولتۇرغاندا مەن ئۇنى سوئالغا كۆمۈپلىۋەتتىم:

— تاغام، باشقا تۇرۇق-تۇغقانلار تىنچ-ئامانمۇ؟ قانداق بولۇپ بۇ قارا قىشتا كېلىپ قالدىڭ، ئوقۇشقىمۇ؟

— ھەممىسى تىنچ-ئامان، ساڭا سالام ئېيتتى، يازدا چوقۇم كېلىپ كەتسۇن، دەپ تاپىلىدى... مەن ئوقۇشقا كەلدىم، سەنئەت مەكتىپىگە.

— شۇنداق قىلىپسەن، تاغامنىڭ ماڭغان يولى بىكارغا كەتمەپتۇ-دە، بۇمۇ ياخشى بوپتۇ، ئۆزۈڭنىڭ ئامراق كەسپىڭنى تېپىپسەن.

— ياق، ئۆزۈم ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتۇم. سەنئەت مەكتىپىدىن ئوقۇغۇچى ئالغىلى بېرىپتىكەن، ئۆيدىكىلەرگە دېمەيلا ئىمتىھانغا قاتناشقانىدىم، ئۆتۈپ قاپتىمەن...

— پاھ، ئۆيدىكىلەرگە دېمەيلا ئىمتىھان بەردىم دېگىن. يارايسەن، يىگىت ئىكەنسەن! بىراق... تاغامنىڭ ماڭغان يولى، خەقلەرگە يېگۈزگەنلىرى بىكار بولدىمۇ ئەمدى؟

— بىكار بولمىدۇ ئەمىسە. ئۆزى قىلغان ئىش بولغاچ گەپ قىلالماي قالدى، لېكىنزە دەردىنى ئۆزى بىلىدۇ. ئۈچ مىڭ يۈەن پۇل بىلەن ئىككى قويىمۇ ئۆزۈڭنى بۆلاگچىغا ئۆزى تۇتقۇزۇپ قويغان تۇرسا، دادام ئەرز قىلايلى دەپمۇ باقتى، لېكىن چوڭ دادام گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى.

قاراپ تۇرۇپ تارتقان زىيانغا ئىچىم ئاغرىغان بولسىمۇ، كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە خۇشال بولدۇم. تاغامنىڭ مەغلۇپ

www.uyghurkitap.com


بولغانلىقىنى كۆرۈش، پۇلنىڭمۇ ھەممىلا ئىشقا قادىر ئەمەس ئىكەنلىكىنى كۆرۈش مەن ئۈچۈن كۆڭۈللۈك ئىش ئىدى. بىراق، ياقۇپجانغا بىردىنلا مېھرىم چۈشۈپ قالدى. مەن كۆزى پۇلدىن باشقا نەرسىنى تونۇمايدىغان ئاشۇ تۇغقانلىرىمنىڭ ئىچىدىن مۇنچىلىك بىر ئادەمنىڭ چىقىشىنى ئەسلا ئويلىماپتىكەنمەن.

مەن دەرھال سىرتقا چىقىپ كۆكتات، گۆش ۋە باشقا ئۇششاق-چۈششەك يېمەكلىكلەردىن ئەكىردىم. ئايالىمنىڭ پەشتامىسىنى ئالدىمغا تارتىپ، بار ھۈنىرىمنى ئىشقا سېلىپ ئۈچ خىل قورۇما تەييارلىدىم.

ئىككىمىز تاغدىن-باغدىن پاراڭلاشقاچ غىزالاندۇق، ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ ئاخىر ئۆزۈمگە ھەقىقىي يېقىن تۇغقان تاپقانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

— شۇنداق قىلىپزە، رەسسام بولمەن دېگىن، قالتىس ئىش بولۇپتۇ، قېنى، سىزغان رەسىملىرىڭ بولسا ئالە، كۆرۈپ باقاي، — دېدىم تاماقتىن كېيىن شىرە ئۈستىنى يىغىشتۇرغاچ.

ياقۇپجان سومكىسىدىن چوڭ بىر پوپكىنى ئالدى. ئۇنىڭ ئىچىدە چوڭ-كىچىكلىكى ۋە سۈپىتى ھەر خىل قەغەزلەرگە سىزىلغان ماي بوياق رەسىملەر تۇراتتى. مەن رەسىملەرنى بىر باشتىن كۆرۈشكە باشلىدىم.

دوپپا بازىرى، يۈزىدىكى تور رومىلىنى سەل كۆتۈرۈپ ئەتراپقا تاقەتسىزلىك بىلەن قاراپ خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇرغان ياشقىنا دوپپىچى ئايال.

يىراقلاردىن، تۇمان ئىچىدىن تولغىنىپ-تولغىنىپ ئېقىپ كېلىۋاتقان كىچىكرەك دەريا، دەريانىڭ ئىككى قېشىدىكى سۆگەتلىكلەر، سۆگەتلىكتە ئوتلاپ يۈرگەن قويلار، بەزىسى سۇغا چۆمۈلۈۋاتقان، بەزىسى قىرغاقتا ئويناۋاتقان يالىڭاچ بالىلار.

كۆپكۆك ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن ئاق بۇلۇتلار... ئاسمان شۇنچىلىك سۈزۈك، شۇنچىلىك كۆك، بۇلۇتلار شۇنچىلىك ئاپئاق... ئۇ خۇددى كىچىك ۋاقىتلىرىمدا ئانام بىلەن سەھراغا بارغاندا كۆرگەن ئاسمانغا ئوخشايدۇ. قانچە يىللار بولدى-ھە، ئۇنداق ئاسماننى كۆرۈپ باقمىغىلى...

يوغانراق قەغەزگە سىزىلغان ئاجايىپ بىر پارچە رەسىم مېنى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتىپلىۋالدى. مەن ئۇزاققىچە ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى ئالالماي ئولتۇرۇپ كەتتىم.

قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالاي دەپ قالغان ئاۋات بىر شەھەر. يوللار، ھەشەمەتلىك ئىمارەتلەر، ئىبادەتخانىلارنى تامامەن قۇم بېسىپ كەتكەن، پەقەت قاقشال دەرەخلەر، ئېگىز تۈۋرۈكلەر، پېشايۋانلار، پارقىراپ تۇرغان مۇنارلارنىڭ ئۇچى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۆگزىلەردە جان تالىشىپ خۇداغا نالە قىلىۋاتقان ئادەملەر. ھەممىلا يەرنى قاپلىغان قۇم دۆۋىسى ئىچىدىن ئاندا-ساندا بىرەر باش، بىرەر قول ياكى پۇت چىقىپ تۇرىدۇ.

سارغۇچ كۆل رەڭ ئاسماندا نېپىز تۇماندەك يوغان قارا سايە ئەزرائىل ئۇچۇپ يۈرىدۇ، ئۇنىڭ قاناتلىرى شەھەر ئاسمىنىنى بىر ئالغان...

تېنىم شۈركۈنگەندەك بولۇپ خاتىرىنى ياپتىم.

— تەكلىماكاندا قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان قەدىمكى شەھەر، — دېدى ياقۇپجان ئەستايىدىللىق بىلەن، — مۇئەللىمنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ شەھەردىكى ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىدىن

باشقا نەرسىنى ئويلىمايدىكەن، ھەممىسى ئەيش-ئىشرەت، كەيپ-ساپاغا بېرىلىپ كەتكەنىكەن، ھەق-ناھەق ئايرىلمايدىكەن، جاپا چېكىپ يەر تېرىغان، كۆچەت تىككەن، رەخت توقۇغان ئادەمنىڭ قەدىر-قىممىتى يوق ئىكەن. ھەممە يەرنى قۇرغاقچىلىق ئاپىتى بېسىپ، ئېرىقلار قاغجىراپ، گۈل-گىياھ، دەل-دەرەخلەر قۇرۇشقا باشلاپتۇ، كىشىلەر بەتلا خوجىزەي، ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇش-نى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ. ئاخىر خۇدانىڭ غەزىپى كېلىپ شەھەر ئاسمىنىدىن قۇم ياغدۇرۇپتۇ. كىشىلەر قورقۇشقا، پۇشايمان قىلىشقا باشلاپتۇ. بىراق ئۈلگۈرەلمەپتۇ...

ياقۇپجان ئۇخلاپ قالدى. بىراق مەن زادى ئۇخلىيالمىدىم. كۈن بويى كۆرگەنلىرىم، ئاڭلىغانلىرىم كۆز ئالدىمدىن بىرمۇ بىر ئۆتۈپ ئۆتمۈش قاراڭغۇلۇقىدا غايىب بولاتتى. پەقەت ھېلىقى رەسىملا كۆز ئالدىمدىن يىتمەي تۇرۇۋالاتتى. قۇلاق تۈۋىمدە ياقۇپجاننىڭ ئاۋازى قايتا-قايتا ياڭرايتتى.

« ئۇ شەھەردىكى ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىدىن باشقا ئىشنى ئويلىمايدىكەن... ھەق-ناھەق ئايرىلمايدىكەن، ئەيش-ئىشرەت-كە بېرىلىپ كەتكەنىكەن... يەر تېرىغان، كۆچەت تىككەن، رەخت توقۇغاننىڭ قەدىر-قىممىتى يوق ئىكەن... ئۇلارنى خۇدا جازالىغانىكەن... »

سەھەرگە يېقىن كۆزۈم ئىلىنىپ چۈش كۆرۈپتىمەن. تۇۋا، ئاسماندىن تاش يېغىۋاتقۇدەكمىش، يوغان-يوغان چىلگىدەك، ئاۋۇزدەك تاشلار. كىشىلەر ئاللا-تۇۋا دېيىشىپ، باشلىرىنى قوللىرى بىلەن توسۇ-شۇپ تەرەپ-تەرەپكە قېچىشىۋاتقۇدەكمىش، ئورغۇنلىرىنىڭ باش-كۆزى يېرىلىپ قانغا بويىلىپتۇ. جەسەتلەر ھەممىلا يەرنى قاپلاپتۇ، تاش توختىماي يېغىۋەرگۈدەكمىش. ھەر يوغان تاشلار. ئادەملەر، يوللار، دەل-دەرەخلەر، ئېگىز بىنالار تاش ئاستىدا قاپتىمىش... شەھەرنىڭ ئورنىدا ئاجايىپ ئېگىز، ھەيۋەتلىك بىر تاغ پەيدا بولۇپتىمىش. مەن ئوغلۇمنىڭ قولىدىن مەھكەم تۇتقىنىمچە ئايالىمنى ئىزدەپ تاغنى بويلاپ يۈگۈرۈپ يۈرگۈدەكمەن. بىر يەرگە بارسام تاغنىڭ ئېگىدىن بىر باش چىقىپ تۇرغۇدەك، يۈز-كۆزى تونۇغۇسىز بولۇپ كېتىپتۇ، ئەمما سوۋۋارى ئالتۇن چىشلىرىنى كۆرسىتىپ توختىماي ھىجاي-غۇدەك، مەن ئۇنى ئاغامنىڭ بېشى دېگۈ-دەكمىشمەن، ئەمما يەنە بىر قارىغىنىمدا سوپاخۇنكامغا ئوخشاپ تۇرغۇدەك، ئۇ ماڭا:

« سۇن ۋۇكۇڭمۇ تاغ ئاستىدا بەش يۈز يىل ياتقان. مەنمۇ شۇنداق ئۇزاق چىدىيالايمەن. مېنى قۇتقۇزىدىغان كارامەت-لىك ئادەم ھامان بىر كۈنى كېلىدۇ » دېگۈدەكمىش. مەن ئۇنىڭغا قاراپ جېنىمنىڭ بارىچە: « ياق، ياق! ئۇنداق بولماي-دۇ!...» دەپ ۋارقىراۋېرىپتىمەن، راستىن-لا قاتتىق ۋارقىراپ كېتىپتىمەن ۋە ئۆز ئاۋازىمدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتىمەن.

ئادەم ئاجايىپ چۈشلەرنى كۆرىدىكەن، ئۇزاقتىچە چۈشۈمدىكى ئىشلارنى ئويلاپ ياتتىم. دېرىزىدىن تاڭ يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى.

(« تەڭرىتاغ » ژۇرنىلىنىڭ 1995-يىل 2-سانىدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل

www.uyghurkitap.com

غۇنچەم سەمەت

# قوغۇنچى

( ھېكايە )



— ئىككى يىلدىن بېرى سورۇۋەتكىنى ئاز بولۇپ قالغاندەك ئەمدى مەكتەپ پۈتتۈرىدىغان چاغدا يەنە نېمە پۇل؟

— بىز ئېتىز ئىشىدىن بۆلەك نېمىنى بىلەتتۇق، ھازىر جاھاننىڭ رەپتايى شۇنداق بولۇپ قالغان تۇرسا، دادىسى.

— ئۇ بىر نېمىسىنى پۇلغا بېرەمدىكەن يا ئوقۇغانغا بېرەمدىكەن؟

— بىر نېمە دېسە مۇشۇنداق تەتۈرلۈك قىلىلا. ھازىر ئوقۇش دېگەنمۇ پۇل بىلەن بولۇۋاتسا، — دېدى رابىخان نارازى بولۇپ. — ئوقۇش پۇلىنى ئاللىقاچان بەردۇققۇ، يەنە نېمە خەقنى مېھمان قىلىپ يۈرىدىكەن؟

— دېدىمغۇ، بالا ئۈچ يەندىن ئۆتەلمەپتۇ دەپ، ئۈچ ئەمەس بىر يەندىن ئۆتەلمىسىمۇ دىپلوم بەرمەيدىكەن. غولاچقا چىدىغاندىكىن ئەمدى غېرىچقىمۇ چىدىۋەتسىلە. مەكتەپنىمۇ پۈتتۈردىغۇ. ئاشۇ دىپلوم دېگەننى بىر ئېلىۋالسا، شۇنىڭ بىلەن بۇ بالىنىڭ غېمىدىنمۇ خالاس بولارمىز...

— سەن ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن مىڭ كوي دېگەن ئاز پۇلمۇ؟

— خۇدايىم بۇيرۇسا ئەزىمەتجان دىپلومنى ئېلىپ خىزمەتكە ئورۇنلىشىۋالسا بىر يىلدىلا ئۇنداق مىڭ كويدىن نەچچىنى تاپىدۇ.

قادىراخۇن ئايالىنىڭ بۇ سۆزىدىن سەل پەسكويغا چۈشكەندەك بولسىمۇ، ئەمما مىڭ كوي پۇلنى نەدىن تېپىش ئۇنىڭ بېشىغا قارا تاغ بولۇپ يىقىلدى. ئۇ ئالدىدىكى چىنىنى سەل نېرىغىراق سۈرۈپ قويۇپ چوڭقۇر خىيالغا پاتتى. ئۇزاقى يىلى كالىغا تازا بولىدىغان ئەركەك قويدىن ئىككىنى قوشۇپ سېتىپ ئوقۇش پۇلىغا تۆلىدىم. بۇلتۇر يەنە بىر قوي بىلەن بىر ئېشەكنى ساتتىم. ئۇنىڭدىن باشقا پاختا ساتقان پۇللارمۇ شۇ كامارغا كىرىپ كەتتى. ئەمدى ئۆيدە ساتقۇدەك نېمە قالدى. بۇ

مىڭ كوينى نەدىنمۇ تاپارمەن؟ مىڭ كويلۇق تاماق يەيدىغان قانداق ئادەملەردۇر ئۇلار... قادىراخۇننىڭ تازا بېشى قاتتى.

— بۇگۈنكى كۈندە ئۈنچىلىك پۇلنى كىممۇ ئۆتنە بېرەر، بانكىدىن قەرز ئېلىپ تۇرساق قانداق بولار؟ — دەپ مەسلىھەت بەردى رابىخان.

— بۇلتۇر ئالغان قەرزنى تېخى قايتۇرمىغان تۇرساق، يەنە بانكىدىن قەرز سورايمىزمۇ؟ — دەپ ئاچچىقلاندى قادىراخۇن.

لېكىن ئۇ ئامالسىز ئاخىر بانكىغا باردى. ئەھۋالنى ئېيتىۋىدى، بانكا باشلىقىنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كەلدىمۇ ياكى قادىراخۇن بۇلتۇر كۈزدە بەرگەن بىر تاغار قوغۇننىڭ يۈزىمۇ، ئىشقىلىپ تۆت ئايلىق مۆھلەت بىلەن مىڭ كوي قەرز بېرىشكە ئۇناپ قالدى. قادىراخۇن ھۆججەتكە تىترەپ تۇرغان قولىنىڭ بارمىقىنى باسقاندىن كېيىن پۇلنى ئېلىپ ئىچ يانچۇقىغا سالدى ۋە قايتا-قايتا رەھمەت ئېيتىپ ئىشىكتىن چىقتى.

*　　*

تومۇز ئاپتىپى خۇددى يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى قورۇتۇۋەتمەكچى بولۇۋاتقاندەك قىزدۇرۇۋاتاتتى. يىراقتا چوقچىيىپ تۇرغان تاغلارمۇ ئىسسىقتا كۆزگە گىرىمسەن كۆرۈنەتتى. ئىسسىققا چىدىمىغان تومۇزغىلارنىڭ ناگان-ناگاندا چىرىلداۋاتقان ئاۋازىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھەممە يەر جىمجىتلىققا چۆمگەن، ئەتراپتىكى دەل-دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى خۇددى قىزىق ئاپتاپ بىلەن ئۇزاق ئېلىشىپ ئاخىر يېڭىلگىنىگە تەن بەرگەندەك ساڭگىلاپ قېلىشقانىدى. ئەتراپى كەندىر، قوناق ۋە كېۋەزلىكلەر بىلەن قاپلانغان قوغۇنلۇقتا يۈزلىرى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن قادىراخۇن قوغۇن پەرۋىش قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ مايلىشىپ، رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن كونا دوپپىسى بىلەن ئۇستىدىكى كىرلىشىپ ئاق ياكى سارغۇچلۇقىنى پەرق ئەتكۈسىز بولۇپ كەتكەن كۆڭلىكى ئۇنى تېخىمۇ مىسكىن كۆرسىتىپ تۇراتتى. يۈز-كۆزلىرىگە ئېقىپ چۈشۈۋاتقان ئاچچىق تەرىنى دەممۇ دەم سۈرتۈپ قوياتتى. ئۇ گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى يالاپ، سىرقىراپ ئاغرىۋاتقان بېلىنى سىلىغىنىچە ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئۈمىدى مۇشۇ قوغۇنلۇققا باغلانغان، قوغۇنلىرى ئوبدان ئوخشاپ بەرسە، ئۇ قەرزلىرىنى تۆلىۋالىدۇ. ئۇ ئەتراپىدىكى ئەجرىگە لايىق ئايىنغان قوغۇن پىلەكلىرىگە ھەم ئۇلاردىكى تەكشى چېچەكلەرگە قاراپ رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى. ئوغلى ئەزىمەتجاننىڭ كەلگۈسىدىكى ئاجايىپ ئوبرازى كۆز ئالدىغا كېلىپ، ھارغىنلىقى بىراقلا يوقالغاندەك بولدى-دە، ئاچچىق ئېچىۋاتقان قورسىقىنىمۇ، ھاردۇق يېتىپ پۇت-قوللىرىنىڭ سىرقىراپ ئاغرىۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ، قايتىدىن ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

قادىراخۇنلار زارىقىپ كۈتكەن كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى. ئەزىمەت مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ھېلىقى «بەخت-تەلەي» دەرۋازىسىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى بولغان مۇقەددەس قىزىل كىنىشكىنى كۆتۈرۈپ كەلدى. بۇ كۈنى ھەممەيلەن ئېيتقۇسىز

خۇشاللىقتا چۆمۈلدى. قادىراخۇن بىلەن رابىخان ئۇنى قولدىن قولغا ئېلىشىپ ھاياجانلانغان ھالدا ئاۋايلاپ سىلىشىپ كەتتى. ئۇلارغا بۇ قىزىل كىنىشكا ھەم ئۇلۇغ، ھەم سىرلىق تۇيۇلاتتى.

چۆنەك بويلاپ سارغىيىپ پىشقان قوغۇنلارغا ھەربىر قارىغاندا قادىراخۇننىڭ كۆڭلى يايراپ، دىلى سۆيۈنۈپ كېتەتتى. قوغۇن ھەقىقەتەن ئوخشىغانىدى. ئەمما، ئۇلارنى بازارغا ئاپىرىپ پۇل قىلىشنى ئويلىسىلا ئۇنىڭ بېشى قاتاتتى. بىرنەچچە مو يەردىكى قوغۇننى بىر ئېشەك بىلەن نەچچە ئون كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بازارغا ئاپىرىپ سېتىش يالغۇز ئۇنىڭغا قاراشلىق ئىدى. بازارغا بارغاندىكى جاپانى دېمەيسىز تېخى. ئۇنى ئاز دەپ ئورۇلغان بوغدايلار ئېتىزدا شۇ پېتى تۇرىدۇ. خەقنىڭ خامانلىرى تېپىلىپ بولغىلى نەۋاخ. تېخى ماۋۇ قوغۇنلۇقتا ئەتىسى-ئاخشىمى بىر ئادەم قارىمىسا بولمىغان. قىشلىق كۆكتات، كۈزلۈك زىرائەتلەرگە سۇ كېلىدىغان ۋاقىت كەلدى. ئۇلارغىمۇ ۋاقتىدا ئوغۇت چېچىپ، سۇغىرىش كېرەك. لېكىن ئۆيدە بىر ئوچۇممۇ ئوغۇت يوق. ئۇنىمۇ ئالدىغان گەپ. قادىراخۇن ئويلىغانسېرى غەمگە پاتتى. مۇشۇنداق ئالدىراش كۈنلەردە ئەزىمەتجان ئۆيدە بولۇپ، ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىغا ھە-ھۇ دېيىشىپ بەرگەن بولسىمۇ-ھە. خىزمەت تاپىمەن دەپ شەھەرگە بىر كىرىپ كەتكىنىچە ھېچقانداق خەۋەر يوق، ھەي...

قادىراخۇن باشقا ئىشلارنى قويۇپ تۇرۇپ ئاۋۋال قوغۇننى سېتىشقا كىرىشتى. ئەتىگىنى تاڭ سۈزۈلە-سۈزۈلمەستە تۇرۇپ قوغۇننى ھارۋىغا باساتتى-دە، بازارغا ماڭاتتى. بەزى كۈنلىرى بىرنەچچە قېتىم قاتنىۋالاتتى. قوغۇننىڭ بازىرىمۇ خېلى ئوبدان بولۇۋاتاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئېشىكى قېرىپ قالغاچقا ئۇنىڭغا جاپا سېلىشقا باشلىدى. بەزىدە ھارۋىنى ئېشەك بىلەن تەڭ تارتىشقا توغرا كېلەتتى.

* *

قادىراخۇن بۈگۈن ئادەتتىكى كۈنلەردىنمۇ بالدۇرراق يولغا چىقتى. تاڭ سۈزۈلگەندە بازارنىڭ قارىسىنى ئالدى. تويۇقسىز پاڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قادىراخۇننىڭ يۈرىكىمۇ ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتكەندەك سىلكىنىپ كەتتى. ئۇ ھارۋىدىن بىرەر چاتاقنىڭ چىقىشىدىن ئەنسىرەپ يۈرگەنىدى. مانا، ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك بۇ ئىش يۈز بەردى. ئوڭ چاق يەرگە چاپلىشىپلا قالغانىدى. بۇ پېشكەللىككە قاراپ قادىراخۇننىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلغاندەك بولدى. كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئاخىر ئۇ ئىككىلا كامىرنى قاسقاندىن چىقىرىپ ھارۋىنى شۇ پېتىلا ھەيدەپ ماڭدى. شېغىللىق يولدا تۆمۈر قاسقان بىلەن يول يۈرۈش خېلىلا تەسكە توختىدى. شۇنداقتىمۇ قادىراخۇن ھەر ھالدا قوغۇننى بازارغا ئاچىقۋالدى. ئۇنىڭ دىمىغىغا يېنىدىكى ئاشخانىدىن ھەر خىل تاماقلارنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ئۇ قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس

قىلىپ ھارۋىدىكى قوغۇنلارنىڭ ئىچىدىن ھەممىدىن كىچىك، كۆرۈمسىزرەكىدىن بىرىنى ئېلىپ، قاتتىق نان بىلەن يېدى. ئاشۇ پۇراۋاتقان ئىسسىق سوۋيقاشتىن بىر چىنە ياكى لەغمەندىن بىر تەخسە ئېلىپ يەۋالغان بولسا بولاتتىغۇ، بىراق شۇ قەرزلەر... - ئېشەكنىڭ دەردىنى ئاز دەپ، كامىر تېشىلدى. ئۇنىڭغىمۇ پۇل كېرەك. تېخى ئۇنى رېمونتخانىغا ئەكىرىپ سالدۇرىدىغان گەپ... شۇ - تاپتا ئۇ ئۆزىنى گويا قاتمۇ قات تاغ چوققىلىرى ئارىسىدا قىلىپ، بىر تەرەپكە ئۆزۈپ چىقىپ كېتەلمەيۋاتقاندەك ھېس قىلىپ ئىچى سىقىلىشقا باشلىدى. ئۆزىنى خۇددى تاغقا چىققۇچىدەك، ياشاشنى بولسا كۆز ئالدىدىكى بىر-بىرىدىن ئېگىز سان-ساناقسىز چوققىلار-دەك كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئۇ دائىم ئۆزىنى ئەڭ ئېگىز چوققىغا چىقىشقا بەل باغلاۋاتقاندەك ھېسابلايتتى. ئاشۇ ئەڭ ئېگىز چوققا بەلكىم قەرزلەرنى پاك-پاكىز تۆگەتكەن، زىممىسىدىكى روھىي يۈك بىلەن. كۆز ئالدىدىكى جاپالىق كۈنلەر ئاخىرلاشقان كۈندۇر ۋە ياكى ئايالى رابىخان دېگەندەك ئوغلىنىڭ ھىمايىسىدە غەم-قايغۇسىز خۇشال-خۇرام ئۆتىدىغان كۈنلەردۇر.

* *

— ئەزىمەتجاندىن خەت كەپتۇ، — دېدى رابىخان يولدىشىنىڭ كۆزلىرىگە غەمكىن تىكىلىپ.

— ھە، نېمە دەپتۇ، خىزمەت تېپىپتىمۇ؟ — قادىراخۇن قولىدىكى چىنىنى ئالدىراپ داستىخانغا قويۇپ ئۈمىد بىلەن ئايالىغا تىكىلدى.

— نەدىكىنى دەيلا، — دېدى رابىخان ئۇھ تارتىپ، — تېخىچىلا ئۇيەر-بۇ يەردە خىزمەت ئىزدەپ يۈرۈۋاتىمەن، يېنىمدىكى پۇللىرىم پاك-پاكىز تۈگىدى. شەھەر دېگەندە پۇل بولمىسا بولمايدىكەن. ئاڭلىسام ئىككى مىڭ كوي بولسا ئاندىن بىر خىزمەت تاپقىلى بولىدۇ دەيدۇ. ئامال قىلىپ تېزرەك پۇل ئەۋەتىڭلار، ئاش-تاماقتىن قىينىلىپ قېلىۋاتىمەن، — دەپتۇ...

— نېمە؟ يەنە پۇل؟!

قادىراخۇن لاسسىدە بوشىشىپ ئولتۇرۇپلا قالدى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مامۇت زايىت

# ئەجداد ئابىدىسى

## گۇما تاشپۈتۈكلىرى

1

گۇما ماڭا ئالتۇن بۆشۈكسەن،
كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن دىيار.
قەدىردانسەن، ئەزىز، بۈيۈكسەن،
ئۇزاق تارىخ يولىدا تۇلپار.
بولۇپ ئەجداد-ئەۋلادقا ۋەتەن،
قىلدىڭ ئىجاد بابىدا شۇڭقار.
سېنى كۈيلەپ تىكلىسەم دەيمەن
شېئىرىيەتتىن تاشپۈتۈك مۇنار.

بوۋاقلىقىم ئەللىيى ئۆزۈڭ،
ئۆسمۈرلۈكنىڭ مەسۇم كۈلكىسى.
ئوغلۇقىنىڭ قۇت-تەلىيى ئۆزۈڭ،
يىگىتلىكىم ۋىسال-سۆيگۈسى.
كۈچ-ئەقلىمنىڭ بىلىيى ئۆزۈڭ،
ئىقبالىمنىڭ روشەن كۆرگۈسى.
قېرىلىقىم ھەمراھى ئۆزۈڭ،
ۋۇجۇدۇمنىڭ روھى، سەزگۈسى...

2

سەن ئالەمنى بىلسەن، ئەمما
نامىڭنى كۆپ بىلمەيدۇ جاھان.
نۇرغۇن سىرىڭ تېخى مۇئەمما،
تۇرغان ئورنۇڭ چۆل-تەكلىماكان.
قىلدىڭ ئەللىك بوستانلىق بىنا،
تەبىئەتكە بولۇپ پاسىبان.
خەلقىڭ جانلىق، تېتىك ۋە دانا،
بولۇپ كەلدىڭ مەردلەرگە ماكان.

خىرىس قىلدى ساڭا توختىماي
قۇم ئەجدىھا، بوران ئەجدىھا،
قالدى بارخان ئاستىدا تالاي
قەسىر، بوستان، زىرائەت-گىياھ.
سەن ئېلىشتىڭ، جەڭگاھىڭ چۆل-ساي،
چېكىنمىدىڭ پەرھاتتەك گويا.
ئېچىپ جەننەت قايتىدىن چىراي،
بولدۇڭ ئەجەب گۈزەل دىلرەبا...

3

هۈنەر-سودا دىيارى گۇما
چوڭ ئۆتكى كارۋان بۈيۈكنىڭ.
ئۇلى قار ۋە مۇزلۇق شەيدۇللا ①
ئەرشنى يۆلەپ تۇرغان تۈۋرۈكنىڭ.
ئىتى چاپقان مۇشۇ يوللاردا
شەرق-غەربكە ئۇيغۇر-تۈركنىڭ.
خارابىسى-ئىزناسى تولا
كارۋان ئۆتكەن رابات-كۆۋرۈكنىڭ.

بۇ يەردىكى ھەر بىر ئادەمنىڭ
قولى ئالتۇن، قەلبى-جىسمى ئوت.
بوۋىلىرى كەشپىيات-پەننىڭ
شۇ زېمىندا بولدى تەۋەللۇت.
پەخرى-شانى قەدىم خوتەننىڭ
قەغەز، گىلەم، ساز، ئەتلەس، مەشۈت.
بىر گۆھىرى بۈگۈن ۋەتەننىڭ
ئەقىل، بايلىق ماكانى بۇ يۇرت...

4

كۈن-تۈن ئاقار گۇما دەرياسى،
ئۆركىشىدە قەيسەرلىك، جۈرئەت.
تاغلىرىدا سىرلار جىلۋاسى،
ھەر بىر چوققا بىر تىلسىم-ھېكمەت.
ئەڭ قەدىمكى تارىخ ئىزناسى
قىيا تاشقا ئويۇلغان سۈرەت.
لال ۋە ھەيران ئىلىم دۇنياسى،
يېزىقمۇ بۇ ۋە ياكى سەنئەت؟

. . . . . . . . . . . . . . . .

ياغدى ئالىم-تارىخچى بۇندا،
چاقماق چاقتى باشلاردا پىكىر.
قىيا تاشقا نەچچە ئورۇندا
چۈشۈرۈلگەن چوپان، قوي، سېيىز.
ئويۇلغان ئۇ بەكمۇ بۇرۇندا،
تۈمەن يىللار قىلىنار زىكىر.
بىلدىڭمۇ دوست، ئاھ بۇ زېمىندا
باردۇر يەنە قانچىلىغان سىر؟

5

جەننەتمۇ بۇ، يا پەرى يۇرتى،
قىز چېھرىگە قىزىلگۈل رەڭداش.
ماگىمىدۇر گۈزەللەر ئوتى،
كۆيەر ئاشىق چۈچۈلا ئوخشاش.
ئۆچۈرەلمەس ھىجراننىڭ جۇتى،
بۇندا ۋاپا كۆكىدە قۇياش.
ھەربىر پەرى بىر يىگىت قۇتى،
لەھەتكىچە سادىق جۈپ-قاياش.

بىللە ئىشلەپ قېرىيدۇ ئۇلار،
مۇشەققەتتىن ئەسلا قورقمايدۇ.
مال بېقىپ، يەر تېرىيدۇ ئۇلار
يالقاۋلىقنى پەقەت ئۇقمايدۇ.
چۆل-دەشتتە باغ قۇرىدۇ ئۇلار،
ئادەمىيلىك بۇرچىنى ئاقلايدۇ.
ئۆزگىگە نەپ بېرىدۇ ئۇلار،
خىسلەتتە كۈن بولۇپ چاقنايدۇ...

6

تاغلار-قىلىچ دەستىسىمان،
تىك چوققىلار — ئۇنىڭ تىغ-بىسى.
تۇرىدۇ ئۈچ بۈركۈت خىيالچان،
شۇ زېمىندا ئۇلار ئۇۋىسى.

① گۇمىدىن ھىندىستان ۋە غەرب ئەللىرىگە بارىدىغان چېگرا ئېغىزى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاھ، بۇ ئۇۋا شۇنچە قەدىردان،
بۇندا ئۆتكەن ئاتا-بوۋىسى.
ئۇچۇم بولدى سانسىز بالىپان،
ۋۇجۇدىدا ئىپتىخار ھېسسى.

شۇ بۈركۈتلەر-قەيسەر ۋە دانا
ئۇيغۇر، تاجىك، قىرغىز مىللىتى.
پاراستى، ئەجرىدە مانا
ئاشتى قۇدرەت-كۈچى، شۆھرىتى.
سەن بۈركۈتلەر ئۇۋىسى گويا،
چوڭقۇر ساڭا ئۇلار ھۆرمىتى.
باتۇرلارغا بولغانلىق ئانا
يۈكسەك ئىكەن قەدىر-قىممىتى...

## 7

تۇپرىقى زەر، ئادىمى گۆھەر،
تەزكىرىسى شۇنچە قەدىمىي.
كەشپ-ئىجادتا قۇچتى شان-زەپەر،
توختىمىدى ئەدەب قەلىمى.
ئەلمساقتىن بۈگۈنگە قەدەر
يەتتى نۇرغۇن دانىش قەدىمى.
سەرسان بولغان تەجەللى پەدەر ①
قارشى ئېلىندى بۇندا سەمىمىي.

گۆمنى بۇ ئۇلۇغ شائىر زات
بىلدى نۇرغۇن يۇرتلاردىن ئارتۇق.
قىلىپ غەزەل-قەسىدە ئىجاد
قىلدى ئۇنى خەلققە تارتۇق.
كۆچۈرۈپ تىنچ-خاتىرجەم ھايات،
قۇچتى ئالەمشۇمۇل شان-ئۇتۇق.
ئىز باسقۇچى ماموتتا سۇبات،
پەن-ئىجادقا جېنى تەسەددۇق...

## 8

ھاكىم، ساڭا قىلاي ئىلتىجا،
رەھبىرى سەن بۈگۈن گۆمنىڭ.
گەرچە نامرات بولسىمۇ، ئەمما
دىيارىمىز سېنىڭ ۋە مېنىڭ.
خەلقى جانلىق، تېتىك، مەرد، دانا،
ئۇ يولە نچۇك تېغىڭ ۋە جېنىڭ.
ئۇنى سۆيگىن، باي قىلغىن، ئاسرا،
بۇ، ھاكىملىق بۇرچۇڭدۇر سېنىڭ.

ئاتاڭ ئىدى خەلق ئوغلانى،
بول ئۇنىڭغا ياخشى ئىز باسار.
دوست تۇتمىغىن پۇل، مال-دۇنيانى،
بول مەرد قۇياش ھەم سېخىي باھار.
ھەر كۈن رازى قىلغىن پۇقرانى،
ياخشىلىقىڭ بولسۇن بەرقارار.
ساڭا ئەلنىڭ ھۆرمەت-ئىنئامى
تىكلىگۈسى تاشپۇتۇك مۇنار...

## 9

سېھىرگە باي مۇقام-ناخشىلار
جېنىمىدۇ مۇشۇ تۇپراقنىڭ.
بۇ يەردىكى چۆللەر، باغچىلار
ئانىسىمۇ غەزەل-قوشاقنىڭ.
يۇرتتا دېھقان، تاغدا مالچىلار
بۇلىقىمۇ «سىگاھ»، «ئۇشاق»نىڭ.
قانىمىغاندۇ ئىچىپ قانچىلار
كەۋسىرىدىن مۇشۇ بۇلاقنىڭ.

بۇندا قوشماق كۈيگە ئاسمان-يەر،
ئۆكسۈمەيدۇ كۈن-تۈن ساداسى.

① ئالىم ۋە شائىر تەجەللى گۆمدا يەتتە يىل ياشىغان.

مەشرەپ-مۇقام ئەھلى ئايال-ئەر،
ئاڭا قايىل سەنئەت دۇنياسى.
ھەر بىر ناخشا-مۇقام بىر گۆھەر،
ئالەمشۇمۇل قەدرى-باھاسى.
ئاشۇ كۈيلەر بەرگەچ قانات-پەر،
توختىمايدۇ شائىر ناۋاسى...

## مىڭ تۈلپار

بوۋىلار تارىمنى بىلىپ مۇقەددەس
تۆۋنىغان، ئۇ بەرگەچ قۇدرەت، كامالەت.
بۇ سۆيگۈ-ئېتىقاد ئاساسسىز ئەمەس،
يارالغان شۇ ھەقتە ئېسىل رىۋايەت:

بەك قەدىم زاماندا تارىم ۋادىسى
ئىكەنمىش تەڭداشسىز گۈزەل، باي، مۇنبەت.
ياشاركەن مىڭ تۇياق تۈلپار پادىسى.
ئۇلاردا ئاجايىپ مەپتۇنكار سۈلكەت.

مەخمەلدەك ئوتلاقلار، قۇرۇماس بۇلاق
بولغاچقا كەڭ ئىكەن رىزقى-ئوزۇقى.
ئىگەرسىز، يۈگەنسىز يايلاركەن ھەرۋاق،
چاپقاندا ئوت چاچار ئىكەن تۇيىقى.

ئۇچاركەن قۇش كەبى ئەركىن، بىمالال
بۇلۇتتەك يالنى يېيىپ ئەرشتە.
بولۇپ ئۆز قامىتى، سۈرئىتىگە لال،
ھەيرەتتە باقاركەن ئىنسان، پەرىشتە.

تۈلپارلار ئەقىللىك، خىسلەتلىك ئىكەن،
ئىچكەچكە بۇلاقتىن بال تەملىك سۈنى.
تارىملىق تەدبىرلىك، جۈرئەتلىك ئىكەن،
تۇتماقنى كۆڭلىگە پۈككۈپتۇ ئۇنى.

يوق ئىكەن جاھاندا مىنىلگەن ئۇلاغ،
باساركەن ئىنسانلار يولنى پىيادە.
تارىملىق جۈرئەتتىن ياندۇرۇپ چاقماق،
تىكلەپتۇ بۇ ئىشقا تۇنجى ئىرادە.

ئەقلىدە، بىلىمدە دانىش بەركامال
كىشىلەر ماكانى ئىكەن ئۇلۇس-يۇرت.
كۆلبىلگە ئىسىملىك قېرى ئاقساقال
بۇ ھەقتە ئويلاپتۇ قىلىپ تەرەددۇت.

ئەل بىلەن كېڭىشىپ، ئىشقا كىرىشىپ،
تېپىپتۇ ئاخىر ئۇ ئەپچىل چارىنى.
تەجرىبە ئۆتكۈزۈپ كۈن-تۈن تىرىشىپ،
ئوت-چۆپتىن كەشىپ قىپتۇ يېڭى دورىنى.

ياساپتۇ يۈگەن ۋە ئۈزەڭگە، ئىگەر،
پۈتۈپتۇ جاپادا جىمى تەييارلىق.
ئىختىرا چولپانى دانىشمەن پەدەر
چۈشۈرمىش قەبىلە-ئۇلۇسقا يارلىق.

توپلىنىپ يۇرت-يۇرتتىن باتۇر يىگىتلەر،
يوشۇرۇنۇپ ئوتلاققا تۇرۇپتۇ سەپراس.
دىللاردا بالقىپتۇ پارلاق ئۈمىدلەر،
بارچىدا ھاياجان، زوق ۋە ئېھتىراس.

بۇلاققا سىڭىشىپ دورا بىھوشنى،
قۇرۇپتۇ قاپقاننى، تۇرۇپتۇ كۈتۈپ.
قىسماقتا تۇتقاندەك گوياكى قۇشنى،
مىڭ تۇياق تۈلپارنى باغلاپتۇ تۇتۇپ.

شاش، كۈچلۈك تۈلپارنى بويۇن ئەگدۈرمەك
چۈشۈپتۇ شۇ چاغدا ئاجايىپ تەسكە.

ئۇيغۇر كىتاب بەتلىكى www.uyghurkitap.com

بولغاچقا بوۋىلار دانا، تاغ يۈرەك
كەلتۈرمىش بۇلارنى ئاخىر ئەيۋەشكە.

يۈگەنگە، ئىگەرگە كۆنۈپتۇ مىڭ ئات،
مىنىپتۇ تۇنجى رەت تارىملىق ئىنسان.
تارقاپتۇ دۇنياغا تۇلپاردىن ئەۋلاد،
ئاپىرىن ياڭراتمىش ئۇلارغا جاھان...

شۇ گۈزەل، مەنىلىك، سىرلىق رىۋايەت
بىر چوڭقۇر پىكىرگە سالار كىشىنى.
ئەسلىتەر ئەجدادنىڭ ئىشەنچ، كامالەت
پارلىغان ئېتىقاد، كەچۈرمىشىنى.

بۇ ئاتلار ئىزناسى — ئويما سۈرىتى
چاقنايدۇ ئالتۇنتاغ قىيالىرىدا.
بوۋىلار تۆھپىسى، ئەقلى، جۈرئىتى
يالتىرار شۇ سۈرەت جۇلالىرىدا.

قىدىرىپ بۇ تاغنى ئالىم، سەيياھلار
قىلىشتى يېپيېڭى تەپەككۇر-قىياس.
بۇندىكى تاش ئويما، جانلىق گۇۋاھلار
ئەجدادلار تارىخى، كەشپىگە ئاساس.

بولغاچقا قولىدا تۇلپار تىزگىنى،
يول ئاچقان مەرىپەت، سودا-ھۈنەردە.
كېچىپ سىر-ئامۇرنى، ئۇرخۇن، گانگىنى،
شانلىق ئىز قالدۇرغان ئۇلار زەپەردە.

ئويلايمەن، ئويلايمەن، ئويلىرىم تەگسىز،
بىزمۇ ھە، شۇلارنىڭ نەسلى-ئەۋلادى؟
ھەغدالىق ئەۋلادقا تەئەللۇق شەكسىز،
پەرزەنتلەر بەختىدۇر ئاتا مۇرادى...

## لوپنۇر رىۋايىتى

قارايمەن ئەي لوپنۇر كۆلى ھۆسنىڭگە،
سەن پاكلىق، مۇھەببەت، ئارمانغا كۆزنەك.
ئاجايىپ رىۋايەت چۈشەر ئېسىمگە،
سەن مەشۇق سوۋغىتى، ئاشىققا ئەينەك:

تەڭرىتاغ — بىر ئۇيغۇر يىگىتكەن ئەسلى
بۇنىڭدىن تۈمەنمىڭ يىللار ئىلگىرى.
قۇياشقىز — تەڭرىنىڭ پەرىۋەش نەسلى
ئىكەن بۇ يىگىتنىڭ مەشۇق دىلبىرى.

قىسمەتتە بۇيرۇلغان قۇياشقىز بۇرچى
كۈندۈزى ئالەمگە نۇر چېچىش ئىكەن.
يىگىتنىڭ تەڭداشسىز ئەقلى ۋە كۈچى،
خىزمىتى زېمىننى ياشنىتىش ئىكەن.

ئۇلارنىڭ يالقۇنلۇق ئىشقى-سۆيگۈسى
ماگمىغا ئايلىنىپ سىڭمىش تۇپراققا.
بولغاچقا ساداقەت-ۋاپا ئۆلگىسى،
ئەرش ئەھلى ئۇلۇغلاپ قاتمىش قوشاققا.

تەڭرىمۇ ئامراقكەن ئۇلارغا بەكلا،
يىگىتنى.يۆلەنچۈك تېغىم دەيدىكەن.
كۆرگەچكە قۇياشنى ئۆز قىزىدەكلا،
ئارزۇسى، غېمىنى دائىم يەيدىكەن.

كۈندۈزى ئەجرىدە، نۇردا ئىككىسى
گۈللەرگە تولدۇرمىش جاھان يۈزىنى.
ئۇچرىشىپ زېمىندا ئۇلار كېچىسى،
سۈرەركەن مۇھەببەت، ھايات پەيزىنى.

يىگىتكە قۇياشقىز تۇغۇپ بەرگەنمىش
ھېسابسىز پەرزەنتنى باتۇر، سۇمباتلىق.
ئۇيغۇرلار ئۇلارنىڭ ئەۋلادى ئىمىش،
شۇلاردىن ياشناپتۇ يەردە ھاياتلىق.

بۇ تۆھپە ئەگرىنى ئەسرلەندۇرۇپ،
بەخش ئەتمىش يىگىت ھەم قىزغا قۇت-ئامەت.
ۋە لېكىن بۇ دۇنيا كەلگەن جىق كۆرۈپ،
بەختنىڭ كەينىگە مۆكۈنگەن ئاپەت.

بىر تاڭدا ئۇلارنى چىرماپتۇ غەپلەت،
بىخودلۇق ئۇلكىدە قاپتۇمش ئۇخلاپ.
قۇياشقىز پەلەككە چىقمىغاچ، زۇلمەت
بېسىپتۇ كۈندۈزدە ئالەمنى قاپلاپ.

تۇر قىزىم! ئەرشتىن سادا ياڭراپتۇ،
قۇياشقىز ئويغىنىپ، كەتمىش ئۇيۇلۇپ.
يىگىتكە چىدىماي ئۇزاق قاراپتۇ،
ئايرىلىش ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلۇپ.

سەۋەبى شەپقەتلىك، قاتتىق قول تەگرى
كۆرمەركەن غەپلەتنى، ھورۇنلۇقنى ئۈچ.
قۇياشقىز چۈشەلمەس پەلەكتىن ئەمدى،
ئاھ، سۆيگۈ كەلمەكتە جۇدالىققا دۇچ.

قۇياشقىز قەلبىدە دەرد-ئەلەمدىن داغ،
ئاسمانغا ئۆرلەپتۇ خوش! دەپ ئاھ ئۇرۇپ.
خاتىرە بولسۇن دەپ يىگىتكە شۇ چاغ
ئەگۈشتەر ئەينەكنى كەتمىش قالدۇرۇپ.

نەس باسقان ئۇيقۇدىن يىگىت ئويغىنىپ،
پەريادى زېمىندىن ئەرشكە يېتىپتۇ.

بۇ ئازاب دەردىدە قىزمۇ تولغىنىپ،
يىگىتكە ئەسەللى بېرىپ ئېيتىپتۇ:

قالدۇردۇم ھاياتنىڭ سىر ئەينىكىنى،
سىزگە ھەم نەسلىمگە بولسۇن يادىكار.
قۇياشنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى
ئۇنتۇماي ياشىسۇن ساقلاپ ۋىجدان-ئار.

ئۆمۈچۈك تورلىرى باسسا كۆزلەرنى،
قاراڭلار ئەينەككە، كۆرۈنەر ئوچۇق.
پاكىز ۋە نۇرانە قىللار يۈزلەرنى،
ئۇنىڭدا بار ئەكسىم ئىقبالدەك يورۇق.

ئاجايىپ خىسلەتكە تولغان بۇ ئەينەك،
نۇر، ئابىھاياتتا ياسالغان جىسمى.
ئەۋلادىم قىسمىتى-بەختىگە كۆزنەك،
لوپنۇر دەپ ئاتىلار مۇبارەك ئىسمى.

بۇ ئەينەك يېتىمەستىن تۇرسا ساق-ئامان،
تاپىدۇ ئەۋلادلار روناق-كامالەت.
يوقالسا، يا يەتسە زەخمەت ۋە زىيان،
يۇرت چۆلگە ئايلىنىپ، ياغدۇ ئاپەت.

سىلەرنى سۆيىمەن ئەبەدلىئەبەت،
ۋە لېكىن بىزگە بۇ ھىجران بەك ئۇزاق.
ئاپەتنىڭ مەنبەسى نادانلىق، غەپلەت،
چىقمىسۇن ئەستىن شۇ پاجىئە-ساۋاق...

## تۆمۈرچى

ئىزگۈلۈك، ئىشچانلىق، مەردلىك مۇقەددەس،
يۇلتۇزلار توپىدا ئورنى، زىياسى.
تۆھپىلەر باقىيدۇر، كەشپىيات ئۆلمەس،
ئۇنىڭدا ئۆز، گۈلگۈن ئىنسان دۇنياسى.

www.uyghurkitap.com

بازغاننىڭ زەربىگە سەندەل دېمەس داد
تاۋلانغاچ يالقۇندا ئۇنىڭ قورۇچى.
نى جاپا ئالدىدا چەكمىگەن پەرياد
بولغاچقا پولاتتىن ئەجداد خورۇچى.

ئۇلارنىڭ تۆھپىسى، ئىختىراسى كۆپ،
بولدى شاھ پەن-سەنئەت، ھۈنەرگە ۋەتەن.
ئۆتتى جىق دانىشمەن پىرلار نۇر تۆكۈپ،
قىنىئەلەر كارۋىنى ئاڭا قايىل-تەن.

قۇياشتەك ئۆمۈرلۈك تەگرى تېغىدىن
ئاڭلايمەن شۇ ھەقتە قىسسە-رىۋايەت.
كىتابخان، سىزگىمۇ سۆزلەي بېغىمدىن،
بۇنىڭدا تارىخىي تۆھپە، جاسارەت...

1

ئىنسانلار يايلاقتا، شەھەر تېخى چۈش،
ئۆۋچىنىڭ، چوپاننىڭ ئۆيى ئۆڭكۈر-تاغ.
تاش چاقماق ئوتىدا پىشۇرۇلار گۆش،
بۆركۆتلەر ئۆۋسى بۇزۇلمىغان چاغ.

ئاشۇنداق زاماندا غەربىي ئۇيغۇرلار
جاي ئالمىش تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە.
ئوتلاقلار، جىلغىلار، قاپتال-چوققۇرلار
قاپلانمىش باھارنىڭ چېچەكلىرىگە.

ياشاركەن ئەمگەكچان بۇ خەلق ئىناق،
يايلاقتىن يايلاققا كۆچۈپ، مال بېقىپ.
تۇرمۇشى جاپالىق ۋە لېكىن قۇۋناق،
ئاي-يىللار گاھ سۈزۈك، گاھ لايلىق ئېقىپ.

يۇرسىمۇ ئۇۋ قىلىپ كېيىك، توشقاننى،
توقماقتا، ئوقيادا تۇرۇپ دالدىدا.
يېگەلمەي تۈلكىنى، يىلپىز، قاپلاننى،
بى ئامال قالاركەن يىرتقۇچ ئالدىدا.

ئەقىللىق ياش يىگىت تۆمۈرچى قابان
خەلق بىلەن كېڭىشىپ، قىپتۇ تەرەددۇت.
بولۇپتۇ تەگرىتاغ رودا ئۈچۈن كان،
بىر ئۇلۇغ كەشپىيات بوپتۇ تەۋەللۇت.

مۇقەددەس ئوچاقتا يالقۇنلاپتۇ چوغ،
سوقۇلمىش دەسلەپكى مىلتىق ۋە قىلىچ.
نۇسرەتتىن لەپىلدەپ بۆرە باشلىق توغ،
يىرتقۇچلار ئازىيىپ، ياشاپتۇ ئەل تىنچ.

دانىشمەن ئەجرىدە بۇندا ھۈنەر-كەسىپ
يىلسېرى كۆپىيىپ تاپقانمىش كامال.
خادىغا خورازنىڭ بېشىنى ئېسىپ،
قابانىنى بۇ خەلق قىپتۇ ئاقساقال.

بارغانچە ئۆزلىشىپ تاغ-دەريالىرى
زىبالىق ئالغانمىش ئەقىل گۈلىدىن.
ئۇلارنىڭ پەن-ھۈنەر، ئىختىرالىرى
تاراپتۇ جاھانغا سوقاق يولىدىن ①.

ۋە لېكىن تۆۋرۈكسىز، تۇراقسىز پەلەك،
ئۇنىڭدا قۇت، ئايەت دائىم مۇئەممما.
باي بولۇپ، ئۆزگىرىپ نىيەت ۋە تىلەك،
قويۇپتۇ ئۆزىگە بۇ خەلق تەمەننا.

ئەل-يۇرتنى بېسىپتۇ پىتنە، غاپىللىق،
نادانلار قۇتراپتۇ ھوقۇق تالىشىپ؛

① سوقاق (بۆكەن) يولى — يىپەك يولىنىڭ قەدىمكى نامى.

ئاسىيلار روھىدا ياتقا مايىللىق،
ياۋ بىلەن بىرلەشمىش ئىغىز يالىشىپ.

ساقىپتۇ ئىناقلىق، پاكلىق يۇلتۇزى،
ئەۋج ئاپتۇ دۈشمەنلىك، تەپرىقە-نىزا.
تۈلكىنى قوتانغا باشلىغاچ ئۆزى،
بۇ ئەلگە يۈزلەنمىش ئاپەت ۋە قازا.

باستۇرۇپ كەلگەنمىش مەغرىب سۇلتانى
ئىستىلا قىلماقتا بۇ گۈزەل يەرنى.
قابانىنىڭ قەلبىدە غەزەپ ۋولقانى،
جەڭ قىپتۇ ئويىنىتىپ گۈرزە-شەمشەرنى.

ئەل تارقاق، باسقۇنچى بولغاچ مەككار-قۇۋ،
يېڭىلمىش رەقىبتىن قابان ۋە پۇقرا.
مىسالى تۈلكىگە شىر بولۇپتۇ ئوۋ،
قان بىلەن جەسەتكە تولمىش تاغ-جىرا.

ئۆرتەنمىش يەر-ئاسمان، ئۆرتەنمىش يۈرەك،
ئايرىلىپ بۇ زېمىن ھەممە-ھەممىدىن.
ساق قاپتۇ نەچچە ئون ئوغۇل-قىز گۆدەك،
قابان ۋە خوتۇنى ئۇيغۇر قەۋمىدىن.

ئەگىشىپ ھەممە يىلەن باتۇر قابانغا،
ئايال ۋە باللار قوتۇلمىش قېچىپ.
مېڭىپتۇ جېنىنى ئېلىپ ئالقانغا،
تاغلارغا يامىشىپ، ئېقىننى كېچىپ.

نەچچە ئاي يول بېسىپ پاناھلىنىپتۇ
بەك يىراق تاغدىكى تۈزلەڭ ۋادىغا.
يىللارنىڭ چىرىغى ئۆچمەي يېنىپتۇ،
تولۇپتۇ ھەممە ياق ئاق ئۆي، پادىغا.

دانىشمەن قابانىنىڭ ئەجرىدە گۈللەپ،
بولۇپتۇ تار، قاقاس بۇ يەر ئاۋات، باي.
ئۇ يۇرتقا نام بەرمىش «ئەرگىنەقون» دەپ،
بولغاچقا بۇلارغا باشپاناھ شۇ جاي...

2

قىسىپتۇ گۈل-چېچەك ئۆز باھار پەسلى،
شاد ئىكەن ئەل، قابان قوت-نۇسرەت قوچۇپ.
پاتمىغاچ يايلاققا چارۋا، مال-ۋەسلى،
كەتمەكچى بولۇپتۇ بۇ جايدىن كۆچۈپ.

ۋە لېكىن يوق ئىكەن مېڭىش ئۈچۈن يول،
تۇراركەن ھەر ياقنى تىك تاغلار توسۇپ.
ھېچ ئامال تاپالماي غەش بوپتۇ كۆڭۈل،
ئويلاپتۇ: «بولماسمۇ چىققىلى بۆسۈپ.»

بۇ ئىشقا ھەممە يىلەن قاتۇرۇپتۇ باش،
ھەر جايدا ئەسقاتقاي دانىشلار ئەقلى.
ئاپىرىن، ئۈمىدتىن پارلاپتۇ قۇياش،
ئىشەنچكە تولۇپتۇ بۇ يۇرتنىڭ خەلقى.

ئۇ چاغدا قابانخان سەكسەن ياشلىق چال،
خىزىردەك مويسىپىت، تەگرىدەك ئاقىل.
تاپقاچقا كەشىپ-ھۈنەر بابىدا كامال،
ھۆرمەتلەپ دەر ئىكەن خەلق: «پىرى كامىل»

قىدىرىپ دانىشمەن ھەر ياقنى ئۇدا،
چىقىپتۇ تىنك قاقاس تاغقا بىركۈنى.
دەپتۇ: «تاغ ئىكەنغۇ پۈتۈنلەي رودا»،
ئاچايلى يول ئوتتا ئېرىتىپ ئۇنى.

كېلىپتۇ جىمى خەلق ھەرىكەتكە شۇندا،
تويلانمىش تاغ كەبى كۆمۈر ۋە ئوتۇن.
ئېقىپتۇ ئوت-ماگما دەرياسى بۇندا،
داغدام يول ئېچىلمىش تاغ ئېرىپ پۈتۈن.

تەنتەنە قىلىشىپ قاتمىش قوشاققا،
بۇ قۇتلۇق غەلبىنى ئەل دىلى ياشناپ.
بىلمەپتۇ بېرىشنى ئەمما قاياققا،
بولمىغاچ ماڭغۇچى ئۇلارنى باشلاپ.

شۇ پەيتتە بۇ يەرگە بولغانمىش پەيدا
يالىسى كۆك بۆرە — ئوغۇز تەگرىسى.
«بەختىڭلار-ئەجدادلار ياشىغان جايدا!»
دېگەنمىش، سۆيۈنمىش ئەل-يۇرت ھەممىسى.

كۆك بۆرە ئۇلارنى مېڭىپتۇ باشلاپ،
چوڭ كۆچكۈن ئاشقانمىش نۇرغۇن تاغ-داۋان.
بىپايان قۇملۇقنى ئارقىغا تاشلاپ،
ساسلىقتىن، سايلاردىن ئۆتۈپتۇ ئامان.

بۇ ئۇلۇس بىرىيلدا ئاخىر يېتىپتۇ
ئەجدادلار ماكانى ئانا ۋەتەنگە.
مەغرىبلىك دۈشمەننى تارمار ئېتىپتۇ،
ۋە يۇرتنى ئۆزگەرتمىش قايتا گۈلشەنگە.

تەڭرىتاغ ۋادىسى، تارىم تۆپرىقى
ئۇلۇسقا بېرىپتۇ ئەقىل، بايلىق، قۇت.
يېنىپتۇ پەن-بىلىم، ئىرپان چىرىغى،
شان-شەۋكەت قۇچۇپتۇ بۇ مۇقەددەس يۇرت.

باشپاناھ بولغان جاي ئەرگىنەقۇننى
ئۇنتۇماي ئەسلەپتۇ بۇ خەلق ھەردەم.
ئۇ يەردىن ئايرىلغان بىرىنچى كۈننى
بېكىتمىش، ئۆزگە مۇقەددەس ئايەم.

كۆتەرمىش ئەل سەردار-يولباشچى تىكلەپ
نىجادكار تۆمۈرچى پىرى ئۇستازنى.
خەلق ئىناق-ئۈم بولغاچ يۇرت ياشناپ-كۆكلەپ،
يۈكسىلىش كۆكىدە قېپتۇ پەرۋازنى.

تۆمۈرچى باش بولغان ئۇلۇس-قەبىلە
قاڭقىلى① نام بىلەن تاپمىش كامالەت.
قوزغاركەن ھەر دىلدا پەخىر-زىلزىلە
ئۇلارنىڭ كەچمىشى-ئىزگۇ رىۋايەت...

## خاتىمە

ئۆزۈلمەس شاۋقۇنلۇق ئېقىندۇر ھايات،
تارىختىن بۈگۈننىڭ بەختى تەۋەللۇت.
ئاتىغا ۋارىسلىق-ئەۋلادقا قانات،
قار-مۇزلۇق تاغ مەۋجۇت، دەريالار مەۋجۇت.

قىممىتى، پاكلىقى بولمايدۇ غايىب
ملك يىللاپ توپىدا ياتسىمۇ گۆھەر.
تۆمۈرچى قىسمىتى بۇنىڭغا شاھىد،
قەدرىنى يوقاتماس مەردلىك، كەشپ-ھۈنەر...

1995-يىل، ئۈرۈمچى

① ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قەبىلىسى

**مۇھەممەتتۇرسۇن ئەبەيدۇللا**

# ئاتا

## 1

قەددىڭنى تاغ دەيمۇ، تاغ دېسەم ئەگەر
بۇ يەنە شەنىڭگە قىلارمۇ پەسلىك.
مېھرىڭنى بىر دېڭىز دېسەمچۇ چەكسىز،
قىلماسمۇ بۇنىڭدىن زېمىن كۈندەشلىك.
ئۇنداقتا سەن ئۇلۇغ غايىۋى بىر روھ
دۇنيانى ياراتقان ئەقلىڭ قۇدرەتلىك.
شۇڭىمۇ ئاتا دەپ ئاتىلىپ نامىڭ،
ئېيتىلار تىللاردا شۇنچە ھەيۋەتلىك.

ئاتا دەپ ئاتالغان بۇ ئۇلۇغ سۆزنىڭ
قانچىلىك مەنىسى بىلمەيمەن بىراق.
بىلمەن ۋە لېكىن يۈزۈڭگە چۈشكەن
قورۇقنىڭ بىرمۇ بىر سىزىق سانىنى.
پېژغىرىم ئاپپاق كۆيگەن يۈزۈڭنىڭ
باھاردا توزۇغان ئاپئاق چېچەكتەك
تېرىسى سويۇلۇپ چۈشكەنلىكىنى.
بىلمەن قىش كۈنى ئېتىزدا ئىشلەپ،
چاك-چاك بوپ يېرىلىپ كەتكەن قولۇڭدىن
ئىسسىق قان ئېتىلىپ چىققانلىقىنى.
تومۇزدا ھور-بۇسلار ئۆرلەپ تۇرقۇڭدىن،
ئاخشىمى يۆلىنىپ ئۆينىڭ تېمىغا،
ھارغىنلىق ئىلكىدە ئېغىر ئۇھسىنىپ،
يۈزۈمگە يۈزۈڭنى ياققانلىقىڭنى.
بىلمەن چاك كەتكەن يىرىق پۈتۈكىنى،
جاپاغا تىز پۈكمەس مەغرۇرلۇقىڭنى.

ياز كۈنى خاماندا ھەيدىگەندە قوش.
چۈشمەيتتىم ئۆشنەڭدىن بولۇپ مەن ھاپاش.
ئايدىڭدا يەر ھەيدەپ يۈرسەڭ پاتقاقتا،
تاماشا قىلاتتىم مىنىپ بوينۇڭدا:
لېكىن پەيلەپ دەيتتىڭ شۇندىمۇ:
ئۈمىدىم، ئىشەنچىم، قۇياشىم، قۇياش!
بىلمەن ۋە باشقا نۇرغۇن نەرسىنى:
قاپقارا قۇندۇزدەك يىرىك چېچىڭنى...
(ئۇ كۈنلەر ئېسىمدە تۇرىدۇ ئېنىق.)
ۋە يەنە بىلمەن بۈگۈن ئۇنىڭكى
تاغلاردا چاقنىغان كۈمۈش قارلاردەك.
شالاڭلاپ ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى.

يا كەبى ئېگىلىپ مۈكچەيگەن بېلىڭ
چىنارنىڭ غولىدەك ئىدى ئۇ بۇرۇن.
يوللاردا قەد كېرىپ ماڭساڭ گۈرسۈلدەپ،
ئۇنىڭدىن لەرزىگە كېلىپ زېمىنمۇ
چوققىلار ئالدىدا ئېگەتتى بويۇن.
ئېھ، ئاتا سۆزلىسەم كۆپتۇر تەرىپىڭ
ئەڭ گۈزەل مەردانە سۆزلەرنى يىغىپ،
تەرىپلەپ بولمايدۇ نامىڭنى سېنىڭ.

## 2

ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئاشۇ بىر كۈنى
بالدۇرلا قايتتىمەن ئۆيگە مەكتەپتىن.
كېلىشتى ئادەملەر ئېتىز تەرەپتىن
ۋە لېكىن ھېچ يەردە كۆرۈنمىدىڭ سەن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يۈگۈردۈم ئېتىزغا بوخچامنى تاشلاپ،
بۇ تازا ئېيۇلنىڭ ئىسسىقى ئىدى،
سەن يالغۇز ئۇ يەردە ساپاننى تۇتۇپ،
يۆلىنىپ قىرلارغا قاپسەن ئولتۇرۇپ.
شۇ ئانلا راسا بىر يىغلىغۇم كەلدى
شۇ ھارغىن تۇرقۇڭدا ئالدىڭدا تۇرۇپ.

ۋە لېكىن يەنىلا تەمشەلدىڭ شۇئان
تۇرۇشقا ئورنۇڭدىن كۆزۈڭنى ئېچىپ.
يانتۇ بوپ قولۇڭدىن قاچقاندا ساپان،
ھارغىنلىق تۇپەيلى قالدىڭ يىقىلىپ.
قولۇمنى ئۇزاتتىم دەرھاللا ساڭا،
تۇرغۇزدۇم قايتىدىن بېشىڭنى يۆلەپ.
ئاتا دەپ قېشىڭغا يۈگرۈپلا كېلىپ.

بولغانىتىم شۇ چاغدا تولىمۇ خۇشال
تۇرغۇزۇپ قويغاندەك تاغلارنى يۆلەپ.
يىقىلغان ئاتامنى يۆلىدىم مەن دەپ،
يۈرگەنىتىم مەكتەپتە نەچچە كۈن سۆزلەپ..
توغرا، بۇ شۇنچىلىك ئۇلۇغ ئىش ئىدى،
شۇ چاغدا يېنىڭدا بولمىسام ئەگەر،
يىقىلىپ قايتىدىن چۈشسەڭ ئاشۇنداق،
مەن قىلغان شۇ ئىشنى قىلالارمىدى،
قۇدرەتلىك تەڭرىمۇ يېنىڭدىن يۆلەپ!

ئاخشىمى ئىچمىدىڭ بىر يۇتۇممۇ سۇ،
ئولتۇردۇڭ سۇپىدا ئۆزۈڭنى تاشلاپ.
ۋە كەتتىڭ بىردەمدە تاتلىق ئۇيقۇغا،
شۇ تونۇش يېتىملىق خورەكنى باشلاپ.
شۇ قەدەر پەس ئىدى تىنغان تىنىقىڭ،
كەتمىدىم يېنىڭدىن بىر دەممۇ نېرى،
يۈرىدىم ھىدىڭنى مەڭزىڭنى سىلاپ.

ئوچاقتا پاراسلاپ كۆيەتتى ئوتۇن،
چۈشەتتى تاملارغا غۇۋا شولىسى،
شۇ ئوتنىڭ نۇرىدا بېقىپ چېھرىڭگە،
قارىدىم تورلاردەك سانسىز قورۇققا،
ئۇ ئىدى ھاياتنىڭ قىممەت بەلگىسى.
ساندىم بىرمۇ بىر دۇم يېتىپ ئۇنى،
قىپقالدى ئېسىمدە ئېنىق ھەممىسى.

ئابىغىڭ كېلەتتى شۇ تاپ نەچچە جىڭ،
سالدۇردۇم مىڭ تەستە بوشىتىپ ئۇنى.
قوزيۇلدى ئىچىدىن پاتمانلاپ توپا،
قانداقمۇ كۆتۈرۈپ ماڭغانسەن بۇنى!؟

مەزمۇتكەن شۇنداقمۇ ئىنساننىڭ جېنى،
سەھەردە ئورنۇڭدىن تۇردۇڭ سەن ئاتا.
مەسچىتتىن يېنىپلا ئۆكۈز يېتىلەپ،
ئېتىزغا يول ئېلىپ ماڭغان چېغىڭدا
بارىمەن مەنمۇ دەپ ئەگەشتىم ساڭا.
دېدىڭ: ياق، مەكتەپكە بارغىن جان قوزام،
رەنجىتمە خاپا قىپ مۇئەللىمىڭنى،
ئوبدانراق زەن قويۇپ ئوقۇ دەرسىڭنى.
قاقشالدەك قولۇڭنى ياقتىڭ مەڭزىمگە.
بىر مۇنچە گەپلەرنى تاپىلاپ ماڭا...
بىلەتتىم نە ئۈچۈن ھەر كۈنى شۇنداق
چارچايسەن تەرك قىلماي ئاشۇ ئېتىزنى.
باققاندەك ئىشچان قۇش باللىرىنى
باقتىڭ سەن مىڭ تەستە، جاپادا بىزنى.

3

ئىھ، ئاتا مۈكچىيىپ قالدىڭ سەن بۈگۈن،
نېتىڭ سەن يەنىلا شۇنچىلىك لېكىن.
كۆزۈڭنى ئىزدىمە ئۇيۇقتا بېقىپ،
سەن ئۇنى ئىزدىگىن مېنىڭ كۆزۈمدىن.

كۆچۈڭنى ئاختۇرۇپ زېمىنگە باقما،
تاپسەن سەن ئۇنى تاغدەك بەستىمدىن.

يول يۈرسەڭ تۈنلەردە چىرىغىڭ بولاي،
كۆنلۈكۈڭ بوپ بېرەي يامغۇردا قالساڭ.
يولۇقساڭ پاتقاققا بولاي پاياندار،
قىل ياكى سەن مېنى تايىنار ھاساڭ.
خۇشلۇقۇم، غۇرۇرۇم، سائادىتىم شۇ:
پەقەتلا سەن مەندىن رازى بوپ قالساڭ.

تاغ دەيمۇ قەددىڭنى، تاغ دېسەم ئەگەر،
بۇ سېنىڭ شەنىڭگە قىلماسمۇ پەسلىك.
مېھرىڭنى بىر دېڭىز دېسەمچۇ چەكسىز،
قىلماسمۇ بۇنىڭدىن زېمىن كۈندەشلىك.
ئۇنداقتا سەن ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك بىر روھ،
يارالغان ئەقىل ھەم كۈچۈڭدىن جاھان.
شۇڭىمۇ «ئاتا» دەپ ئاتىلىپ نامىڭ
ئېيتىلار تىللاردا ھەيۋەتلىك ھامان!

**ئابلىز ئوسمان**

# قۇملۇقتىكى ئىزلار

— نېفىتچىلارغا بېغىشلايمەن

1

ئالدىمدىكى بارخان كەينىدىن
يەلكىسىگە ئارتىپ ئارمانىنى،
كۈلۈمسىرەپ چىقىدۇ قۇياش.
تالا-تالا ھالرەڭ شولىلار
رىشتىسىدەك خۇددى يۈرەكنىڭ
يۇلغۇن، توغراق، چاتقاللارنى ھەم
بىر-بىرىگە باغلايدۇ تۇتاش.

ھاياجاندىن ئۇرغۇغان قاندەك
ئۇپۇقلارغا سوزۇلغان قۇملۇق
ئۆركەشلەيدۇ، ياسايدۇ دولقۇن،
زەررىسىدە باردۇر ئوت چاقناش.
يۈرىكىمدىن تا قۇياشقىچە،
يالتىرايدۇ يۇلتۇزدەك ئىزلار...
روھلىرىمنى تارتىپ ئۆزىگە
تۇنۇندۇرار يالتىراق بىر قاش!

2

ئانا تارىم
ئېقىنلارنى قوشۇپ ئۆزىگە،
تەگرىتاغنىڭ مېھرىنى ئېلىپ،
سىڭەر تىنماي قۇمنىڭ تەكتىگە.
قىرغاق بويلاپ
دولقۇنلارغا ئەگەشكەن ئىزلار
سوزۇلۇپتۇ قۇم مەركىزىگە،
دەريا گويا ئادەمدەك،
ئادەم گويا دەريادەك...
گىرەلىشىپ بىر-بىرىگە،
دولقۇن ياساپ، شارقىراپ،
ئالدىرامدۇ —
تەكلىماكاننىڭ مەركىزىگە؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


## 3

خىسلەتلىك ئىزلار...
خىزىر قاچان باسقىنى ئاياغ؟
فونتان ياساپ
ئاقار ئويناقلاپ،
ئەسىرلەر بويى
قۇم تەكتىگە كۆمۈلگەن بۇلاق.
ئويغانغاندەك مىڭ يىلدىن بېرى
قەبرىسىدە ئۇخلىغان پالۋان
ئېلىپ نۇرلۇق ئانا قۇياشتىن
ۋۇجۇدىغا يېڭى قان ھەم جان،
ئويغانماقتا گىگانت تۇپراق!

## ...غا

مېنى كۆرۈپ تەكەببۇركەن دېمىگىن،
قاراپ باقمىن ئۆزۈڭ ئاۋۋال ئەينەككە.
چىقمۇالسا گەر پىيالە ئېگىزگە،
گۇناھ قويۇش لازىممىدى چەينەككە؟

## ھەر قايرىلساڭ...

سەنەم كەبى قاتتىم بالكوندا،
يوللىرىڭدا پىكىر-خىيالىم.
يۈرەك كۆيەر بىر ئوت-يالقۇندا،
دىدارىڭنى ئىزدەر نىگاھىم.
سەن ھەم ئەمەس پەرۋاسىز ئۇنداق،
يەتتى بەلكىم قەلب سادايىم.
ھەر قايرىلساڭ سىرلىق يوسۇندا،
بەخت كۈلەر قەلبىمدە دائىم!

## سۆيگۈ مەنزىلى

مەن مەغرىبكە، سەن مەشرىققە ماڭ،
جۇدالىقنىڭ پەيتلىرى بۇدەم،
ئارقىمىزغا باقمايلى زىنھار،
ئاچچىق ياشلار تۆكۈلمىسۇن ھەم.

مەنزىلىمىز بولسۇن ئىككى ياق،
كۈتسۇن بىزنى تىنىك داۋان، خەتەر.
بولسا ئەگەر قەلبىمىز تۇتاش،
قۇچقاي سۆيگۈ ۋىسال ھەم زەپەر...

ئادالەت ھەبىبۇللا



# بۇمۇ بىر ھايات يولى

(پوۋېست)

## 1-باب

### مۇشۇنداق قىز تويىمۇ بولۇپ ئۆتكەن

1

ھاۋا تىنجىق ئىسسىق. كۆز يەتكۈسىز قاغجىراق سايلىق ئىچىدە خۇددى ئەگرى-توقاي ھايات يولىدەك، يىلان باغرى سوزۇلۇپ ياتقان قارامايلىق يولدا، شىمالغا قاراپ ئاستا كېتىۋاتقان «لۇگجياك» ماركىلىق يولۇچىلار ئاپتوبۇسىنىڭ ئوتتۇرا رېتىدىكى ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغان بىر جۈپ قىز-يىگىتتىن باشقا ھەممەيلەن شوپۇرنىڭ بېشىغا ھازىرلا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك ئېسىلىپ تۇرغان رەڭلىك تېلېۋىزوردىن كۆزنى ئۈزۈشمەي ئولتۇرۇشاتتى. كۆپچىلىك ئېكراندىكى بىردە تۆگۈلۈپ جاقىلداپ تىنتەپ، بىردە ئۆزىنى يارىلانغان كېيىكدەك ھېلى ئۇ تامغا، ھېلى بۇ تامغا ئۇرۇپ جان تالىشىۋاتقان يېرىم-يالىڭاچ ساھىبجامالنىڭ ئىشكىنى شىددەت بىلەن ئېچىپ كىرىپ كەلگەن قارا دېۋىدەك بىر ئەرنىڭ پاچىقىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ يالۋۇرۇۋاتقان كۆرۈنۈشىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئېچىنغان، ھېسداشلىق قىلىشقان ھالدا بىر-بىرىگە بىر نېمىلەرنى دېيىشمەكتە ئىدى. پەقەت، ھېلىقى يىگىتلا ئېكرانغا پەرۋاسىز ھالەتتە بىرقاراپ قويۇپ، يېنىدىكى ئەتىگەندىن بېرى بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇرغان قىزنى جەينىكى بىلەن نوقۇدى.

— ھەي، قارا، بېشىڭنى كۆتۈرۈپ كۆرۈپ باقە، بىز دېگەنىڭ ئىچكىرىدە مۇنداق ئىشلارنى تېلېۋىزوردا ئەمەس، ئەمەلىيەتتە كۆرۈپ تۇرىمىز. ماخەقلەرنىڭ ھېچنېمە كۆرۈپ باقمىغاندەك قېتىپلا قېلىشقىنىنى، — ئۇ شۇنداق دېدى-دە، ئالدى- كەينىدىكى سەپەرداشلىرىغا شۇنداقلا بىر قارىۋېتىپ، تۆگە تاپىنىدەك يوغان ئالقانلىرى بىلەن قىزنىڭ يۈزىنى ئۆزىگە قاراتتى.

— تېخىچە يىغلاۋاتامسەن، يا مۈگدەۋاتامسەن؟ ماڭا قارىغىنا مەرفۇ، كۆزۈڭگە بىر

ئۇيغۇر كىتابلىرى www.uyghurkitap.com

قاراپ باقاي، — دېدى ئۇ ھېچقانداق ھېيىقىش بولمىغان، ياۋايىلارچە ئوت چاقناپ تۇرغان يوغان قارا كۆزلىرىنى قىزغا تىكىپ. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قارا ئۆڭگە تېخىمۇ سۇر بېرىپ تۇرغان قاپقارا قويۇق قوشۇما قاشلىرى، ئۆسۈپ كەتكەن يىرىك ساقال-بۇرۇتلىرى ھەم قاڭشىرىدىن باشلىنىپ سول جاۋغىيىدا توختاپ قالغان تارتۇقى بىر قاراشتىلا ئادەمنى شۈركۈندۈرۈپ، ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان بىر جاھان كەزدى ئوخشايدۇ دېگەن تۇيغۇنى پەيدا قىلاتتى. قىز ئۇنىڭ يوغان ئالقىنىدىن ئېگىكىنى بوشىتىپ، ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن قاغجىراق سايلىقنىڭ يىراق چېتى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن ئۇپۇققا، قارلىق چوققىلىرى بۇلۇت ئارىسىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتكەن تاقىر تاغلارغا ئېغىر ئۇھسىنىش بىلەن تىكىلدى. ئۇنىڭ بەدىنىگە چىپپىدە كەلگەن سۇس شاپتۇل چېچەكلىك رەڭلىك تورچىكەن كۆڭلىكىدىكى يالپۇز گۈللەر يېشىغا ماسلاشماي ئۇنى قوپال تۇسكە كىرگۈزۈپ قويغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. بىر تال ئۆرۈپ چىرايلىق تۇرۇۋالغان توم قوڭۇر چاچلىرى، بىر تال گىلاسىنى پاتۇرۇپ قويغاندەك كۆرۈنىدىغان كىچىككىنە ئېغىزى، بولاق مانتىدەك ئاپئاق يۈزىگە يارىشىپ تۇرغان تۈز، شالاڭراق قاشلىرى ئاستىدىكى بىر جۈپ ئوتلۇق قوي كۆزلىرىدىن بىر خىل ئوماقلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ نېمىشقا مۇنچىۋالا غەمكىن ئىكەنلىكىنى بۇ ناتونۇش سەپەرداشلىرى نەدىن بىلسۇن؟! يېنىدىكى يىگىتچۇ؟ بىلدى دېگەنىدىمۇ ئۇ قىزنىڭ يۈرىكىنى كۆرەلەمتى؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە يىگىت بۇنداق ئىشلارغا ئۆزىنى ئاۋارە قىلىپ يۈرىدىغانلاردىن ئەمەس. ئۇ كۆپلىگەن ئەرلەردەك دۇنيانىڭ چوڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش شۇ.

بىر سوتكا ئالدىدا ئۇ ئۆز ئۆيىدە، تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان مەھەللىسىدە ئىدى. مانا ھازىر ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن بىر يەرلەرگە مۇشۇ يىگىتنى باشپاناھى قىلىپ، روھىي دۇنياسىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمى ئارىسىدا بۇرۇقتۇم بولۇپ تۇرغان نازۇك بىر تۇيغۇنىڭ ۋولقان كەبى پارتلاپ چىقىشى بىلەن پەيدا بولغان غايىبانە بىر ئىنتىلىشنىڭ قودرىتىدە، بۇرۇن ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان بىر ھايات يولىنى تاللاپ كېتىپ بارىدۇ. بۇ بىر سوتكا يەنە ئۇنىڭ قىزلار ئۈچۈن ھەممىدىن قىممەتلىك ھېسابلىنىدىغان پەخرىنى قەبرە ئاستىغا تولىمۇ ئاسان يول بىلەن دەپنە قىلىۋەتتى. ئۇ ئەمدى ھاياتى بىلەن تەڭ بۇ قىممەتلىك نەرسىسىنى خۇددى ئۆلگەن ئادەمنى تىرىلدۈرگىلى بولمىغاندەك ئەسلىگە ھەرگىز كەلتۈرەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئاخشام «توي» قىلدى. بۇ توي، بۇ بىر سوتكا ۋاقىت ئۇنىڭ ھەممە نەرسىسىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. مۇشۇلارنى ئويلىغىنىدا قىزنىڭ يۈرىكىگە ئاچچىق بىر ئاغرىق كىرىپ كەتتى-دە، كۆز ياشلىرى تاراملاپ ئاققىلى تۇردى. قاتتىق خۇمارى بىلەن تاماكا شوراۋاتقان يىگىت بىزار بولغان ھالدا:

— ۋايىيەي، يىغلاۋېرىدىكەنسەن، مەن سېنى دېمىگەن بولسام تۈنۈگۈنىڭىزى ئۇ سەھرايى كەبىردە نېمىش قىلاتتىم؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ئايروپىلان بىلەن ئوچۇق-ئاشكارا ماڭغان بولسام بۇ چاغقىچە بارىدىغان يېرىمگە بېرىپ، بىرمۇنچە ئىشلىرىمنى تۈگىتىپ

بولغان بولاتتىم، — دېدى قوپال ۋە پەرۋاسىز بىر ھالەتتە. قىز ئۈندىمىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك، ئىنتىلىش بىلەن بىزار بولۇش، تەۋەككۈلچىلىك بىلەن قورقۇش ۋە ئەپسۇسلىنىش ئارىلىشىپ ئۆزىمۇ چۈشەنمەيدىغان مۇرەككەپ بىر تۇيغۇنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۇ نېمە دېيەلىسۇن؟ يۈرىكى يىغلايدۇ، كۆزى ياش تۆكىدۇ شۇ. خۇددى ئايال زاتى بۇ دۇنياغا يىغلاش، ياش تۆكۈش ئۈچۈن يارالغاندەكلا.

## 2

بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇنقى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى. يەنى 17-ئاۋغۇست مەرفۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەستىن چىقماس بىر كۈن. شۇ كۈنى ئۇ سىنىپ مۇدىرىنىڭ قولىدىن ئۆزىنىڭ ئالىي مەكتەپكە بەرگەن ئىمتىھان نومۇرىنىڭ كارتىچكىسىنى ئىنتىزارلىق بىلەن ئېلىپ جەمئىي نومۇرىنى كۆرگەن ۋاقتىدا ھاياجاندىن تىترىلىپ كەتكەن يۈرىكى، كېيىن نومۇر سىزىقىنىڭ چېكىنى ئاڭلىغاندا بىردىنلا سېزىمىنى يوقىتىپ قېتىپ قالغاندەك بولۇپ قالغانىدى. كاللىسىدا «209» دېگەن رەقەم تىنىمسىز پىرقىراپ، خۇددى قورقۇنچلۇق بىر مەخلۇقتەك ئۇنىڭ يۈرىكىنى غاجايتتى. ئىسسىت، يەنە ئىككى نومۇرنى ئارتۇقراق ئالغان بولسام، ئوتتۇرا تېخنىكۇملارنىڭ بىرەرىگە تاللىنىپ قالاتتىم-ھە!؟ دەيتتى ئۇ ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ.

— ھەي كالۋا ماڭا قارا. يېشىڭغا باقماي قوتازدەك يوغىنىغىنىڭ بىلەن. ئەقلىڭ تايىنلىقكەنغۇ سېنىڭ، — دېدى ئۇنىڭ ئانىسى يىغلاۋېرىپ قاپاقلىرى ئىششىپ ئورنىدىن تۇرغۇچىلىكى قالماي، يەرگە چاپلىشىپ يېتىپ قالغان مەرفۇنىڭ قۇلىقىدىن تارتىپ.

— ۋاي ئانا، خوش بولۇپ كېتەي جېنىم ئانا، ئۇنداق قىلمىسىلا، سىلىنىڭ بولسىمۇ ماڭا ئىچلىرى ئاغرىسۇن، شۇ تاپتا جېنىمدىن جاق تويدۇم، — مەرفۇ ئالقىنى بىلەن يۈزىنى توسۇۋېلىپ، ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

— قايسى يۈزۈڭ بىلەن يەنە ئېشەكنىڭ تاپىدەك سېسىپ ياتىسەن بۇ ئۆيدە، قوپ ئورنۇڭدىن، سېنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق. نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ۋاي خېنىم قىزىم، مۇشۇنچىلىك ئوقۇغاندىن كېيىن بولار، ھازىر جاھاننىڭ ئېتىكى تارلىشىپ كەتتى. ئاكا-ئاچىلىرى ئوقۇپ، خىزمەتكە چىققان ۋاقىت ھازىر قالمىدى. ئەمدى ھۈنەر ئۆگەنسىلە، دېسەم، ئۇنىماي يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئوقۇدۇڭ، ئەمدى ئوسماڭغا قاندىڭمۇ؟ ئىسسىت! سېنى تۇغۇپ، بېقىپ، جاپا تارتىپ چوڭ قىلىپ، ئون بىر يىل ئوقۇتۇپ تارتقان بىرمۇنچە چىقىملىرىم، قىز بالا دېگەن ئانىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىسا ئاخىرىدا مۇشۇنداق بولىدۇ. ۋاي قانداق قىلاي بۇ شور پېشانىنى ئەمدى... — ئۆينىڭ ئىچى قىيامەتكە ئايلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن مەرفۇنىڭ كۈنلىرى يىغىسىز ئۆتمەيدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئىسمىمۇ مەرفۇ ئەمەس، شۇنىڭغا قاپىيداش ھالدا «مەتو» غا ئۆزگەردى. ئۇ ئەتىدىن كەچكىچە

www.uyghurkitap.com

ئۇنىسىز ياش تۆككەن ھالدا ئۆيىنىڭ ئېغىر-يەڭگىل ئىشلىرى بىلەن چارچاپ ھالى قالمايتتى. شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى ئاكا-ئاچىلىرى بىر ۋاقىتلىرىنى ئېلىپ بۇ چوڭ ئۆيگە جەم بولۇشاتتى. بۇنداق چاغدا ئانىنىڭ ئاغزى يەنە ئېچىلاتتى.

— بولدى ئانا، بۇ گەپنى توختىتىسىلا ئەمدى، — دېدى بىر كۈنى مەرپۇنىڭ كىچىك ئاچىسى قوچىقىدىكى بالىسىنى ئەركىلىتىپ ئولتۇرۇپ، — ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي ئولتۇرۇپ قالغىنى يالغۇز مەرپۇمىدى؟ سىلىمۇ بارغانسېرى سەپرا مىجەز بولۇپ كېتىپلا.

— ھە. ماڭا ئەمدى ئىللەت ئارتقۇدەك بولۇپ قاللىمۇ بالام، ئاچچىق تولغاقلىرىنى يەپ تۇغۇپ، بېقىپ، چوڭ قىلىپ، ئوقۇتۇپ دوختۇر قىلىپ قويسام، ئەجەب ماڭا گەپ ياندۇرىدىغان بولۇپ قاپلىغۇ ئەمدى؟

— ۋاي-ۋۇي خېنىم ئانا، ھەرقانداق گەپ چىقسا مۇشۇنداق دەپ پېشانىمىزگە دۇقاسلاتماي قالمايدىكەنلا، دېمىسىلىرىمۇ بالا دېگەن چوڭ بولغانسېرى ئاتا-ئانىنىڭ ئۆزىنى قانداق جاپالار بىلەن باققانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭا بۇنىڭ بەدىلىگە ئاتا-ئانىلىرىمىزنى ھەممىگە يەتتە قېتىم يۇدۇپ، ئاپىرىپ-ئەكەلسەكمۇ باللىق قەرزىمىزنى تۆگىتەلمەيمىز ئەمەسمۇ؟

— ھە نېمە دېدىڭ قارغىش تەگكۈر، ماڭا سامانىڭ تېگىدىن سۇ قويغاندەك تەنە قىلىۋاتامسەن تېخى، ۋاي ئىست، بالا باققانىنىڭ جاجىسى، ئەمدى ماڭا نېمە كەلگۈلۈك بۇ، ھۇ، ھۇ... — ئۆيدىكى ھەممەيلەن مەرپۇنىڭ كىچىك ئاچىسىغا تاپا قىلىشىپ، ئانىغا تۇشمۇ تۇشتىن كۆڭۈل قويۇشقىلى تۇردى.

بىر بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان مەرپۇنىڭ بېشىغا تەرەپ-تەرەپتىن تاپا-تەنە تاشلىرى بوراندەك ياغدۇرۇۋېتىلدى. شۇ كېچىسى مەرپۇ كىرپىك قاقمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە كىرىپ-چىقمىغان خىياللارمۇ قالمىدى. ھەتتا قارامىلىق قىلىپ توك ئۆتكۈزگۈچنىڭ قېشىغا نەچچە قېتىم بېرىپ ياندى. ھە دېسە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يالىڭاچ توك سىمى، شېشىلەپ دورا، ئېگىز يارلىق، قاينام ئۇلۇغ ئېقىن، پىرقىراپ تۇرغان ماشىنا چاقى... پەيدا بولاتتى. نېمىشقىمۇ مۇشۇ ئۆيىنىڭ بالىسى بولۇپ قالغاندىمەن، دەيتتى ئۇ ھەسرەت بىلەن، ئۆيدىكىلەرگە نېمە بولغاندۇ؟ ئانامغىچۇ؟ ئۆزۈمنىڭ ئانام تۇرۇپ مېنى ئېغىزغا ئالغۇسىز گەپلەر بىلەن تىللايدۇ ياكى بولمىسا كىچىك ئاكام بىلەن ئىككىمىزنىڭ دەردىدە ئېلىشىپ قالاي دېگەنمىدۇ؟ قالغانلىرى ماكان تۇتۇشۇپ غېمىنى غەملەپ بولۇشتى. كىچىك ئاكام بىلەن ئىككىمىز بەختى قارىلاردىن ئوخشايمىز. ئۇغۇ ئوغۇل بالا بولغاچقا نەگە بېرىپ، نەدە يۈرۈيدۇ، بىرىنىڭ كارى يوق. ھەي ئىست «قىز» بولۇپ تۇغۇلۇپ قالغانلىقىمنىڭ كاساپىتى، ئىككى نومۇرنىڭ سورۇقچىلىقى، ئابرويلۇق ئائىلىنىڭ قىزى بولۇپ قالغانلىقىمنىڭ شورى! شۇنداق، نامى ئۇلۇغ ئائىلىلەرنىڭ يۈرۈشمەي قالغان ئىشلىرى، بىرەر پېشكەللىكلىرى ئاسانلا كىشىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى تارتىدىكەن، سۆز-چۆچەكمۇ ئاسان تارقايدىغان گەپكەن.

— مەرفۇنى ئۆيدە ساقلاۋەرمەي، بىر يولىنى قىلىلى، — دېدى بىر ئاخشىمى مەرفۇنىڭ دادىسى خوتەپەن نامزىنى ئوقۇپ كىرىپ، بىر نەرسىدىن خاپا بولغاندەك بىرخىل دىلغۇل ھالدا.

— قانداق يولىنى قىلىمىز؟ يا مال بولمىسا ئۇ بازارغا سالغىلى، بىر ۋاقىتلاردا ئانچە-مۇنچە قۇلاق ئاغرىقلىرىمۇ بولۇۋېدى، مانا ئەمدى، — دەپ توختاپ قالدى مەرفۇنىڭ ئانىسى ئۇھسىنغان ھالدا.

— شۇ چاغدا ئېيىدە بىر ئىشنى قىلساڭلار بولماسمىدى؟

— مەرفۇ ئۇنىمىغان.

— نېمىشقا؟

— نېمىشقا بولاتتى، ئىمتىھانغا قاتنىشىپ باقسام دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى. خۇددى ئۇن بىر يىل ئوقۇتقىنىمىز يەتمىگەندەك. ئۇھۇش، كادىر بولسا بىزنى ئەرشىئەلاغا چىقىراتتى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بالا پۈتمىغان توغراقتەك بوي تارتىپ، ساندۇقتەك تەن قويۇپ كېتىۋاتىدۇ، قىز بالىنىڭ بۇنداق تەتۈر پېشانە، تەتۈر ئۈستىخان چوڭ بولغىنىنى كۆرمەپتىكەنمەن. تەلىيى كەلسە تېزرەك بىر ئىش بولامدىكى دېسەم، يا ئەندىن. يا گەزدىن يوق.

— ھەي خوتۇن، سىلە ئانا بولغاندىن كېيىن بىر ئىش قىلىپ باقساڭلار بولمامدۇ؟ بىز ھەج سەپىرىنىڭ كويىدا بولۇۋاتقاندا بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلماي بولمايدۇ جۇمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە... — دادا شۇنداق دەپ توختاپ قالدى.

— قايلىسلا ۋۇي ئادەم، كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلىپ نېمە كەپتۇ. خۇدا يول بەرسە، ھەج قىلىپ كەلسەڭ، مەسچىتنىڭ ئىماملىقى چوقوم سىلىگە تېگىدۇ.

— ھەي نادان خوتۇن، سەن نېمىنى بىلەتتىڭ، قىزىڭ كوچىدا يۈرسە، بىر ئوغلۇڭ گەپ ئاڭلىماي، ھۇنەرگە بېلى بوشلۇق قىلىپ، داپ داراڭلىغان، ئېشەك ھاڭرىغان يەرلەردە يۈرسە. سەن نېمىلەرنى چۈشەپ يۈرىيسەن-ھە!؟

دادىنىڭ ئاچچىقىدىن كالتە ساقلى تىترەپ كەتتى. دېمىسىمۇ ئانچە-مۇنچە خىزمەتچى خادىملارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ساپ تىجارەتچى، ھۈنەرۋەن-كاسىپلار ئولتۇراقلاشقان بۇ مەھەللىنىڭ دوقمۇشىدا بىر مەسچىت بولۇپ، رەسمىي ئىمام بېكىتىش ئىشى ھەل بولماي كېلىۋاتاتتى. ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ، ئاخىرىدا جامائەتنىڭ پىكرى مەرفۇنىڭ دادىسى بىلەن بىر سىرچى ھاجىمغا مەركەزلەشتى. مەرفۇنىڭ دادىسى توغرىسىدا بەزىلەر:

— ئۇ دېگەن ئەپەندىچىلىكتىن پېنسىيىگە چىققان ئادەم تۇرسا، ھامان قىزىلپاچاقلىنىنى قىلىدۇ، — دېسە، يەنە بەزىلەر:

— ئۇنىڭ ھەر تەرەپتىن ئىلمى بار دېگەن بىلەن، قىز-ئوغۇللىرىنىڭ پەرزىنى ۋاقتىدا ئادا قىلماي، قويۇپ بەردى.

— بەش پەرزنىڭ ھەممىسىنى ئادا قىلىپ بولالمىدى... — دېگەندەك گەپلەرنى

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى www.uyghurkitap.com



قىلىشاتتى. مانا خەق ئېمىنى دېمەيدۇ، ئاچ ئېمىنى يېمەيدۇ، دېگەندەك، ئۇ ئۇنداق، بۇ بۇنداق دەپ، مەرغۇبنىڭ دادىسىنى خېلى قايسىشىپ ئېلىشقاندى. شۇ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ بولالمىغان دادا بەزىدە مەرغۇبغا غەزەپمۇ قىلاتتى. يەنە ئارقىدىنلا ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، يۈرىكى جاراھەتكە تۇز باسقاندەك ئېچىشىپ كېتەتتى. بۇ كىشى بۇرۇن خەلپىتىمدە ئوقۇپ دىنىي ساۋاق ئالغان. كېيىن ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. مانا ئەمدى ئوتتۇز نەچچە يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىنى تاماملاپ قېرىلىق چاغلىرىنى مۆتىۋەرلىك بىلەن ئۆتكۈزۈش ئارزۇسىدا ئىدى. بىراق، جامائەتنىڭ مۆرىۋەتلىك ئاتىسى بولۇش، تېگى-تەكتىدىن يەنە مەرغۇبنىڭ ئىشىغا بېرىپ تاقىلىپ قالغانىدى. شۇڭىمۇ ئانىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ، بۇرۇنقى كۆيۈمچانلىقىنىڭ ئورنىنى سەپرالىق ئىگىلەپ، تولا سۆزلەيدىغان، ھەدېسە ئاچچىقلىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— قېرىغان جېنىمىزنى ئىززىتىمىز، ئابرويىمىز بىلەن ئارامخۇدا ئۆتكۈزگىلى قويمىغۇدەك بۇ ئايىغى قۇرغاق نەس پاسكىنا، — دەپ ئاچچىقلىناتتى ئانا، مەرغۇبنىڭ بىرەر ئىشى كۆڭلىگە ياقماي قالسىلا چېچىلىپ، — كىچىكىدە ئۆلۈپلا تۈگىشىپ كەتمەمتىكەن، يا يەر يۇتماي، يا ئەر چىقماي ئولتۇرىدۇ بۇ مەتو، ساراڭ، ھەي ئىسىت، ھەي ئىسىت...—

بۇنداق دەككە-دەشنىلەر ئىچىدە ياشاۋاتقان مەرغۇ ھەسرەتلىنەتتى، ئىچ-ئىچىدىن بوغۇلۇقاتتى. بىر قىز ئۈچۈن «ئەر ئالمىدى» دېگەن سۆزنى ئاڭلاش ئۆلۈم بىلەن باراۋەر تۇرسا-ھە!؟

يول بولۇپ، ئاتا بىلەن ئانا ھەج سەپىرىنى بېسىپمۇ كەلدى. بۇ مۇبارەك سەپەر ئۇلارنى نۇسرەت تاپقۇزۇپ، ئائىلىنىڭ ئابرويىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈۋەتتى. دادا بىر مەھەللىنىڭ بېشى — مەسچىتنىڭ ئىمامى بولدى. ئانا مۇبارەك «ھاجى خېنىم» نامى بىلەن، چوققىسىدىن تاپىنىغىچە پەرەنجىگە ئورىلىپ، جىمى چوڭ-كىچىك چاي، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ سورۇنلىرىنىڭ تۆرىگە ئىگە بولدى. لېكىن، ئائىلىنىڭ ئابرويى، تاجۇتەختى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنسېرى ئاتلىقلار ھېرىپ، پىيادىلىكلەر ئۇركۇپ قالغاندەك، مەرغۇ ئۆيىنى بولۇۋاتقان «قولاق ئاغرىقى» سېلىكىپ، جىمجىت بولۇپ قالغانىدى. بۇ ئىش ئىمام ئاتا، ھاجى خېنىم ئانا ئۈچۈن تېخىمۇ ئېغىر روھىي بېسىم بولۇپ قېلىۋاتاتتى. مۇشۇنداق بولغاچقىمىكىن مەرغۇ بارغانسېرى ئۆز ئۆيىدىمۇ چىڭراق دەسسىيەلمەيدىغان، «ئۆھۈ» دەپ ئۇنلۇكرەك يۆتىلەلمەيدىغان ھالەتكە يەتتى. ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى، دوستلىرىدىن ئوقۇشقا كەتكەنلىرى كېتىپ، قالغانلىرى توي قىلىشىپ دېگەندەك ئۆز جاھاندارچىلىقى بىلەن كېتىپ باراتتى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇ تۇرغان يېرىدە خىيال سۈرگەنچە بەك ئۇزۇن تۇرۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. ئەمدى، ئۆزىگە ھېچقانداق چىقىش يولى تېپىلمايدىغاندەك ھېس قىلىپ، ھەممە نەرسىدىن كۆڭلى سوۋۇپ كەتتى. ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىكى ئەركىن-ئازادە، خۇشال-خۇرام چاغلىرى، شېرىن خىياللىرى، يۈكسەك ئارزۇ-ئارمانلىرى مانا ئەمدى خۇددى تۇماندەك بارا-بارا تارقاپ، غايىب بولغانىدى.

تۇۋا، بەزىدە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك شۇنداقمۇ تاسادىپىيلىقلار بولۇپ قالىدۇ. بىر كۈنى پېشىن ۋاقتى بىلەن، مەرفۇ قول ھارۋىسىغا بېكىتىلگەن يوغان تۈگنى سۇغا توشقۇزۇش ئۈچۈن مەھەللە دوقمۇشىدىكى تۇرۇبىنىڭ ئالدىدا نۆۋەت كۈتۈپ تۇراتتى. بىرى ئۇنىڭغا «قارا» دېگەندەك بولۇپ، بېشىنى كۆتۈرۈۋىدى، نېرىراقتا ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزنى كۆردى. شۇئان ئۇنىڭ يۈزى لاپىدە ئوت ئېلىپ، قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. بۇ كۆزلەر مەرفۇغا تونۇش، ئۇلار كىچىكىدىن تارتىپ مۇشۇ كوچىدا بىرگە ئويناپ چوڭ بولۇشقان. مەھەللىدىن ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتكەندە بۇرۇتى ئەمدى خەت تارتقان ئابلىكىم ھاجى مانا ئەمدى چوپچوڭ غولاسەندەك بىر ئەر بولۇپ كەپتۇ.

بىر ھەپتىدىن كېيىن ئابلىمەت ھاجىنىڭ ئانىسى ئەۋەتكەن ئەلچىلەر مەرفۇنىڭ ئۆيىدىن قۇرۇق قايتىپ چىقىشتى.

— مەن بىر ئىمام تۇرسام، قىزىمنى ئاشۇ كۈپۈر، جاھان كەزدى سالپى-ساياقتا بىرەمدىمەن، — دەپ چېچىلدى مەرفۇنىڭ دادىسى. ئەلچىلەردىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئابلىكىم ھاجىنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرى ئازار يېگەندەك بولدى-دە، كۆڭلىگە قانداقتۇر بىر نىيەتنى پۈكۈپ قويدى. ئۇ كوچىنىڭ ئاغزىدا ساقلاپ تۇرۇپ، مەرفۇ سۇغا چىققان پەيتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ قولىغا ئىككىلىك خەتنى تۇتقۇزۇپ قويدى. «مەرفۇ، ھەقاچان مېنى ئۇنتۇپ قالمىغانسەن، بۇ مەھەللە سەن بولغاچقىلا ماڭا بەك مېھرى ئىسسىق تۇيۇلىدۇ. شۇڭا ھېچقاياققا كەتكۈم كەلمىدى. ھەنىم بولسا سەن بۇ يەردىن ئۈچۈرما بولۇپ كەتمەيسەن، ساڭا گېپىم بار، ئەتە چۈشتىن كېيىن ئامال قىلىپ مەدەنىيەت يولىغا بارغىن، سېنى ساقلايمەن.» مەرفۇنىڭ يۈرىكى گويا قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك دۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى. ئۇ ئەتىسى كۆكتات سېتىۋېلىش باھانىسى بىلەن ئۆيىدىن چىقتى. ئۇنىڭ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم بىر ئەر بىلەن مۇشۇنداق خالىي يەردە ئۈچرىشىشى ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە قورقۇش، ئەنسىرەش تۇيغۇلىرى كۈچىيىپ تۇرسىمۇ، يەنە بىر يەرلىرىدە ئۈيلىش ئارىلاش، تاتلىق بىر سېزىم ۋۇجۇدىغا تارقاپ قەلبىنى چۇلغىتاتتى.

— ئاخىر چىقىپسەن، مەن تېخى كاتتا ئىمامنىڭ كۆزىدىن نېرى بولالماي، چىقالماسمىكىن دەپ ئەنسىرەپ تۇراتتىم، — دېدى ئابلىكىم ھاجى كۈلۈپ، — كېلە، يېنىمدا ئولتۇر. سېنى يېقىندىن تازا قېنىپ كۆرۈۋالاي، — ئۇ ئۈيلىپ، ھولۇقۇپ تۇرغان مەرفۇنى يېنىغا تارتىپ، خۇددى مۇھىم بىر نەرسىنى ئىزدەۋاتقاندەك كۆزىنىڭ ئىچىگە قادىلىپ قارىدى. شۇئان مەرفۇنىڭ يۈرىكىگە كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان ئاجايىپ بىر سېھرىي قۇدرەتكە ئىگە ئوتلۇق ساداق ئوقى تەگكەندەك، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى گۈلخانغا ئايلاندۇرۇۋەتتى.

— بېشىڭنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىغىنا، — يىگىت قولىنى مەرفۇنىڭ ئېڭىكىگە ئۇزاتتى.

— ۋىيەي، نېمە قىلغانلىرى بۇ ھاجىم، — مەرفۇ ئوماققىنا بىر ناز بىلەن ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى كۇتۇپخانىسى

قولىنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئۇيالغىنىدىن تەتۈر قارىۋالدى.

— ۋاي-ۋۇي، خۇيۇڭ پەقەت ئۆزگەرمەپتۇ. لېكىن، بەك تەن قويۇپ سەمرىپ كېتىپسەن، كىچىك ۋاقتىڭدا كاۋا دەپ قويسام تە بولۇپ كېتەتتىڭ-ھە؟ مانا ئەمدى...

— ئوھوش گەپلىرى شۇمىدى؟

— ياق، مۇنداقلا چاقچاق قىلىپ قويدۇم، — يىگىت جىددىي قىياپەتكە كىرگەندەك ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

— مەرپۇ، مەن بىلەن كېتىشنى خالامسەن؟ — دېدى يىگىت كىچىككىنە جىمجىتلىقتىن كېيىن.

— نېمە دېدىلە؟ — مەرپۇ داڭقېتىپ قالدى.

— مەن بىلەن كېتىشنى خالامسەن دەۋاتىمەن، — يىگىت جىددىيلەشتى.

— نەگە؟

— مەن باشلىغان يەرگە.

— ھاجىم، سىلە چاقچاق قىلىۋاتامىلا نېمە؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، داداڭ مېنى باشقىلارغا يامانلاپ بېرىپ خورلۇقۇمنى كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن مەن سېنى...

— ھەممىدىن خەۋىرىم بار، لېكىن مەن قانداق قىلىمەن؟ — قىز ھەسرەت بىلەن يەرگە تىكىلدى.

— قانداق قىلاتتىڭ، چىقىش يولۇڭنى ئۆزۈڭ تاللايسەندە. ئانامدىن سېنىڭ ھەممە ئەھۋالىڭنى ئۇقتۇم، جىمى ئادەمنىڭ رىزقى كادىر بولۇش بىلەن پۈتمىگەن، سېنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ماڭىدىغان ھايات يولۇڭ يوقمىكەن؟ ماڭا ئىشەن، ئىشقىلىپ ئوبدان ئويلىنىپ جاۋابىنى بەر. ئۇچارقۇشلار جېنىدىمۇ ئۆز رىزقىنى ئىزدەپ، ئەركىن ئۇچۇپ يۈرىدۇ. بىز ئادەم تۇرۇپ ئۆزىمىزنىڭ پۇتىنى ئۆزىمىز بوغۇشلاپ ئولتۇرامدۇق، — يىگىت مەرپۇ ئاڭلاپ باقمىغان يەنە نۇرغۇن سۆزلەرنى قىلدى-دە، ئاخىرىدا كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ئىزتىراپ ئىچىدە قالغان قىزنى ئۆزىگە قارىتىپ، ئەرلەرگە خاس بىر خىل ھىد كېلىپ تۇرغان ئوتلۇق باغرىغا تارتتى. ئادەم ئۆز ھاياتىنىڭ مەنىسىز كۈنلىرىنى ئۆزگەرتەلمەي، ئاچالدا يول ئىزدەپ تېڭىرقاپ قالغاندا «ئەكەل قولۇڭنى» دەپ باشلاپ ماڭىدىغان، ئۆز تۇرمۇشىدىن بىزار بولۇپ، ھاياتتىن كۆڭلى سوۋۇپ كەتكەن چاغلىرىدا غەمناك قەلبىدىكى ئۆچۈپ قالغان ئۈمىد ئۇچقۇنىنى يانغىنغا ئايلاندۇرغان بىر كىشىگە يولۇققىنىدا شۇ كىشىگە خۇداغا ئىشەنگەندەك ئىشىنىپ، ئۆزىنى ئۇنىڭغا بېغىشلىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ. ئابلىكىم ھاجى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن مەرپۇنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى تۇمان تارقاپ، ئۈمىد قۇياشى پارلىدى. ئۆلگەن قەلبى تىرىلدى. ئاخىر قەپەس ئىچىدىكى قۇش ئىندەككە كېلىپ، ساماغا ئۆزىنى ئاتتى. ئوتتەك يانغان سۆيگۈ ئەقىل-ئىدراك ئۈستىدىن غەلبە قىلدى. كونىلارنىڭ «بېشىڭنى كىم سىلىسا ماشايىمىڭ

شۇ» دېگەن گېپى راست ئوخشايدۇ. مەرفۇ ئابلىكىم ھاجىنى قۇتقۇزغۇچى خۇداسى، باشپاناھى بىلىپ يېڭى بىر ھايات يولىغا قەدەم باستى. ئۇنىڭ كاللىسىدا «ماڭا ئىشەن، بىز كېيىن چىرايلىق قايتىپ كېلىمىز، ئۇ چاغدا ھەممە ئىش ئۆز يولى بىلەن ھەل بولۇپ كېتىدۇ، سەن ئەتىۋارلىق مەرفۇ خېنىم بولىسەن» دېگەن سۆزلەر بىلەن «بەر يۈتمىدى، ئەر ئالمىدى» دېگەن سۆزلەر ھامان ئەكس سادا قايتۇرۇپ تۇراتتى.

## 3

ئۇلار پېشىن ۋاقتى بىلەن شەھەردىن يىراق بۇ چەت ناھىيىگە يېتىپ كەلدى. ئابلىكىم ھاجى مەرفۇنى بازار ئىچىدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر مەھەللىگە باشلاپ كېلىپ ئۇزۇن كوچىنىڭ بېشىدىكى ھويلىنىڭ قوش قاناتلىق دەرۋازىسىنى قاقتى. ھايال ئۆتمەي بىر ئوغۇل بالا دەرۋازىنى ئاچتى-دە:

— دادا، پېچاقچى ئاكام كەپتۇ، — دەپ تۈۋلىگىنىچە ئىچكىرىگە يۈگۈردى. ئابلىكىم ھاجىم، تارتىنىپ، ياتسىراپ تۇرغان مەرفۇنى تال-باراڭلىق كەڭرى ھويلىغا باشلاپ كىردى. چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان مېيىپ يىگىت ھەيرانلىق ھەم خۇشاللىق ئارىلاش كەتكەن قىزغىن كەيپىياتتا:

— كېلە ھاجى پېچاقچى، ئەجەب ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالدىڭىزغۇ؟ تېخىچە ماكانىڭىزغا قايتماپسەندە، — دېگىنىچە ئالدىغا كېلىپ قالغان ئابلىكىم ھاجى بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ كەتتى.

— مېنىڭ ماكانىم مۇشۇ تۇرسا، نەگە ئالدىرايتتىم، ھەي خاپانباش، ئەمدى ماڭسامۇ بولىدىغۇ، يول ئۈستىدە سېنى يوقلاپ ئۆتەي دەپ كەلدىم. قانداق، پۇتۇڭ ياخشى بولۇپ قالدىمۇ؟ — دېدى ئابلىكىم ھاجى.

— ساقىيىپلا كەتتى، مانا قارا.

— ئۇنداق بولسا ھېلىقى ماكانىغا يەنە بىللە كېتىدىغان ئوخشىمامدۇق؟ سەندىن قۇتۇلالمايدىكەنمەندە خاپانباش توكۇر.

— خۇدايا بىر تۈۋا دېگىنە، ئۇنداق جايغا ئىككىنچى بارماسمەن. سەندەك پېچاقچى باللاخورلار سىغمىساڭلار ئۇ يەردە، ماڭا ئوخشاش مۆمىنلەر جەننەتمىزنى دەرىيادا كۆرىدىكەنمىز. خۇدا بەندىسىگە ئۇنداق كۈنلەرنى كۆرسەتمىسۇن.

— ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلە، قورقۇنچاق.

بۇ ئىككىيلەننىڭ چاقچاقلىرىنى ئۈچىسىغا قارا ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن، بېشىغا ئاق لىچەك سېلىۋالغان ياشانغان بىر ئايالنىڭ ئىچكىرى ئۆيدىن چىقىۋېتىپ:

— ۋاي ھاجىم بالام، كېلىمەن دەپ خەۋەر بەرگەن بولسىلىرى ئالدىلىرىغا چىقاتتۇق ئەمەسمۇ، — دېگەن سۆزى ئۈزۈپ قويدى. ئۇ مېيىپ يىگىتنىڭ ئانىسى بولۇپ،

ئابلىكىم ھاجى بىلەن ئۆز ئوغلىدىن چارە قىزغىن ئەھۋال سورىشىپ باراڭ ئاستىدىكى سۇپىغا كۆرپە سالدى. مەرفۇ ئېخچە ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قىسما بولۇپ قاراپ تۇراتتى.

— ۋاي ئىسىم قۇرۇسۇن، بۇ خېنىم قىزىم كىم بولىدۇ؟ كەلسىلە بالام، كەلسىلە، تارتىنمىسلا، — دېگىنىچە مەرفۇنى كۆرپىگە تەكلىپ قىلدى ئايال. چاقىلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان يىگىتمۇ تەئەججۈپلەنگەن ھالدا، ئابلىكىم ھاجىغا مەرفۇنى ئىما قىلىپ مەنىلىك قاراپ قويدى. بىردەمنىڭ ئىچىدە ئانىنىڭ ئەپچىل قولى بىلەن سۈت-قايماق، نان-توقاچ، ھۆل-قۇرۇق مېۋە-چېۋىلەر بىلەن يۈزى كۆرۈنمەي قالغان داستىخان كەگرى سۇپىغا يېيىلدى. ئۇلار خۇشال-خۇرام پاراڭلاشقاچ چاي ئىچىشتى. مەرفۇ بولسا بۇ مېھماندوست ناتونۇش ئانىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ قىزغىنلىق بىلەن ئالسلا، باقسلا دېيىشلىرىگە بوشقىنا خوش ئېيتىپ قويۇپ، يېتىرقىغان ھالدا جىممىدە ئولتۇراتتى. بىر چاغدا ئابلىكىم ھاجى چاقىلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان يىگىتنىڭ قولىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالغانىدى. مېيىپ يىگىت بىر پەس تۇرۇپ قېلىپ، ئاكىسىنى چاقىردى-دە، قولىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلاپ سىرتقا ماڭغۇزدى. ئاندىن مەرفۇغا ھورى ئۆرلەپ تۇرغان بىر چىنە نارىن چۆپنى ھەدەپ زورلاۋاتقان ئانىنى چاقىرىپ قولتۇق تايىقىنى ئېلىپ بېرىشنى ئېيتتى.

— بولدى، مەن ئەپ بېرەي، — دېدى ئابلىكىم ھاجى، دوستىنى يۆلەپ، ئۇلار ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كېتىشتى.

— ئاداش، — دېدى ئابلىكىم ھاجى مېيىپ يىگىتنىڭ دولىسىغا بىرنى شاپىلاقلاپ قويۇپ، — بىز ئەتە ئەتىگەن يولغا چىقمىساق بولمايدۇ. مەن دېگەن ئىشنىڭ يولىنى بۈگۈن ئاخشاملا قىلىپ بەرگىن.

— ئالدىراپ كەتمە. موللامغا ئادەم ئەۋەتتىم. ئۇلار بىردەمدىلا يېتىپ كېلىدۇ. سېنىڭ جاھاندا قىلمايدىغان ئىشىڭ، ماڭمايدىغان يولۇڭمۇ بارمۇ پىچاقچى. مەن ئېخى ساڭا ئەگىشىپ كەلگەن ئاۋۇ سېكىلەكنى يېڭى كېلىنمىكىن دەپتىكەنمەن. سەن ئۇنى يا ئالداپ، يا بۇلاپ ئېلىپ كەپسەن، شۇنداقمۇ؟

— قىز بۇلايدىغان ئىش ئاتام زامانىدىكى گەپلەر ئۇ، ھازىر نېمە تولا، قىز تولا. «كەھ» دەپ قويسا ئىندەككە چۈشمەيدىغان قىز بارمۇ ھازىر. ئۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن كەلدى.

— ھە مۇنداق دە، ئۇ سېنىڭ نەرىڭگە ئاشىق بولۇپ قالغاندۇ؟ مۇشۇ ياماق چۈشكەن قارىۋاي چىرايىڭغىمىدۇ؟ ھەقاچان كىرپە تىكىنىدەك بۇرۇتۇڭغا كۆيۈپ قالغاندۇ، ھازىر قىزلار بۇرۇت قويغان ئەرلەرنى ياخشى كۆرۈشىدۇ جۇمۇ. ھا... ھا... ھا...

— بۇمۇ بار گەپ، قىز بالا دېگەن بەك ئەخمەق كېلىدىكەن. ئەسلىدە خىيالىمدا يوق بۇ ئىشنى ئاتام مەسلىھىتىمگە سېلىپ، ئۇلارغا ئەلچى كىرگۈزدى. دادىسى

قوشۇلمىغاننىڭ سىرتىدا مېنى يامانلاپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ بېشىمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى دېگىنە، ئاچچىقىمغا هاي بەرمىگەن بولسام ئۇلارنىڭ كۆرگۈلۈكىنى كۆرستەتتىم. بوپتۇ، ئىچكىرىدە قىلغان ئىشنى بۇ يەردە قىلسام سەت تۇرىدۇ، دەپ ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم. بىراق، بەك خورلۇقۇم كەلدى. ئانامنىڭ يىغىسىنى بىر دېمە. ئۇلار بىزدەك يېتىم ئوغول، تۇل خوتۇنلارغا بۇنداق ئازار بەرمىسە بولاتتى. ئۇنداق قىلىپ كەتمىسمۇ قىزنى ئەل-جامائەت ئالدىدا ھەقلەپ-نىكاھلاپ ئېلىپ، چىرايلىق ئىززىتىنى قىلسام، ئانامغا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرسا، كېيىن ئۆزۈمنىڭ ئوقۇرىنى تېپىۋالماتتىم.

— بۇ گېپىڭچە ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىپسەندە، ئۇ بىچارىلەرگە ئۇۋال قىلىپ.

— مەن قىلمىدىم، ئۆزىگە ئۆزى قىلدى. مەن يېتىمچىلىك، يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى بوش تارتمىدىم. ئەمدى ھەرقانداق ئادەمنىڭ مېنى يېتىم ئوغلاق، كەمبەغەل دەپ بوزەك قىلىشىغا، خورلىشىغا قاراپ تۇرالمايمەن. ئۆز ۋاقتىدا مەدەنىيەت ئىنقىلابى، تارقاقلاشتۇرۇش دېگەن چاغلاردا دادام بىچارە بىلەن بىزنىڭ كۆرمىگىنىمىز قالمىغان. تارقاقلىشىپ چىققان يېزىدا دادامنى رىجىم ئاستىدا ئىشلىتەتتى. بىزنى ھېچكىم كۆزگە ئىلمايتتى. بىر قېتىملىق ئۆستەڭ چېپىش ئالۋىڭىدا دادامنى يار بېسىۋېلىپ، بىز يېتىم قالدۇق. بىچارە دادامنىڭ قانغا مىلەنگەن جەسىتى كۆز ئالدىمدىن پەقەت كەتمەيدۇ. ئۇنى ئويلىسام يۈرەك باغرىم خۇن بولۇپ كېتىدۇ. كېيىن بىز شەھەردىكى ئۆيىمىزگە يېنىپ كىرىپ، قارا نوپۇس بولدۇق. يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىدە ئۆلمىدۇق، ئۇنىڭدىن باشقا ھەممىنى كۆردۇق. مانا ئەمدى خۇدايىم زارىمغا يەتكەن چېغى، پۇللۇقمۇ بولدۇم. ئاتا-بوۋىلىرىم يۇرۇتۇپ كەلگەن شۇ ئۆيىمىزنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەسلىك ئۈچۈن بۇدا قايتا يېڭىلاپ، ئورنىغا قەۋەتلىك ئۆي سالدىم. ئىنىمنى ئۆيلەپ، بىچارە غېرىب ئانامغا تاپقىنىمنى قىلىپ بەردىم. ئانام كۆپ خۇرسەن بولدى. شۇ ئىشلاردىن كۆڭلۈم سۆيۈنۈپ، ئۆزۈممۇ يەڭگىللەپ قالغاندەك بولۇۋىدىم، لېكىن خەقلەر بىزنى يېتىم-يېسىر كۆرۈپ خورلۇقىمىزنى كەلتۈرۈۋاتامدۇ، ئۆزۈمنى دېمىسەممۇ ئانامغا قاراپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. بىز ئادەملەر نېمە بولۇپ كېتىۋاتىمىز-ھە؟! ياخشى نىيىتىم بىلەن خورلۇقتىن قۇتۇلالمىغۇدەكمەن، شۇڭا مېنى كۆزگە ئىلمىغانلارمۇ تارتقۇلۇقنى بىر تارتىپ باقسۇن دەپ، كۆڭلۈمگە باشقىچە بىر پىلاننى پۈكۈۋىدىم، ئاسانلا ئەمەلگە ئېشىپ قالدى. قالغىنىنى كېيىن كۆرەرمىز.

— بۇ گېپىڭچە ئۇ قىزنى ياقتۇرمايدىكەنسەن-دە.

— ياقتۇرۇشۇمغۇ ياقتۇرىمەن. ئۇنى ئېلگىرى ئۆزۈشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان بىر گۈلدەك ھېس قىلاتتىم. بىر كۈن كۆرمىسەم ساراڭدەكلا بولۇپ قالاتتىم. كېيىن جاھاندارچىلىق غېمى بىلەن بېشىمنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، يۈرىكىممۇ نېلى قاتقان ئوخشايدۇ. بۇدا يېنىپ كېلىپ، قارىسام ئۇ تېخىچە ئۆچۈرما بولماپتۇ. كۆڭلۈمنى ئاختۇرۇپ باقسام.

بىر يەرلىرى ئۇنىڭغا يەنە كۆيىدىكەن. شۇڭا، چىرايلىقچە ئۇلارغا ئەلچى قويغان، لېكىن ئۆيلىمىغان يەردىن ماڭا خورلۇق يەتكۈزۈشتى. شۇڭا...

— ئۇنداقتا بۇ قىزنى ئىچكىرىگە ئاپىرىپ جازالايدىكەنسەن-دە.

— ئۇنىڭدا گۇناھ يوق، ئۇ مېنىڭ جىجىقىمدىن چىقمىسا، نېمە دېسەم شۇ بويىچە يول تۇتسا ئۇنى جازالاپ نېمە قىلاتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قىز مىشچان خېنىملارغا ئوخشىمايدۇ، كۆرگەنسەن ئۇنىڭ قوتازدەك كۈچى بار. ئۆزىمۇ ياۋاش، ماڭا ئۇ يەرلەردە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ بېرىدۇ.

— ھەي پىچاقچى، ھەرقانچە بولسىمۇ مۇسۇلمانلارچىلىقنى ئۇنتۇپ قالما. قانداقلا بولمىسۇن ئۇ ئۆزىمىزنىڭ قىزلىرىدىن. ھەرگىز قارا كۆڭۈللۈك قىلما جۇمۇ!

— نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭ خاپانباش، مەن تېخى ئادەم قىلىپىدىن چىقىپ كەتكىنىم يوق. ئۇنىڭ ئۆزىمىزنىڭ قىزلىرىدىن ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىمەن. ئۇ ماڭا ئىشىنىپ ئەگىشىپ چىققان. ئۇنى مەن ھالال ئىشقا سالماقچى، بولمىسا بۇ يەردە نىكاھ ئوقۇتىمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرەمدىمەن؟

— بولدى، بولدى، ئاچچىقىڭغا ھاي بەر. مەن بۇ تۇرقۇم بىلەن سەن بىلەن ئېلىشالمايمەن. ئۇنداقتا ئۇ قىزنى جاھاننىڭ نەرىدە سۆرەپ يۈرەرسەن، ئۇ يەردە تېخى ئۆيۈڭ، بىر ئوغلۇڭمۇ تۇرسا، بۇنى قانداق سىغدۇرۇرسەن؟

— بولدى ئۇنى ئاغزىڭغا ئالما، قانداق قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن.

— ئۇنداقتا بۇرۇنقى كەسپىڭنى قىلمايدىكەنسەن-دە.

— ياق، بىر مەزگىل شۇ كەسپنى قىلىپ تۆت-بەش تەڭگە تېپىۋالغاندىن كېيىن باشقا يەرگە يۆتكىلىپ ئايرىم دۇكان ئاچىمەن، شۇنداق قىلىپ تۇرمۇشۇمنى مۇسۇلمانلارچىلىق بىلەن ئۆتكۈزمەكچىمەن. ئېشەك جىنىدا بىر قېتىم مودۇرىغان جايدىن ئىككىنچى ماڭمايدۇ. ئۆز ۋاقتىدا ئىلاجسىزلىقتىن ئىرادىگە باقمىغان ئىشلارنى قىلغان، ئەمدى ئۆزۈمنى بىر قاتار ئوڭشىۋالدىم. جاھاننىڭ ئىشىكى كەڭرى، ماڭمىدىغان يول دېگەن بىرلا ئەمەس، ئىشنى قىلىپ؛ كېيىنچە كەمبەغەل بولۇپ قېلىپ باشقىلارنىڭ ئالدىدا خورلىنىپ ئۆتۈشنى خالىمايمەن.

— بوپتۇ ئەمىسە، قالدىسى ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارى. لېكىن، بىر ئىشتا مېنىڭ ئاغزىمغا قارا، بولامدۇ؟

— قايسى ئىشنى دەيسەن؟

— سېنىڭ توي ئىشىڭنى.

— قانداق قىلماقچى؟

— باياتىدىن بېرى خېلى ئويلاندىم. ئالدىرىساڭمۇ ئەتە-ئۆگۈن تۇرۇپ بەرگىن، بىر ئۇرۇق-تۇغقانلىق، دېگەن-بىلگەنلىرىمىز كۆپ ئادەملەر. قىزمۇ تەييار كەن، تويۇڭلارنى مۇشۇ ئۆيدە جامائەت ئالدىدا داغدۇغا بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېرەي. گېپىمگە ماقۇل بولغىن.

سېنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭ ئاز ئەمەس. بىز ئېغىر كۈنلەردە سەپەر ئۈستىدە تونۇشقان، كىشىنىڭ يۇرتىدا ھەممىنى تەڭ تارتتۇق، ئاخىرىدا سەن مېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇردۇڭ. مېيىپلىقىمغا قارىماي مېنى تاشلىۋەتمىدىڭ. شۇنچە يىراق جايدىن ئۆز يۇرتۇمغا، بوسۇغامغىچە ئەكېلىپ قويدۇڭ. مېنىلا ئەمەس، باللىرىمنى يېتىملىك كوچىسىدىن قۇتۇلدۇردۇڭ. قانچە قىلسامۇ بۇ ياخشىلىقىڭنى قايتۇرۇپ بولالمايمەن ئاداش. ماڭا بىر پۇرسەت يارىتىپ بەر. گېپىمنى قايتۇرما...

— نېمىلەرنى دەپ يۈرىسەن، ساڭا قىلغان ياخشىلىقىم دېگەن بۇ ئوغۇل بالىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى. ئۇ يەرلەردە سەن بولاڭچى-لۈكچەكلەرنىڭ پىچىقى ئاستىدا ئۆلەي دەۋاتساڭ سېنى قۇتقۇزماي، دوختۇرخانىدا بىر پۈتۈڭ كېسىلىپ يېرىم ئادەم بولۇپ ياتساڭ، ئارقامنى قىلىپ ئۆز يولۇمغا كېتىۋەرسەم بولامدۇ. بىز دېگەن تەقدىرداش كىشىلەردىن تۇرساق. بىر-بىرىمىزنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە كارىمىز بولمىسا بولامدۇ. ساڭا كەلدى، ماڭا كەلمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ. بۇ ئىشلارنى تىلغا ئېلىپ يۈرسەڭ مەن خىجىل بولۇپ قالىدىكەنمەن، قىلغانىنى ئۇنتۇپ قالمىغىنىڭغا خۇش بولدۇم. بىراق، مېنى ئەتە يولدىن قويما.

— جېنىم ئاداش، بۇنداق كاجلىق قىلمىغىن. بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى يەردە قويما. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاۋۇ باشلاپ كەلگەن قىزىڭنىڭمۇ ئىززەت-ھۆرمىتى. قانداقلا بولمىسۇن ئۇ قىزمۇ ياخشى ئادەملەرنىڭ بالا-ۋاقىسى ئىكەن، مېنى يامانلىدى دەپلا ھەممىگە كۆز يۇمۇۋالما. قىز تويى دېگەن خوتۇن خەقلەر ئۈچۈن ئۆمرىدە بىر قېتىم بولىدۇ. ئۇ قىزىمىز مەڭگۈلۈك داغدا قويما ئاداش.

— ساڭا كۆپ رەھمەت. بۇ گەپلىرىڭدىن تويۇمنى قىلىپ قويغاندەكلا خۇش بولدۇم. لېكىن، بىز بىر كۈن كېچىكسەك بىر مۇنچە ئاۋارىگەرچىلىككە يولۇقىمىز. ئاۋادا كەينىمىزدىن مەرپۇنىڭ تۇغقانلىرى قوغلاپ كەلسە، مېنىڭ قېنىم قىزىپ مېڭەمگە چىقسا ئۇ چاغدا بىرەر ئىش يۈز بەرمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە...

— ئەھۋالىدىن قارىغاندا مېنىڭ تەكلىپىمگە قوشۇلمايدىكەنسەن-دە؟

— شۇنداق. مېنى ئەتە سەھەردە يولدىن قويما، كۆڭلۈم بىرنەرسىنى تۇيۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.

— بوپتۇ ئەمىسە، جاھىل پىچاقچى، سەن دېگەندەك بولسۇن.

خۇپتەن ۋاقتىدىن ئۆتكەن چاغ. ئىچكىرى ئۆيدىكى سۇپىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغان قېرى ئاخۇنۇم ئوڭ-سول يېنىغا ئابلىكىم ھاجى بىلەن مەرپۇنى روبىرو ئولتۇرغۇزۇپ، مېيىپ يىگىتنىڭ گۇۋاھچىلىقىدا نىكاھ پەتىسىنى ئىزىلەڭگۈلۈك بىلەن ئوقۇپ تۈگەتتى. شۇئان ئۇلارنىڭ ئالدىغا يېرىم پىيالە تۇز سۈيى بىلەن بىر بۇردا نان سېلىنغان پەتنۇس كەلتۈرۈلدى. ئاخۇنۇم تۇز سۈيىگە چىلانغان ئىككى چىشلەمچە ناننى ئاۋۋال ئابلىكىم ھاجىغا بىر چىشلىتىپ، قالغىنىنى مەرپۇغا ئۇزاتتى. مەرپۇ بولسا ھازىرنىڭ ئۆزىدە نېمە

www.uyghurkitap.com



ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىنى، كېيىن نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي، كاللىسى پىكىر قىلىشتىن توختىغاندەك ئىسەنكىرەپلا قالدى. بۇ ئۆينىڭ ئىشىك-دېرىزىسىدىن بېشىنى تىقىشىپ مارىشىپ تۇرۇشقان قىز-كېلىنلەر ھەيرانۇ ھەس بولۇشۇپ، ياقىلىرىنى چىشلەشكەنچە چۇرۇلدىشىپلا كەتتى:

— تۇۋا، خېلى چوڭ ئۆتكەن يۈزلۈك ئائىلىنىڭ قىزىمىش، تېخى ئوتتۇرا مەكتەپنىمۇ ئوقۇپ تۈگىتىپتىكەن. شۇنداق تۇرۇپ...

— خۇدايىم، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب بەرگەيسەن. ئاتا-ئانىلارنى داغۇھەسرەتتە قويمىغايسەن، ئەل ئالدىدا يۈزىنى سۆرۈن، تىلىنى قىسقا قىلمىغايسەن. ۋاي ئىسىت، بۇ ئىشقا نېمە دېگۈلۈك؟ ۋاي بىچارە قىز.

— ئوھوش، بىچارە قىز دەپ كەتتىلىغۇ؟ ئۇ بىر ساراڭ، مەتو ئوخشايدۇ، بولمىسا جاھان كېزىپ يۈرگەن بىر قولاق كەستى ئەرنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ئۆيىنى تاشلاپ چىقىپ كېتەمتى. ئىمامنىڭ قىزىمىش تېخى، ھۇ قېلىن داپشاق...

— ئىمامنىڭ، كاتتا ئائىلىنىڭ قىزى بولسا نېمە بوپتۇ. ئۇمۇ ئادەم. كۆڭۈلگە ھېچنېمىنى تەڭ قىلىپ بولمايدۇ.

— قويسىلا ئۇنداق كۆڭۈلنى، ئەر كىشى دېگەنگە ئىشەنگىلى بولامدۇ. ئەر خەق دېگەنچۇ، بەك يۈزسىز كېلىدۇ، كۆڭلىنىڭ پىژژىدە كەلگەن ئىشتىھاسىنى تويغۇزۇپ قاندۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئارقىسىنى قىلىپ تۇرۇۋالىدىغان ئادەملەر بۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاۋۇ غوجام بىر يەردە تۇرمايدىغان، قوغلاش تۈگۈل، ئېتىپمۇ تۇتۇۋالغىلى بولمايدىغان بىر ئەركەن، ئۇنداقلارغا ئۆيدىمۇ، يولدىمۇ، بازاردىمۇ، مازاردىمۇ خوتۇن دېگەن ئۇچراپ تۇرىدۇ. ماۋۇ خېنىمغىمۇ قېنىشىپلىپ ئەتە-ئۆگۈن «سېنى مەن يۇرت ئالدىدا توي قىلىپ ئالغانمىدىم» دەپ ئالتە كۈندە كۆتىگە تەپمىسە، قولىقىمنى تۈۋىدىن كېسىپ بېرىمەن جۇمۇ. ھەي ئەخمەق قىز.

— خۇدايىم تۇۋا، قىز بالا دېگەننى باقىدىغان نېمە ئەمەسكەن، يۈرىكىنى قاپەك قىلىپ، ئاتا-ئانام، تۇغقانلىرىم نېمە بولار دېمەي قېچىپ چىققىنىنى...

— تۇۋا دەڭلار بالىلىرىم، جاھاندا نېمە ئىشلار بولۇپ ئۆتمەيدۇ، مېڭىڭلار، ھەممىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشىنى قىلىپ ئۇيقۇڭلارنى ئۇخلاڭلار. خەققە سۆز-چۆچەك تارقىتىپ يۈرمەڭلار يەنە، يامان بولىدۇ. ھەرگىز تەڭ كۆرۈپ قالغۇلۇق ئەمەس. مەن ئۇلارغا جاي راسلاپ بېرەي.

— ھە، ئانام ئۇلارغا يەڭگە بولىدىغان ئوخشامدۇ؟ ئۇنداق بولسا بۇ بىر توي ئىكەن دە... ھى...ھى...

مەرفۇنىڭ «تويى» مانا مۇشۇنداق تاماملاندى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلار مۇشۇ ئاپتوبۇستا يولغا چىققانىدى. مەرفۇ ھامان خىيال سۈرەتتى. ئۇ قىز تويىنى كۆپ كۆرگەن. بۇنداق توي، قىز كۆرۈش، مەسلىھەت، توي.

يۈز ئاچقۇ، ئۇن بەش كۈنلۈك دېگەنگە ئوخشاش باسقۇچلارغا بۆلۈنۈپ داغدۇغا بىلەن ئۆتكۈزۈلەتتى. توي كۈنى تويى بولغۇچى قىز يىگىت تەرەپ ئالغان ئالتۇن جابدۇق، تاۋا-دۇردۇنلار بىلەن خۇددى شاھ مەلىكىسىدەك جابدۇنۇپ، قىز دوستلىرىنىڭ ئارىسىدا گۈلدەك ئېچىلىپ ئولتۇراتتى. قىز كۆچۈرۈشكە كەلگەن ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ نەغمە-ناۋا، ناغرا-سۇنايلىرىنىڭ ياڭراق ساداسى ئىچىدە ئاللا-ئاللا توۋلاپ دەبدەبە بىلەن قىرنى ئېلىپ مېڭىشى، ئاتا-ئانىلارنىڭ دۇئا بېرىشى، مەخسۇس بەلگىلەنگەن يەڭگىلەرنىڭ پايىپېتەك بولۇپ كېتىشى... بۇ كۆرۈنۈشلەر مەرپۇنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرۇپ، باغرىنى خۇن قىلىشۇەتتى. ئۇ تېخىمۇ ئىسەدەپ، بوقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

## 2-باب

## ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ

### 1

ئاپتوبۇس يولغا چىقىپ ئۈچىنچى كۈنى بۇ شەھەرنىڭ پويىز ئىستانسىغا يېقىن بىر مېھمانخانىسى ئالدىدا توختىدى. ئابلىكىم ھاجى مەرپۇنى ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى كىملەر بىلەندۇ مۇھىم ئۇچۇر-سودا ئىشلىرى ئۈستىدە نەلەرگىدۇ قاتراپ يۈرۈپ، ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، مەرپۇنى ئېلىپ ئېغىر يۈك-تاقلار بىلەن پويىزدا گۇاڭجۇغا قاراپ يولغا چىقتى. شۇ كۈنلەردە مەرپۇ خۇددى تۇتۇلۇپ قېلىشتىن قورقۇپ يوشۇرۇنۇپ ياتقان جىنايەتچىدەك، ياتاقتىن چىقماي ئۆزى يالغۇز، دەككە-دۈككە ئىچىدە ئابلىكىم ھاجىنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئابلىكىم ھاجى بولسا سەھەردە چىقىپ كەتكەنچە ئېغىر ياتقۇ بىلەن ھارغىن ھالەتتە قايتىپ كېلەتتى.

— زېرىكتىڭمۇ مەرپۇ؟

— زېرىكسەممۇ نېمە ئىلاج. كۆڭلۈمگە بىرى تەكشۈرۈپ كېلىپ، تۇتۇۋېلىپ سوراق قىلىدىغاندەكلا تۇيۇلۇپ تۇرىدۇ.

— ئەخمەق، سەن بۇلاڭچىلىق قىلمىساڭ، يا ئادەم ئۆلتۈرمىسەڭ نېمىدىن قورقاتتىڭ؟ — دېگەنتى ئابلىكىم ھاجى مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ. ئۇ كېتىۋېتىپ پويىز دېرىزىسىدىن مەرپۇغا يول ئۈستىدىكى جايلارنىڭ ئىسىملىرىنى، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى ھەمدە ئالدى-كەينىدىكى سەپەرداشلىرى ياكى پويىز خىزمەتچىلىرى بىلەن بىمالال پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭدا قىلچىمۇ تەمترەش ياكى قورقۇمسىراش ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى. مەرپۇ بۇنىڭغا سەل ھەيران قالغان بولسىمۇ، يەنىلا مۇشۇنداق بىر ھىمايىچىسى بولغانلىقىدىن پەخىرلەندى، مەمنۇنلۇق ھېس قىلدى. ئۇ ئەمدى بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدىكىدەك يىغلاپمۇ

www.uyghurkitap.com



ئۆلتۈرمىدى. ئەلھەمكۇلىللا دېمەي نېمە ئىلاج ئەمدى. پېشانەمگە پۈتۈلگىنى مۇشۇ تۇرسا، ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە پۇشايمان قىلسامۇ ھېچ ئورنىغا كەلمەيدۇ. بۇ يولدىن كەينىمگە ھەرگىز قايتالمايمەن. ئەمدى ئۇ ئوتقا كىر دېسە ئوتقا، سۇغا كىر دېسە سۇغا كىرمەي ئىلاج يوق... دەيتتى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە. ئۇلار ئاخىرى كۆزلىگەن مەنزىلگىمۇ يېتىپ كەلدى. مەرفۇ ئەتراپىغا قاراپ ھەيران قالدى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى مۇنداق مەنزىرىلەرنى كىنولاردىلا كۆرگەندى. كوچىلار خۇددى قايناق ئادەم دېڭىزىغا ئوخشايتتى. ۋاي-ۋۇي، نېمىدېگەن كۆپ ئادەملەر، نېمىدېگەن ئېگىز بىنالار بۇ، يوللارنىڭ كۆپلۈكىچۇ تېخى...

— مەرفۇ ھەيران قېلىۋاتامسەن؟ بۇنىڭدىنمۇ ئاۋات يەرلەر بار تېخى. يۈرە ماڭايلى.

مەرفۇ يۈك-تاقلاردىن بىر قىسمىنى كۆتۈرۈشكە تەمشىلىۋىدى، ئابلىكىم ھاجى:

— قوتازدەك كۈچۈك بار جۇمۇ سېنىڭ، مەنمۇ سېنى خاتا تاللىماپتىكەنمەن، بولدى قوي، — دېدى ھىجىيىپ تۇرۇپ ئاندىن، — مۇشۇنداق كۆتۈرۈپ ماڭماقچىمۇ سەن، تومپايلىقىڭنى كۆرسەتكىلى تۇردۇڭمۇ ئەمدى، بىز چۈشىدىغان مېھمان كۆتۈشكە بۇنداقلا بارغىلى بولمايدۇ، — دېدى زاڭلىق ئارىلاش ئاھاڭدا.

— ئۇ يەر بەك يىراقمۇ؟ — ئىسەنكىرىگەندەك سورىدى مەرفۇ.

— ئانچىمۇ ئەمەس، بارغاندا بىلىسەن. ماڭا كۆپ ۋاتىلداپ بەرمەي ماۋۇ نەرسە-كېرەكلەرگە كۆز قۇلاق بول.

ئۇلار تاكسىغا چۈشۈپ مېھمانخانىغا بىردەمدىلا يېتىپ كەلدى، ئابلىكىم ھاجى مەرفۇغا ياتاقتىن چىقماسلىقنى جېكىلەپ قويۇپ، سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇ شۇ چىقىپ كەتكەنچە ئەتىسى بىر ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئېلىپ كەلگەن بىر قىسىم نەرسىلىرىنى ماشىنىغا بېسىپ ئۇ ئادەمنى يولغا سالغاندىن كېيىن ئۆتىشىنىسىدىن ئېغىر بىر يۈكنى ئېلىپ تاشلىغاندەك ئۇھ دەپ ئازادە بىر تىنىۋېتىپ، مەرفۇنى يېنىغا تارتىپ كارىۋاتقا تاشلاندى. بىر پەستىن كېيىن ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ۋە مەرفۇغا قاراپ جىددىي قىياپەتتە:

— ساڭا بىر گەپنى ئالدىن دەپ قوياي، قۇلاق سال، — دېدى بۇيرۇق ئاھاڭدا، — سەن بۇ يەرگە مېنى دەپ كەلدىڭ، شۇنداقمۇ؟ ئۇنداقتا مېنىڭ سىزغان سىزىقىمدىن، قىلغان سۆزۈمدىن چىقمايسەن. ئۇنداق قىلمايدىكەنسەن، ئۆزۈڭنىڭ جېنىڭغا ھېزى بول. سېنىڭ ئۆلۈكۈڭمۇ، تىرىكىڭمۇ ماڭا مەنسۇپ. بۇ يەر سېنىڭ ئېغناپ ئوينايدىغان ئەزرانە يۇرتۇڭغا ئوخشىمايدۇ، ئادەملىرىمۇ ھەم شۇنداق. بىر ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشى ياكى غايىب بولۇپ كېتىشى خۇددى دېڭىزغا يىڭنە تاشلىغاندەكلا بىر ئىش، بۇنى كېيىن بىلىپ قالىسەن، ئۇقتۇڭمۇ؟

مەرفۇ ئوچۇق ھاۋادا بىردىنلا چاقماق چېقىپ، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەندەك تاسادىپىلىق ھېس قىلىپ، قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدىشى ئۆزىگىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— ھاجىم، سىلە مېنى...
— ئاغزىڭنى يۇم! مەن ھازىردىن باشلاپ نېمە قىل دېسەم شۇنى قىل، نېمە دېسەم شۇنى دە!
— مېنى ئۇنداق قورقۇتمىسىلا، — دېدى مەرغۇ ياش ئەگىپ تۇرغان بىچارە كۆزلىرىنى ئابلىكىم ھاجىمغا تىكىپ.
— بۇ يەردە سەن قورقىدىغان ئىشلار كۆپ ئۇچرايدۇ تېخى. لېكىن، مەن ھەممىگە كۆنۈپ قالغان. ۋاقتى كەلگەندە بېشىڭنى ئالقىنىڭغا ئېلىپ قويۇپ جانبازلىق بىلەن كۈن كەچۈرىدىغان جاي بۇ. قارا ئەتراپىڭغا، جەننەتتەك كۆرۈنگەن بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ خۇددى ماشىنا ئادەمدەك ئۇيان-بۇيانغا چېپىشىپ يۈرگىنىنى، ھەممىسى پۇل ئۈچۈن چېپىشىدۇ. پۇل بۇ يەردە قاندىنمۇ ئەزىز. پۇل بولمىسا سۇدىن ئايرىلغان بېلىقتا ئوخشاپ قالىسەن. ئۇقتۇڭمۇ؟ بىزمۇ پۇل ئۈچۈن كۈرەش قىلغىلى كەلدۇق. شۇڭا، مەن نېمە دېسەم شۇ بويىچە ئىش كۆرۈشۈڭ كېرەك. بىز ئىككىمىز جاننى تىكىپ قويۇپ پۇل تاپىمىز. كېيىنچە داداڭنىڭ ئالدىدا مانا مۇشۇنىڭ بىلەن ئۆزىمىزنى تونۇتۇپ قويىمىز. ئۇ ھەرەمگە بېرىپ كېلىپ، ئاتىنىڭ كاللىسىدەك ئالتۇن تېپىۋالغاندەك ياكى بىرەر شەھەرنى سېتىۋالغاندەك غادىيىپ كېتىپتۇيا... قېنى كۆرىمىز...
مەرغۇ لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. ئۇنى بىرى چۆرگىلىتىپ قويۇپ بەرگەندەك بېشى قېيىپ، ئۆيچۆرىسى قاراڭغۇلاشتى.
— ھەي، نېمە بولدۇڭ؟ سېنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلىڭ يوقتۇ، ماڭا قارا، كۆزلىرىڭ ئېلىشىپلا كېتىپتىغۇ...
بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئاستا ئېسىگە كېلىپ، ھالسىز ھالدا ئابلىكىم ھاجىغا قارىدى.
— بىسمىللا دېمەي مېنى مۇنداق قورقۇتۇۋەتمىسىلىمۇ، مەن بۇ يەرگە سىلىنى دەپ كەلگەن، ھېلىتىن يۈرىكىمنى سۇغۇرۇۋېلىپ جاڭگالغا تاشلىۋەتكەندەك قىلىۋەتتىلە، دادامنىمۇ قوشاپ-قاماپ كەتتىلىغۇ؟
— ھە مۇنداق دېگىن، بەزى ئىشلارنى كېيىن بىلىپ قالارسەن. ئىشنى قىلىپ ئۆگۈنگەندىمۇ، چۈشۈنگەندىمۇ ماڭا سادىق بولساڭلا بولىدۇ.
ئابلىكىم ھاجى مەرغۇغا بىر قاتار كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئەكىرىپ بېرىپ، ئۇنى ياتاقتا سولاپ قويۇپ بىر چىقىپ كەتكەنچە ئۈچ كۈندىن كېيىن پەيدا بولدى. بۇ كۈنلەردە مەرغۇنىڭ كۆڭلىگە كەلتۈرمىگەن خىياللىرى قالمىدى.
... مەن قىز بولۇپ تۇغۇلۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈنلا مۇشۇنداق بىقۇۋۇل ئۇلتۇرىمەن-ھە!؟ ئابلىكىم ھاجى مېنى مۇشۇنداقلا تاشلاپ كېتەرمۇ؟ ئەگەر ئۇنداق قىلسا مەن بۇ يات جايلاردا قانداق قىلارمەن. ياق، ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس... ئاھ خۇدا، مېنى نېمىشقىمۇ مۇشۇ كويلارغا سېلىپ، مۇشۇنداق جايلارغا ئەكىلىپ تاشلىغانسەن؟! نېمە بولسام ئۆز يۇرتۇمدا، ئۆز ئۆيۈمدە بولغان بولسامچۇ، بىچارە ئاتا-ئانام نېمە بولۇپ كەتكەندۇ، ئۇلار

www.uyghurkitap.com



ئەمدى مېنىڭ تىرىكىم تۇگۇل ئۆلۈكۈمنىمۇ ئۆيگە كىرگۈزۈشمەيدۇ. مەن ئىككىلا ئالەمدە گۇناھىمنى يۇيالمايدىغان يۈزى قارا مەخلۇققا ئايلىنىپ قالدىم، ئەمدى يەنە نېمە كۈنلەرنى كۆرەرمەن...

ئىشىكتىن شىپىرلاپ كىرىپ كەلگەن ئابلىكىم ھاجى، دۈم ياتقان مەرفۇنى كۆرۈپ:

— ھوي، مۇشۇنداقلا ئۇخلاۋاتامسەن نېمە؟ — دېدى-دە، ئۇنىڭ غولىدىن تۇتۇپ يۆلەپ تۇرغۇزدى، — ھە، قاپاقلىرىڭ باراڭغا ئالغۇدەك بولۇپ كېتىپتۇ. يىغلاۋېرەمسەن. بولدى قىل مېنىڭ ئەرۋاھىمنى ئۇچۇرماي، قانچە بىر مۇشكۈلاتلارنى تارتىپ بولىمەن ئەمدى، مېنىڭ بېشىمدىمۇ مىڭبىر بالالىق ئىش تۇرسا. سەن ئۇيىنغىلى كەلدىممىكىن دەپ خىيال قىلىپ قالما. تۇر ئورنۇڭدىن. ھازىر ماڭىمىز.

— نەگە؟ — ئىسەدەپ تۇرۇپ سورىدى مەرفۇ.

— نەگە بولاتتى، ئۆيۈمگە، كاۋاپچىلىق دۇكىنىمغا.

— ئۆيۈمگە؟ ماڭا بۇنداق گەپنى دېمىگەنتىلىغۇ؟

— ھازىر دېگەن بولسامۇ كېچىكمىگەندىمەن. ئاڭلاپ قوي، يەنە خوتۇنۇممۇ بار، ئۇ يەردە بىز ئىش-ئوقەت بىلەن بىر مەزگىل تۇرۇپ قالىمىز. شۇڭا، باشتا دېگىنىم بويىچە ئىش قىلىسەن، قالغىنىنى كېيىن كۆرەرمىز. ھازىرچە مۇشۇنىلا بىلىپ قالساڭ بولىدۇ، قانداق، ھاڭۋېقىپ تۇرىسەنغۇ؟

— چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانلا ھاجىم؟ — سورىدى مەرفۇ بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي.

— مەرفۇ، ئەرۋاھىمنى ئۇچۇرمىساڭچۇ، گەپنى ئاز قىل، ھازىر ساڭا چاقچاق قىلىدىغانغا نەدە چولا. بېشىمدا مىڭبىر بالالىق سەۋدالار ئەگىپ يۈرسە، ئاۋۇ يەردە بىرىنى ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ ئاران بالالىقتا ئەيۋەشكە كەلتۈرسەم، ئەمدى سەن غەرەز ئۇقمايدىغان كۆزۈمگە كىرىۋېلىپ، نېمە قىلاتتىڭ؟ خوتۇن خەق دېگەنگىغۇ رەھىم قىلىدىغان نېمە ئەمەس، ھەممىسى ئوخشاشلا ئالۋاستىلار.

— سىلەر زادى... مېنى... مېنى...

— ھەي، سەپرايىمنى ئۆرلەتمەي ماڭ دەيمەن!

مەرفۇ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

— ھەي، سېنىڭ راستىنلا خاپىغان كېسىلىڭ بار ئوخشىمامدۇ؟ يەنە قېتىپ قېلىۋاتىسەن، ماڭا قارا، — دېدى ئۇ مەرفۇنىڭ بىلىكىدىن سىلكىپ تۇرۇپ. كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇرغان مەرفۇ، بىر غايىبانە قول گەجىكىسىدىن كۈچ بىلەن ئىتتىرىۋەتكەندەك يەرگە گۆپپىدە يىقىلىپ چۈشتى. ئابلىكىم ھاجى ئۇنىڭ ئىككى چېكىسى ۋە ئالقىنىنى بىر پەس ئۇۋۇلاپ بېرىۋىدى. ئاستا-ئاستا ئېسىگە كەلدى.

## 2

ئادەم نېمىلەرگە كۆنمەيدۇ دەيسىز؟ ئۇ ئۆزىنى ئىنتىلدۇرۇۋاتقان نەرسە ئۇچۇن، ھەرقانداق مۇشكۈلاتلار ئىچىدىمۇ تىرىشىپ-تىرمىشىپ كۈرەش قىلىدۇ. جاپا-مۇشەققەت



ئىنساننىڭ ياشاش ئىستىكىنى يوقىتىۋېتەلمەيدۇ. مەرفۇ كۈندۈزى دۇكان، كېچىسى ياتاق رولىنى ئۆتەۋاتقان بۇ ئۆيگە دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ كۆنۈپمۇ قالدى. بۇنىڭغا نېمە ئامال؟ ئۇ ئابلىكىم ھاجى ئاچچىقلاپ، سەتلەپ، تىل-تاياق سالمىسىلا بۇ كۈنلىرىگىمۇ شۈكۈر دەپ، بارا-بارا يۈرىكىمۇ قېتىپ، بەك ھەسرەتلەنمەيدىغان، ئۇنداق-مۇنداق ئىشلار ئۈچۈن ياشىمۇ تۆكمەيدىغان بولۇپ قالدى. دۇكاننىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئۆيدە ئولتۇرىدىغان موماي بىلەن ئورۇق، ۋىجىك كەلگەن ياش چوكاننىڭ ئۆزى ھەققىدە نېمىلەر دەيدىغانلىقىنى ئۇ بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ تىلىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن پەرۋا قىلىپمۇ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئابلىكىم ھاجى ھىماتچى بولۇپ بەرسىلا بولاتتى. ئۇ كۈن بويى بۇلۇڭدىكى گۆش كۆتىكى بىلەن كاۋاپداننىڭ يېنىدىن نېرى بولالمايتتى.

— مەرفۇ، چاي قوي.

— مەرفۇ، كاۋاپ زىخلا.

— مەرفۇ، كاۋاپدانغا كۆمۈر چوقۇلاپ سېلىۋەت...

ئۇنىڭ كۈنلىرى مانا مۇشۇنداق ئۆتۈۋاتاتتى. دوپپا كىيگەن ياكى ياغلىق سېلىۋالغان بىرەر كىشىنى يولۇقتۇرۇپ قالسا خۇددى بىر تۇغقىنىنى كۆرگەندەك قەلبى سۆيۈنۈپ، ئۇلارنىڭ بويىنغا ئېسىلىپ تۇرۇپ كۆرۈشكۈسى، مۇڭداشقۇسى كېلەتتىيۇ، ئارقىدىنلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەسسىدە بولۇپ، ئۆزىنى دالدىغا ئالاتتى. بىركۈنى ئۇ ئۆزىنىڭ هاملدار بولۇپ قالغانلىقىنى قورقۇپ تۇرۇپ ئاغزىدىن چىقاردى. بىردەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن ئابلىكىم هاجىنىڭ سۇرلۇك چىرايىغا كۈلكە يامرىدى. مەرفۇنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشۈپ يېنىك بىر تىنىۋالدى.

— خۇدايىمنىڭ رەهمىتى كەلسە ئۆلمىسەم قېرىغاندا ئەسقاتقۇدەك بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەرسەڭ ئەجەب ئەمەس مەرفۇ.

— سىلە خۇش بولسىلا...

— نېمىشقا خۇش بولمىغۇدەكمەن؟ بۇ ئۆزۈمنىڭ پۇشتىدىن، قېنىدىن بولغان بالا تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بالىغا مېنىڭ گۇمانىم يوق.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى؟

— سەن بۇنىڭغا هەيران قېلىۋاتامسەن؟ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەنىدىن كېيىن سورىسايلا قوي. رەهمەتلىك دادامنىڭ روهى مېنى يۆلەۋاتقان ئوخشايدۇ. سەن ئۆزۈڭنى ئوبدان ئاسرا، بالا بىر قانداق بولۇپ قالىدىغان بولسا مەندىن قۇتۇلالمايسەن جۇمۇ، — ئۇ ئەركىلەتكەندەك مەرفۇنىڭ بىلىكىنى يەڭگىلگىنە بىرنى چىمدىپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئابلىكىم هاجى هېلىقى ئورۇق، ۋىجىك چوكان كۆز-قۇلاق بولۇپ يۈرمىگەن چاغلىرىدا مەرفۇغا «يە، ئىچ، ئارام ئال» دېگەندەك گەپلەر بىلەن كۆيۈنۈپ، قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان بولدى. مەرفۇ بۇنىڭدىن قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ سارغىيىپ كېتىۋاتقان چىرايىغا خېلى قان يۈگۈرۈپ، كەيپىياتىمۇ جانلىنىپ قالدى. مۇهەببەت ئۇنىڭغا ئۈمىد، ئىشەنچ، كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلىۋاتاتتى.

ئۇنىڭ ئاي كۈنى توشا-توشماي كۆزى يورۇدى. بالا قىز ئىدى. «بىتەلەي سوغا كەلسە ئاللاكۇدىن يا كېتىپتۇ» دېگەندەك، ئابلىكىم هاجى شۇ كۈندىن تارتىپ مەرفۇغا ئىسسىق چىراي ئاچمىدى. مەرفۇ بۇنىڭدىن بوغنۇقۇپ كېتىۋاتاتتىيۇ، كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىۋاتقان ئانىلىق مېهرى بىلەن پۈتۈن ئۈمىدىنى بالىغا بېغىشلاپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئەمدى ئۇ يالغۇزسىراپمۇ قالمايدۇ. بىر جان ئۇنىڭ باغرىدا، ئىللىق قۇچىقىدا ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ پىلتىڭلاپ تۇرماقتا ئىدى.

بىر كۈنى كەچتە هېلىقى ئورۇق، ۋىجىك چوكان ئابلىكىم هاجى بىلەن قاتتىق جاڭجاللىشىپ قالدى. مەرفۇ ئۇلارنىڭ جېدەل-ماجىراسىغا بالا بىلەن ئۆزىنىڭ سەۋەبچى بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندى.

— سەن بەك ئالدامچىكەنسەن، — دەيتتى هېلىقى چوكان ئۆز تىلىدا ۋارقىراپ-جارقىراپ، — ئۇ ئايالىڭىزنى يولغا سېلىپ قويىمەن دېگەنىدىڭ، قېنى؟ مىڭ چاققىچە گەپ قىلمايسەن، ئۇ تۇغدى، ئەپتە، بالاڭنىڭ دادىسى كىم؟

— مەن، مەن! مەن بولماي كىم بولاتتى؟

— ئالدامچى، سەن مېنى ئالداپسەن. ئەمدى ماۋۇ بالاڭنى قانداق قىلىسەن؟— ئايال شۇنداق دەپ ئىككى ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالىنى ئالدىغا ئىتتىرىپ چىقاردى.

— بۇ مېنىڭ بالام ئەمەس. ئۇنىڭ دادىسىنى سەن ئوبدان بىلسەن. مېنى ئالدىغان سەن!

— توختاپ تۇر، سېنى ئەرز قىلىمەن، سوتلىتىۋېتىمەن!

— ھەددىڭ ئەمەس، سولاقتا ئۆزۈڭ يېتىپ قالارسەن ئەمىسە.

ئابلىكىم ھاجى شۇ ئاچچىقىدا ئىشكىنى زەردە بىلەن ئىتتىرىپ ئېچىپ، سىرتقا بورانلىق ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۇدۇل شىنجاڭلىق سودىگەر دوستلىرىنىڭ تۇرار جايىغا باردى.

— ھەي پىچاقچى، سېنىڭمۇ بېشىڭغا كۈن چۈشىدىغان چاغ كېلىدىكەن-ھە؟ — دېدى ئاغىنىسى ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — ئۆز ۋاقتىدا ھەر قانداق ئىشنى قىلىشتىن باش تارتمايتتىڭ. تېخى ئاۋۋال ئۆيىنى، كېيىن ئىگىسىنى ئېلىپ ئويىنىتىپ يۈرگەن سەن ئىدىڭ، مانا ئەمدىلىكتە ھى... ھى... ھى...

— بولدى، نېمىگە ھىجىيىسەن؟! — دېدى ئابلىكىم ھاجى چېچىلىپ، — سەنمۇ نېمە ئىشلارنى قىلمىغان. ئۇ ۋاقىتتا بىز ئۇ يامان، بۇ ياخشى دەپ ئايرىپ ئولتۇرمىغانىكەنمىز. شۇنداق ئەمەسمۇ، مەنمۇ ئوقەت غېمىدە ئۇنىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئالدىم، كېيىن مەست بولۇپ يېتىپ قالغىنىمدا ئۇنىڭ شەيتىنى مېنى ئازدۇردى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنىڭدىن قۇتۇلالماي كېلىۋاتىمەن، ئۇ مېنىڭ نەرىمگە ئامراق بولۇپ قالغاندۇ-ھە؟ ھەي، ئەخمەق خوتۇنلار! سىلەر شۇنداق گالۋاڭ كېلىسلەر، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا پۇتلىكاشاڭ بولىسلەر، ھۇ ئازدۇرغۇچى شەيتانلار!

— ھەي پىچاقچى، مەست بولۇپ قالغان ئوخشىمامسەن؟ بىردەمدە ئاياللارنى سۆكۈپ كەتتىڭغۇ. ئۆز ۋاقتىدا بىرگە قانائەت قىلماي يەنە بىرىنى ياندىدىڭ. ئەمدىلىكتە، ھەي... ئېيتە، ئەمدى قانداق قىلماقچىسەن؟

— بىرىنى يۇرتقا يولغا سېلىپ قويىمەن، يەنە بىرى ئۆيىنىمۇ، دۇكىنىنىمۇ پوكىنىغا تېڭىۋالسۇن، مەن باشقا ئىش قىلىمەن. ھازىر كاۋاپچىلىق قىلىدىغانلارمۇ كۆپىيىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىز خەقمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىززىتىنى ئۆزىمىز قويمىدۇق. شۇنىڭغىمىكىن ئوقىتىم تازا يۈرۈشمەيۋاتىدۇ. يەنە ئىككى-ئۈچ تەڭگە تېپىۋالسام، شىنجاڭغا كېتىپ چوڭراق بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتايمىكىن دەيمەن.

— ھە مۇنداق دە، ئۆزۈڭنىڭمۇ خېلى پىلانىڭ بار، ھەممە قازاندا قايناپ، ئەقلىڭنى خېلى پىشۇرۇۋاپسەن جۇمۇ. ئۇنداقتا ئىشنى خوتۇنلارنى يولغا سېلىشتىن باشلايدىكەنسەن-دە، ئۇلار ئۇنامدۇ؟

— ئۇنىمايدىغانغا ھەددىمۇ.

— بالىلىرىڭنى قانداق قىلىسەن؟

— بالىلىرىڭ دەيسەنغۇ؟ بالاڭ دېگىنە، چەككەن ناسۋاللىرىڭ مېڭەڭنى ئىشلىمەيدىغان قىلىپ قويۇۋاتامدۇ، نېمە؟ مېنىڭ بىرلا بالام بار، ئەپسۇس، ئۇ قىز بولۇپ قالدى.

www.uyghurkitap.com



شۇڭىمۇ ئانا-بالا ئىككىسىنى تېزرەك يولغا سېلىۋەتمىسەم بولمايدۇ. ئانىسى ئەمدى ماڭا بۇرۇنقىدەك ئىش قىلىپ بېرەلمەيدۇ. قىزىم ئۆز يۇرتىمىزنىڭ توپىسىنى ئويناپ چوڭ بولسۇن، كېيىنچە قىز تاپقانىنىڭ جاجىسىنى تارتىپ قالماي يەنە. ھەممە ئىش بىز بىلەنلا كەتسۇن. بىز قىلغان گۇناھلارنى زېمىن كۆتۈرگەن بىلەن ئۇ يەرلەردىكى كىشىلىرىمىز كۆتۈرەلمەيدۇ. ھەتتا بەزى ئىشلىرىمىزنى ئەقلىگىمۇ سىغدۇرالمايدۇ. شۇڭا، خوتۇنۇمنىمۇ، بالامنىمۇ مۇشۇنچىلىك ۋاقتىدا يولغا سېلىپ قويىسام، ئەتە-ئۆگۈن ئۇلارمۇ... ھەي... ھەر قانچە ئەسكى بولسامۇ بۇنىڭغا قاراپ تۇرالمايمەن. ئۇلار نېمە بولسا ئۆزىنىڭ جايىدا بولسۇن. ئۆلمىسەم بىر كۈنى ئۇلارنى تېپىۋالىمەن.

## 3

ئىشك جالاقىدە ئېچىلىپ، ئۆي ئىچىدىن ئۇزۇن چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، قالايمىقان يېيىلىپ كەتكەن بىر ئايال سىرتقا ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ نەچچە قەدەم نېرىغا بېرىپلا گۈلۈپپىدە يىقىلىپ چۈشتى، يەنە چاققانلىق بىلەن ئۆمىلىگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، «ئادەم بارمۇ!» دەپ ۋارقىرىغان پېتى ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى. كەينىدىن قوغلاپ چىققان ئەر خۇددى قوزىغا تاشلانغان ئاچ يولۋاستەك ئېتىلىپ كېلىپ، ئايالنىڭ چېچىدىن قامالاپ، دارقىرىتىپ سۆرىگىنىچە، ئۆي ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ، يەرگە كېرەكسىز نەرسىنى تاشلىغاندەك پالاقىدە ئاتتى. ئارقىدىنلا غەزەپ بىلەن:

— ئۈنۈڭنى ئۆچەر، گەپ ئاڭلىمايدىغان قانجۇق! — دەپ ۋارقىرىدى. ئايال سول قولىنىڭ چىمچىلاق بارمىقىنى روباشكىسىنىڭ ئېتىكى بىلەن يۆگەپ چىڭ تۇتۇۋالغان ھالدا يەردە ئۇياندىن-بۇيانغا دومىلايتتى. «ۋاي ئادەم بارمۇ، مېنى قۇتقۇزۇڭلار، ۋايجان، مېنىڭ بالام قېنى، مەن بالامنى كۆرۈۋالاي، ۋايجان، ۋاي قولۇم!» دېگىنىچە ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىۋەتكۈدەك دەرىجىدە ئۈن قويۇپ يىغلاۋاتاتتى.

— ھەي قېلىن قانجۇق! ماڭا چاپلىشىۋېلىپ جېنىڭنى بۇنداق قىينىغىچە، چىرايلىقچە كەت دېگەندىن كېيىن كەتسەڭ بولمامدۇ. تۇرە ئورنۇڭدىن، زادى كېتەمسەن، كەتمەمسەن؟ — ئەر شۇنداق دېگىنىچە ئايالنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇشقا تەمشەلدى. مەرفۇنىڭ چېكىسىدىن، ئېغىز-بۇرۇنلىرىدىن ۋە سول قولىدىن شۇرقىراپ ئېقىۋاتقان قان ئېتەكلىرىنى بويلاپ يەرگە يېيىلىۋاتاتتى.

— جاۋاب بېرە، زادى كېتەمسەن-كەتمەمسەن؟ بۈگۈن ئېنىق بىر نېمە دېمەيدىغان بولساڭ مەشەدىلا سويىۋېتىمەن! — دېدى ئەر گۈلدۈرمامىدەك ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپ.

مەرفۇ كۆزىنى يۇمدى. يىرىلغان لەۋلىرى مۇشتۇمدەك ئىششىغان، قانغا بويالغان يۈزىدىن چىرايى پەرق ئەتكۈسىز بولۇپ قالغانىدى. ئەر ئۇنى يەنە سىلكىدى-دە، شارتتىدە بۇرۇلۇپ، گۆش چانايدىغان كىچىككىنە كۆتەك ئۈستىدىكى پالتىنى قولىغا ئالدى. مەرفۇنىڭ

بېشى ئاستا - ئاستا بىر يانغا قىيسىيىپ قالدى. ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ چىپپىدە توختىغانىدى. ئەر قولىدىكى پالتىنى زەردە بىلەن پىرقىرىتىپ تاشلىۋېتىپ، قىرقىراپ يىغلاۋاتقان بالىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ بالىنى قولىغا ئېلىپ ئاستا باغرىغا بېسىپ پەپىلىگىلى تۇردى. بالا كىچىككىنە بۇدۇرۇق قوللىرى بىلەن دادىسىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ، ئىسەدەپ - ئىسەدەپ يىغلاپ، بىردەمدىن كېيىن خۇددى دەردمەن چوڭ ئادەملەردەك ئېغىر بىر تىنىدى - دە، ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى. ئابلىكىم ھاجى بالىنى يەم بىلەن ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆينىڭ ئۇ يەر - بۇيەرلىرىنى ئىزدەشتۇرۇپ يۈرۈپ، دورا قۇتىسى بىلەن بىر بولاق تېڭىق داكىسىنى تېپىپ چىقتى. مەرفۇ تېخىچە ھوشسىز ياتاتتى. ئۇ مەرفۇنىڭ يېنىدا زوڭزىيىپ، ئۇنىڭ قان تامچىپ ئېقىۋاتقان چىمچىلىقىغا قارىدى - دە، تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. كىچىكىدە ئۇ دادىسىنىڭ قۇشخانىسىدا بىرەر يۈزدەك قوينى قاتىرىسىغا چۈشەپ، سىمونت ئېرىقچىسىنىڭ ئىچىگە قويلارنىڭ بېشىنى توغرىلاپ، بىر - بىرلەپ شارتىلدىتىپ بوغۇزلىغىنىنى تولا كۆرۈپ، يۈرىكى قاتقان. شۇڭا، قاندىن قورقمايتتى. ئۇ ھېلىراقتا ئاچچىقىغا پايلىماي مەرفۇنى سۆرەپ ئەكىلىپ، ئۇنىڭ شۇنچە نالە بىلەن يالۋۇرۇشىغىمۇ، قورقۇپ چىرقىراپ كېتىۋاتقان بالىنى شىپى كەلتۈرۈشىگىمۇ قارىماي، گۆش چانايدىغان پالتا بىلەن ئۇنىڭ چىمچىلاق قولىنى گاچچىدە چانىۋەتكەنىدى.

## 3 - باب

## ئۇ ئانا ئەمەسمۇ؟!

### 1

ئۇلار چۈشكەن يېيىز قۇمۇل تەۋەسىگە كىرگەندە مەرفۇنىڭ يۈرىكى سېغىنىش ۋە ھاياجاندىن دۈپۈلدەپ سوقۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا ئىسسىق بىر ئېقىم تاراپ، كۆزلىرىگە غىللىدە ياش كەلدى. ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا مۇشۇ يولدىن ئىچكىرىگە قاراپ ماڭغىنىدا ئۆزىدە بۇنداق ئالامەتلەر كۆرۈلمىگەنىدى. ئۇ پويىز دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ سىرتقا تويماي قارايتتى. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭغا ناتونۇش بولسىمۇ، خۇددى ئۇرۇق - تۇغقىنىدەك شۇنداق مېھرى ئىسسىق، يېقىملىق كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇلار پويىز بىلەن يەنە بىر كېچە يول يۈرۈپ بۇ چوڭ شەھەرگە يېتىپ كېلىشتى ۋە ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا چۈشكەن بۇ مېھمانخانىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئاھ، شىنجاڭ! دەۋەتتى مەرفۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئۆز - ئۆزىگە. ئەتىسى ئەتىگەندە ئابلىكىم ھاجى چالا - پۇچۇق ناشتا قىلىپلا قىزنىنى قوچىقىغا ئېلىپ، سۆيۈپ ئەركىلەتكەندىن كېيىن مەرفۇغا قاراپ، — بىرەيلەن بىلەن سودىلىشىدىغان ئىشىم بار ئىدى، ناۋادا كەچ بولۇپ قېلىپ، قايتىپ كېلەلمىسەم يولۇمغا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى ئامبىرى

قارىما، — دېدى سالقىن كەيپىياتتا. ئۇنىڭ روھىي ھالىتى بىر خىل تەشۋىشلىك كۆرۈنەتتى. بالا ئىشىك تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقان دادىسىنىڭ كەينىدىن يوغان قارا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قاراپ تۇراتتى. ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىغا قولىنى ئۇزىتاي دەپ تۇرغان ئابلىكىم ھاجى شاققىدە كەينىگە ئۆرۈلۈپ بالىغا قارىدى. بالا تايىناڭلاپ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ، سۆيۈپ كەتتى. بۇدۈرۈققىنا قول، يۇمران لەۋ، سۈت پۇراپ تۇرغان ئىللىق تىنىق ئۇنىڭ تېنىگە ئىسسىق بىر ئېقىمنى تارالدۇرۇپ، قەلبىنى سۆيۈندۈرۈۋەتتى. ئۇ بالىنىڭ پېشانىسىگە يېنىش-يېنىشلاپ سۆيۈپ، قىيماسلىق نەزىرىدە بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن بالىنى قويۇپ ماڭدى. مەرۇپ دادا-بالا ئىككىيلەننىڭ بۇ خىل كۆرۈنۈشىدىن خۇشال بولغاندەك بولسىمۇ كاللىسىدىن ئۇ بۈگۈن باشقىچىلا كۆرۈنىدىغۇ؟ كەچ قالسام يولۇمغا قارىما دېگىنى نېمىسى؟ دېگەن خىياللار ئۆتۈپ بىر قىسما بولۇپ قالدى. ئابلىكىم ھاجى يېقىندىن بۇيان كەم سۆز، ھاراقتا ئۆزىنى ئۇرۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. مەرۇپنىڭ جاراھەتلىرى ساقىيىپ ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ئۇ يۇرتقا بارىمىز دەپ ئانا-بالا ئىككىسىنى ئېلىپ يولغا چىققانىدى. يول بويى بالىسىنى ئانچە-مۇنچە ئەركىلىتىپ قويغاندىن باشقا ئۇنىڭ چىرايىمۇ ئېچىلمىدى. مەرۇپ بۇنى سودىسى يۈرۈشمىگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق بولغاندۇ دەپ ئويلاپ كەلگەنتى. ھازىرمۇ يەنە شۇنداق ئويلىدى. مانا كەچمۇ بولدى، مەرۇپ ھە دېگەندە ياتاقنىڭ ئىشىكىگە ئىنتىزارلىق بىلەن قارايتتى. لېكىن، ھېچ تىۋىش يوق. ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئاشتى. تاڭمۇ ئاتتى. يەنە بىر كۈن، ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئابلىكىم ھاجىدىن تېخىچە دېرەك يوق. «مەرۇپ، مۇشۇ خەت بىلەن سېنى ئۈچ تالاق قىلدىم، ئەمدى مېنى ئىزدىمە، بالىنى يۇرتقا ئاپىرىپ ئانامغا بېرىۋەت. مەن ئۇلارغا خەۋەر قىلىپ قويىمەن. خىراجىتىڭ ئۈچۈن يېنىمدا بارىنى قويۇپ قويدۇم، يەنە بىر جىكىلەپ قوياي، بالىنى ئانام باقسۇن، شۇ يەردە ئوبدان چوڭ بولىدۇ. ئۇ قىز بالا، كېيىنچە چوڭ بولغاندا ساڭا ئوخشاش ئۆينى تاشلاپ چىقىپ كېتىدىغان ئەخمەقلەردىن بولۇپ قالمىسۇن، خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي...» ھاجى پىنچاقچىنىڭ مايماق-سايماق يېزىلىپ، چوڭ سومكىنىڭ يان يانچۇققا سېلىپ قويۇلغان يېرىم بەتچە خېتى ھەممىگە جاۋاب بەردى. ئابلىكىم ھاجى مەرۇپنى مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن تاشلاپ كەتكەنىدى.

— ياق، ياق، بۇ مۇمكىنمۇ؟! — دەپ جان-جەھلى بىلەن تولاپ كەتتى مەرۇپ. ئۇ تېخىچە بۇ رېئاللىققا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. بۇنىڭ يالغان بولۇپ قېلىشىنى، ئابلىكىم ھاجىنىڭ ئىشىكتىن ھازىرلا كۈلۈپ كىرىپ كېلىپ، بالىنى باغرىغا بېسىپ ئەركىلىتىشىنى، يەنە ئۈچ كۈنلۈك سەپەرنى بىرگە بېسىپ، ئاتا-ئانىنىڭ ئالدىغا بىللە كىرىپ ئەپۇ سورىشىنى جېنى بىلەن ئۈمىد قىلاتتى. لېكىن، رەھىمسىز رېئاللىق ئۇنىڭ بۇ ئۈمىدىنى ياۋۇزلۇق بىلەن يوققا چىقاردى. ئاھ، جېنىم بالام! تىرىك يېتىم بالام، ھۇ، ھۇ...

مەرۇپ نېمە ئىش بولغىنىنى بىلمەي قورقۇمسىراپ تۇگۈلۈپ تۇرغان بالىنى باغرىغا بېسىپ بوقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ قولىدىكى ھېلىقى خەت كۆز يېشى بىلەن نەملىنىپ

تىتىلىپ كەتكەنىدى.

ئۇ شۇ ھالەتتە قانچىلىك ۋاقىت ئولتۇرغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. پەقەت قوچىنىدا قاچانلاردىدۇر ئۇخلاپ قالغان بالىنىڭ ئويغىنىپ نان يەيمەن دەپ قەغىش قىلىشىدىن ئاندىن ئېسىگە كەلدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ھەممىدىن كۆڭلى بىراقلا سوۋۇپ، ئېچكى دۇنياسى قاراڭغۇلۇققا ئايلانغانىدى. لېكىن ئۇ ئەمدى يالغۇز ئەمەس، قوچىقىدا بىر جان ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ تۇرماقتا. ئۇ ئانا، ئۇنىڭ قەلبىدە يېڭىباشتىن يەنە بىر نەرسىگە تارتىش، ئىنتىلىشتەك غايىبانە بىر كۈچ پەيدا بولۇۋاتاتتى. مانا بۇ كۈچ ئۇنى قانداقلا بولمىسۇن ياشاشقا، قەيسەر بولۇشقا ئۈندىمەكتە. مەرفۇ ئەمدى يىغلىمىدى. يۈرىكىمۇ قاتتى. بىراق، بالىسى تۇرۇپ-تۇرۇپ دادىسىنى سوراپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېزەتتى. ئۇ نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ھازىرلا بىر يەرگە بارىدىغاندەك تەقلەپ قوياتتى. لېكىن، دەماللىققا نەگە بېرىشنى، نېمە ئىش قىلىشنى بىلمەي ئولتۇرغان جايىدا قېتىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئاھ، جېنىم بالام، بىز ئەمدى نەگە بارىمىز؟ چوڭ ئانا، بوۋاڭ دادىڭنىڭ ئالدىغا مەن قايسى يۈزۈم بىلەن بارىمەن؟ ئۇلار مېنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ. مېنى تونۇمايدىغانلىقىنى ھەممىگە جاكارلاپتۇ. خۇدايىمنىڭ مەندەك ئازغان گۇناھكار بەندىسىگە ئېچى ئاغرىمىسىمۇ سەندەك نارەسىدىگە ئېچى ئاغرىسا بولاتتى...

## 2

مەرفۇ شەھەرنىڭ دوقمۇشىدىكى بىر ئاشخانىدىن ئىش تاپتى. ئەمدىلا ئايىغى چىققان بالا ئانىسىنىڭ ئەتراپىدا تەمتىلەپ يۈرەتتى. كۈندۈزى ئاشخانىدىكى ئىشلارنىڭ ئالدىراشلىقىدىن مەرفۇنىڭ بالىنى قولىغا ئېلىپ بىردەم-يېرىم دەم ئەركىلىتىپ قويغۇدەكمۇ ۋاقتى چىقمايتتى. بالىسىنىڭ قىينىلىپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مەرفۇنىڭ يۈرىكى ئېچىشاتتى. لېكىن ئۇ ھەممىگە چىداشقا مەجبۇر ئىدى. بىر ئايدىن كېيىن ئاشخانا خوجايىنى مەرفۇنى بالىسى بىلەن كۆڭۈلدىكىدەك ئىشلىيەلمەيدىكەن، دېگەن گەپ بىلەن قايتۇرۇۋەتتى. ئۇ بالىنى كۆتۈرۈپ كوچا ئارىلاپ ئىش ئىزدىدى. قوچىقىدا بالىسى بار ئايالنى ھېچكىم ئىشلەتكىنى خالىمىدى. قىشنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە ئابلىكىم ھاجى قويۇپ قويغان پۇل پاك-پاكىز تۈگىدى. ئانا-بالا ئىككىسىنىڭ كۈنى سوغۇق ھۆلاپ تۇرىدىغان ئەرزان ياتاقتا بىر ۋاقتا بار، بىر ۋاقتا يوق قاتتىق-قۇرۇق تاماق بىلەن ئارانلا ئۆتۈۋاتاتتى، مانا بۈگۈن ئۇمۇ يوق، قار-مۇز بىلەن تېيىلغاق بولۇپ كەتكەن شەھەر كوچىلىرىدا مەرفۇ بالىنى كۆتۈرۈپ، مەقسەتسىز ھالدا ئەتتىگەندىن كەچ كىرگۈچە ئايلىنىپ يۈردى. ئاچلىق، سوغۇق ۋە ھارغىنلىق ئۇنى پۈتۈنلەي ھالىدىن كەتكۈزگەنىدى. قورسىقى ئېچىپ كەتكەن بالا ئانا، نان، دەپ مەرفۇنىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈرەتتى. بالىنىڭ سوغۇقتا كۆكىرىپ كەتكەن مەسۇم يۈزلىرى، ئاچلىقتىن ئولتۇرۇشۇپ، بىچارىلىك چىقىپ

www.uyghurkitap.com



تۇرغان كۆزلىرى ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزەتتى. ئانا ئۆزىنىڭ ھالى ئايانىدا قېلىپ بالىغا چىدىمىدى. «ئانا، قورسىقىم ئاچتى، نان يەيمەن!» بۇ ئىندا ئۇنىڭ ئىچ باغرىنى ۋاژىلدىتىپ كۆيدۈرۈپ، يۈرىكىنى خۇن قىلاتتى. ئۇ مۇشۇ ھالدا، ئاۋات بازارنىڭ ئۆتكۈنچىلەر كۆپ بىر كوچىسىغا كېلىپ توختىدى. ئۇنىڭ نېرىراقىدا ئىككى پۇتى تىزىدىنلا يوق بىر ئادەم داق يەردە ئالدىغا بىر كونا خالتىنى قويۇپ، دەرەخ قوۋزىقىدەك چاك-چاك بولۇپ كەتكەن قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇيان-بۇيانغا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەرگە ئىلىنجا بىلەن يىلىنىپ-يېلىنىپ دۇئا قىلاتتى. مەرىفۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۆتكەن-كەچكەنلەر ئۇ ئادەمنىڭ ئالدىغا تاشلىغان پارچە پۇللار ئاستا-ئاستا كۆپىيىۋاتاتتى. خالتىنىڭ بىر چېتىدە يەنە بىرقانچە پۈتۈن ۋە پارچە نانلار تۇراتتى. بۇنى كۆرگەن بالا دەرھال نانغا ئىنتىلدى. ھېلىقى ئادەم ئۇلارغا كۆزىنى چەكچەيتىپ بىر قارىۋېتىپ، خۇددى ئۇلاردىن قىزغانغاندەك خالتىسىنىڭ چەت-چۆرىلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ يەنە دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئۆتكەن-كەچكەنلەر ئۇلارغا تەئەججۇپلىنىش بىلەن قاراپ-قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىشتى. ئىست، مەرىفۇ ئۇلارغا ھېلىقى ئادەمگە ئوخشاش قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ئىلتىجا بىلەن دۇئا قىلسۇنمۇ؟ ئۇ شۇنداق قىلاي دېدىيۇ، قولى ئۆزىگە بويسۇنمايتتى. بالا تىلەمچىنىڭ ئالدىدىن ئالغان بىر بۇردا ناننى ئاچكۆزلۈك بىلەن يەپ تۈگەتتى-دە، يەنە تىلەمچىنىڭ ئالدىدىكى خالتىغا قاراپ ئىنتىلدى... مەرىفۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئۈلگۈرەلمەيتتى. ئۇ ئەمدى بۇ يەردىن ئاستا قوزغىلىپ، ماغدۇرسىز قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ ئاۋاتلىشىپ كەتكەن كېچىلىك بازاردىكى كاۋاپچىلارنىڭ ئالدىدا چۆرگىلەپ يۈردى. بىرقانچە كاۋاپ دۇكانلىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى بارلىقىنى ئېيتىپ، ئىشلەپ قېلىشنى ئۆتۈندى. لېكىن، قولىدا بالىسى بولغان بۇ ياش چوكانچاقنى ھېچكىم ئىشلىتىشنى خالىمىدى.

## 3

— بۇنداق جىنىگىزنى قىيناپ يۈرگۈچە، — دېدى ياغلىق، پايپاق، سومكا دېگەنگە ئوخشاش ئۇششاق-چۈششەك لازىمەتلىكلەرنى ئالدىغا يېيىۋېلىپ، سېتىقچىلىق قىلىدىغان ئالتۇن چىشلىق، قىرىق ياشلار ئەتراپىدا كۆرۈنىدىغان قارامۇتۇق بىر ئايال مەرىفۇغا ئېچىنغان ھالدا، — ياش بولغاندىن كېيىن بىرەر ئىش-ئوقەتنىڭ كويىنى قىلسىڭىز بولمامدۇ؟ ئۆزىڭىزمۇ تازا بوشاڭ چوكان ئوخشايسىز، بولمىسا بۇ شەھەردە سىزدەك ياش چىڭگىلەكلەر بۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالمايدۇ.

— قانداق قىلىمەن ھەدە، — دېدى مەرىفۇ كۆزىگە غىلىلدە ياش ئېلىپ تۇرۇپ، — ئىشقۇ ئىزدىدىم، لېكىن بالامنى كۆرۈپ، قانچىلىك ئىش قىلىپ بېرەتتى دېگەننى قىلىشىپ ھەممىسى مېنى رەت قىلىشتى. بىرەر يەردە بالا باقايمىكىن دېسەم، ئۇمۇ ئەپلەشمىدى، مەن كىشىلەرگە شۇنداق ئەسكى كۆرۈنۈپ كېتەمدىغاندىمەن،

ھېچ ئۇقمىدىم...

— يۈرىكىڭىزغا كېتىشكە يۈزىڭىز بولمىسا بىرەر ئىشنىڭ ئېپىنى تاپمىسىڭىز بولمايدۇ. نېمىگە ئىلاج يوقكەن؟ ئىلاج دېگەن تېپىلىدۇ. بۇ شەھەردە نېمە ئىشلارنى قىلغىلى بولمايدۇ دەيسىز؟ سىزنىڭ دوپپىمدەك شەلىرىڭىز، قىلدىن قىيىق كەتكەننى كۆتۈرەلمەي ئادا-جۇدا بولۇپ كېتىدىغان ئادەملىرىڭىز بۇ يەردە بولمىغاندىكىن، ئۆزىڭىز بىر يولنى تاللاپ، جان بېقىش ئۈچۈن قانداق ئىشنى قىلسىڭىز بولىۋېرىدۇ، ئىشقىلىپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويمىسىڭىزلا بولىدۇ. بىر ئەرنى دەپ ئۆيدىن قېچىپ چىققان گۇناھىڭىز بارئىكەن شۇ. شۇنىڭغا ئۆزىڭىزنى مۇشۇنچىۋالا تاشلىۋېتەمسىز؟ — دېدى مەرفۇنىڭ دەرد-ئەلىمنى ئاڭلىغان قارامۇتۇق ئايال ئەمدى ئۇنىڭغا رەسمىي كۆڭۈل بۆلگەن ئاساستا يول كۆرسىتىپ، — ھازىرقى زاماننىڭ ئەرخەقلىرىدىن ئىت-ئېشەك ياخشىراق بولۇپ قالدى. سىز ئۇ ھايۋانغا نېمىدەپ ئىچكىزنى ئۆۋۈتۈپ يۈرىسىز؟ ئۇنىڭغا تارتىشاك ئەمدى. تېخى ئۇنى ئىزدەيمەن دەۋاتقىنىڭىزنى. مەندەك ئادەم بولىدىغان بولسام... ھەي، بولدى. قويۇڭ، مېنىڭ گېپىمگە كىرسىڭىز، بالىنى بىرەرىگە بېرىۋېتىڭ، چوڭ بولغاندا تېپىشىۋالسىلەر، بالىنىڭ ھەققىگە بەش-ئون تەڭگە ئېلىپ، ئۆزىڭىزنى تۈزەشتۈرۈۋالسىز، ئۇ چاغدا سىزنى ئىندەككە كەلتۈرۈۋالسام دەيدىغانلار چىقىدۇ. ئۇنى قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ، دەسمايە سېلىپ، ماڭا ئوخشاش تىجارەت قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ. مانا، ئىلاج دېگەن تېپىلامدىكەن؟

— نېمە؟ — مەرفۇ ئورنىدا داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. بىر ئازدىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ، گويا ھازىرلا بىرى ئۇنىڭ قولىدىن بالىنى تارتىپ ئېلىپ كېتىدىغاندەك، بالىنى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە ئۇ ئايالنىڭ قېشىدىن نېرى كەتتى.

مەرفۇ ئەتىگەندىن بېرى بالىنى كۆتۈرۈپ كوچا ئارىلاپ يۈرىيدۇ. ئانا-بالا ئىككىيلەننىڭ ئاغزىغا گىياھ سالماي يۈرگىنىگە ئون نەچچە سائەتتىن ئېشىپ كەتتى. ئۇ مۇشۇنداق كوچا ئارىلاپ كېلىپ، ھەر كۈنى ئوخشاشلا قايناق بازار بولۇپ تۇرىدىغان بۇ جاينىڭ ئوڭ قول تەرىپىدىكى ئۇزۇن، تارغىنا بىر كوچىسغا كىرىپ، ئەڭ چېتىدىكى ئاشخانىنىڭ ئالدىدا توختىدى. ئۇ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ بېقىپ، ئاستاغىنا كىرىپ، بولۇڭدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. كۆتكۈچى يىگىت چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا بىر پىيالە چاينى قويۇپ، نېمە يەيدىغانلىقىنى سوراپ ئىچكىرىگە: «مېھمانغا بىر چىنە ئۈگرە!» دەپ مەلۇم قىلىپ قويۇپ، باشقا خېرىدارلارنىڭ ئالدىغا كەتتى. ھايال ئۆتمەي ئۇنىڭ ئالدىغا بىر چىنە ئۈگرە كەلتۈرۈلدى. ئانا-بالا ئىككىسىنىڭ ۋۇجۇدىغا كىچىككىنە جان كىرگەندەك بولدى. قۇچاقتىكى بالا ئالدىدىكى بىكار بولغان چىنىگە تەلمۈرۈپ تۇراتتى. كۆتكۈچى ئورنىدىن تېخىچە قوزغالمىغان بۇ خېرىدارغا ھەيرانلىق، نارازىلىق ئەيتى بىلەن قاراپ تۇراتتى. مەرفۇ ئۇنىڭ كۆزىدىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك بىر ھالەتتە ئورنىدىن تۇرۇپ، قازان بېشىدىكى ياشقا چوڭراق كەلگەن ئۇستامنىڭ قېشىغا بېرىپ بىر نەرسىنى دېيەلمەي ئاغزىنى ئۈمەللەپ تۇرۇپ قالدى. ئۇستا بۇ ھالنى كۆرۈپ، غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى-دە:

— ھە خېنىم، بۇ ئاشنى دۇئاغا ئىچىتىم دېيەلمەيۋاتاملا؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— ئوبدان ئاكا، مۇشۇ بالامنىڭ قورسىقى...

— بىلمەن، بۇ بازاردا سەندەك داپشاق خوتۇنلار خېلى بار. بالىنى تالادىن تېپىشىپ، ئاخىرىدا باقالماي مۇشۇنداق خار قىلىشىسلەر، ناشايان ئىشلارنى قىلىشىپ، شەنى بۇلغايدىغان شەرمەندە پاسكىنىلار! ماڭ جوگو، ئالدىمدا بېزىرىپ تۇرماي!

مەرفۇغا يەر قاتتىق، ئاسمان يىراق بولۇپ، نومۇس كۆچىدىن ئۆزىنى ئاشخانىنىڭ سىرتىغا ئوقتەك ئاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى، ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەي ھېلىقى يايمىچى ئايالنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدى. ئايال ئۇنىڭغا: — ھە، مېنىڭ دېگەنلىرىم راستمىكەن، دېگەندەك مەندە غالىبلارچە قاراپ تۇراتتى. مەرفۇنىڭ ئەمدى ئىلاجىسىز قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىلگىرى كۆرسەتكەن مەسلىھەتنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى. مەرفۇ بۇدا ئۇنىڭ گەپلىرىنى جىممىدە تۇرۇپ ئاڭلىدى.

كەچ كىردى، يايمىچى ئايال نەرسە-كېرەكلىرىنى مەرفۇغا تاشلاپ قويۇپ نەگىدۇر يوقالدى. ئۇ بىردەمدىلا بېشىغا ئاق شاپاق دوپپا كىيگەن، ئۇزۇن سېرىق تاشلىق جۇۋىسىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈۋالغان بىر دارازىنى باشلاپ كەلدى. مەرفۇ بۇلارنى كۆرۈپ، ئولتۇرغان يېرىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى-دە، قۇچىقىدىكى ئۇخلاپ ياتقان بالىنى بىر ۋەھشىي مەخلۇق يۇلۇپ ئېلىپلا يالماپ كېتىدىغاندەك باغرىغا چىڭ بېسىۋالدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا بىر قورقۇنچلۇق خىيال ئەكس سادا پەيدا قىلىپ، قۇلاق تۈۋىدە ھەيۋەتلىك گۈلدۈرماما ئاۋازى ياڭراپ، كۆز ئالدىدا بولسا چاقماق چېقىنلىرى دەھشەت بىلەن ۋال-ۋۇل چاقناپ، بىر پەسنىڭ ئىچىدە ئاسمان كۆمتۈرۈلۈپ، زېمىن ئۆكتۈرۈلۈپ كەتكەندەك بىر مەنزىرە پەيدا بولۇپ، بېشى پىررىدە قايغاندەك بولدى، ئەگەر يايمىچى ئايال چاققانلىق قىلمىغان بولسا ئۇ قۇچاقتىكى بالا بىلەنلا قوشۇلۇپ، يەرگە گۈپپىدە چۈشكەن بولاتتى.

— ۋاي خۇدايىم، نېمە بولدىڭىز؟ سىزنىڭ راستتىنلا خاپىغىنىڭىز بارئىكەن جومۇ، — دېدى يايمىچى ئايال مەرفۇنى يۆلەشتۇرۇپ، — ۋۇي، ماۋۇ بالىنى بەك چىڭ قامالۋاپسىز، مىجىپ قويماڭ يەنە، ئەكىلىڭ ماڭا بېرىڭ، — دېگىنىچە مەرفۇنىڭ باغرىدىن بالىنى ئاستا سۇغۇرۇۋالدى. ئاندىن: — سىزگە ھازىرچە دەردىڭىزگە دال بولغۇدەك ئىككى-تۆت تەڭگە تېپىلدى، بۇنىڭ بىلەن بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتۇپ تۇرامسىز، — دېدى-دە، بالىغا ئاچكۆزلۈك بىلەن سىنچىلاپ قاراپ تۇرغان دارازىغا ئىشارەت قىلدى. ئۇ ئادەم ئەتراپىغا بىر قۇر قاراپ قويۇپ، قويۇن يانچۇقىدىن ساپ ئون كويلۇقتىن قېلىن ئۈچ باغلام پۇلنى ئالدى ۋە چاناقلىرىغا ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئىلشمان كۆزلىرىنى ئاستا ئېچىپ، مەڭدەپ قالغاندەك قاراپ تۇرغان مەرفۇنىڭ جانسىز قوللىرىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. ئاڭغىچە يايمىچى ئايال بالىنى ھېلىقى ئادەمنىڭ دۈمبىسىگە ئېسىقلىق تۇرغان سېۋەتكە ئاۋايلاپقىنا سېلىپ، تىككىمدە دەسسىتىپ قويدى-دە، بۇ ئادەمنى تېزرەك مېڭىشقا دەۋەت قىلدى. بالا ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئۇيان-بۇيانغا قاراپ قورقىنىدىن چىررىدە چىرقىراپ ئانىسىغا قول ئۇزاتتى.



ھېلىقى ئادەم شارتتىدە بۇرۇلۇپ ماڭدى. بىچارە بالا خۇددى سۇدىن ئايرىلىپ جان قايغۇسىدا پىلتىڭلاپ تۇرغان بېلىجانىدەك ئۆزىنى ھەريانغا ئۇرۇپ، ھەدەپ ئانىسىغا تەلپۈنۈپ ئىككى قولىنى ئۇزاتقان پېتى، تېخىمۇ ئۈنلۈك يىغلاپ كەتتى. مەرفۇ شۇندىلا ئېسىگە كەلگەندەك بولدى-دە:

ۋايجان! مېنىڭ بالام، ياق، بالامنى ئەكەل! — دەپ تۈۋلىغىنىچە ئالقىنىدىكى پۇلنى چۆرۈۋېتىپ جۇۋىلىق ئادەمنىڭ كەينىدىن ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ بالىنى سېۋەتتىن شارتتىدە سۇغۇرۇۋېلىپ:

— ۋاي جېنىم بالام، مەن نېمە بولدۇم، نېمە بوقنى يەۋاتىمەن-ھە! ياق، مەن سېنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيمەن، باغرىم بالام، جېنىم بالام، بىچارە بالام... — دېگىنىچە بالىنى باغرىغا چىڭ بېسىپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. بالىمۇ كىچىككىنە قوللىرى بىلەن ئانىسىنىڭ بوينىغا چىڭ گىرە سېلىۋالغانىدى. ئانا-بالا ئىككىسىنىڭ دەردلىك يىغىسى ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزەتتى.

قانچىلىك ئېغىر كۈنلەرگە قالمىسۇن، ئانا ھەرگىزمۇ ئۆز بالىسىدىن كېچەلمەيدۇ. خۇدا ئانىنىڭ قەلبىگە بالىنىڭ مۇھەببىتىنى شۇنداق ھەسسىلەپ سالغانكى، بۇ مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتىگە دۇنيادا ھېچقانداق نەرسىنىڭ مۇھەببىتى تەڭ كېلەلمىسە كېرەك. ئاھ، ئانىلىق مۇھەببەت، ھەممىنى يېڭىپ كېتەلەيدىغان بۈيۈك مۇھەببەت!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 4-باب

## ئاھ، ئانا يۇرت!

### 1

ئەتىيازنىڭ قار ئارىلاش ياغقان يامغۇرىدىن تېيىلغاق بولۇپ كەتكەن ئاسفالت يولدا جەنۇبقا قاراپ كېتىۋاتقان ئاپتوبۇسنىڭ بىر خىل رىتىمدا غۇڭۇلداپ، يەڭگىللىگىنە سىلكىپ مېڭىشىدىن سەپەر ھاردۇقىدا ئېزىلگەن يولۇچىلار مۈگدەشكە باشلىغان، ئۇيەر-بۇيەردىن ئاڭلىنىۋاتقان ئويۇن-چاقچاق، كۈلكە-پاراڭلار، ئاندا-ساندا، يىرىم-يارتا ئېيتىلغان ناخشا ئاۋازلىرى چىپپىدە توختىغان بولۇپ، پەقەت ئاپتوبۇسنىڭ ئەڭ ئاخىرقى رېتىدە ئولتۇرغان مەرفۇلا قۇچىقىدا پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان بالىنىڭ چىرايىغا قاراپ چوڭقۇر خىيالغا پاتقانىدى. — جېنىم بالام، — دەيتتى ئۇ بالىنىڭ پىشانىسىگە يېنىك سۆيۈپ، — سەن مېنى چوڭ ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدىڭ-ھە؟ سەن بولمىغان بولساڭ ھېلىقى ناتونۇش ئادەمنىڭ ماڭا رەھمى كېلەمتى؟

شۇ كۈنى مەرفۇ قولىدىكى ئۈچ باغلام پۇلنى چۈرۈۋېتىپ بالىنى باغرىغا باسقىنىچە ھۆڭرەك ئېتىپ يىغلاپ كەتكەن چاغدا ئەتراپىدىكى كىشىلەر نېمە بولغانلىقىنى دېگەندەك ئۇلارنى چۆرىدەپ كېتىشكەنىدى. يايمىچى ئايال يەردە چېچىلىپ ياتقان پۇللارنى ئالمان-تالمان يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالغان جوۋىلىق دارازىغا بىر نېمىلەرنى دەپ بېرىۋەتتى-دە، مەرفۇ ئانا-بالا ئىككىيلەننى يۆلەشتۇرۇپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. شۇ ئەسنادا يېشى قىرىقلاردىن ھالقىغان، ئۈچىسىغا قارا دۇراپ پەلتو كىيىۋالغان، بېشىغا قارا شلەپە كىيىۋالغان بىرەيلەن مەرفۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا كۆڭۈل قويىدى:

— ئۇكام، بالىنى ياندۇرۇۋېلىپ ئوبدان قىلدىڭلا، ئادەم دېگەننىمۇ ساتامدۇ؟ بىزدە ئەزەلدىن ئۇنداق ئىش يوق. ھەرقانچە قاتتىق كۈنگە قالغاندىمۇ قاراپ تۇرۇپ بىر نارەسىدە بالىنى، تېخى ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسىنى سېتىشقا ھەرقانداق ئادەم چىدىمايدۇ. بولدى، ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا، بالا بەك قورقۇپ كەتكەندەك قىلىدۇ. باياتىنىقىزى بولۇۋاتقان ئىشلارنى كۆرۈپ، ياقامنى چىشلەپ، ئىچىم ئېچىشىپ تۇرغانىدىم. ئوبدان قىلدىڭلا ئۇكام. سىلىگىمۇ خۇدانىڭ بىر كۈنى باردۇر...

كىشىلەر بىر-بىرلەپ تارقاپ، ئۆز يوللىرىغا مېڭىشتى. يايمىچى ئايال نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، مەرفۇغا:

— بەك كەچ كىرىپ كەتتى. كۆڭلىڭىز تارتسا بۈگۈن مېنىڭكىگە بېرىپ قونۇپ

تۇرۇۋىك، ئەتىگىچە بىر گەپ بولار، — دېدى بۇ يەردىن تېزرەك كېتىشنى خالاپ تۇرغان مەرفۇغا يايىمچى ئايالنىڭ بۇ تەكلىپى ياغدەك ياقتى-دە، ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

— توختاپ تۇرۇڭا. بايىقى ئادەمنىڭ ئۆزىنى چاقىرغانلىقىنى كۆرۈپ يايىمچى ئايال دەرھال كەينىگە يېنىپ ئۇنىڭ قېشىغا باردى، بىر پەستىن كېيىن ئۇ خۇشال ھالدا يېنىپ كەلدى.

— يۈرۈڭ، ماڭايلى.

ئۇلار خېلى يول يۈرۈپ، شەھەرنىڭ چېتىدىكى ئەخلەتلەر دۆۋىلىنىپ، چېچىلغان يوندىلار مۆزلاپ، تېيىلغاق بولۇپ كەتكەن بىر مەينەت ئارقا كوچىغا كېلىشتى. بۇ ئاغ باغرىدىكى ئوڭغۇل-دوڭغۇل كونا ئۆيلەر جايلاشقان مەھەللە ئىدى. يايىمچى ئايال ئىشىكى بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ قالغان ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئىشىك ئېچىلىشى بىلەن ئۆي ئىچىدىن گۆپپىدە بىر خىل سېسىق پۇراق دىماغقا ئۇرۇلدى. مەرفۇ بۇنداق پۇراقلارنىڭ نېمىدىن كېلىدىغانلىقىنى گواڭجۇدا ۋاقتىدا خېلى بىلىپ قالغانىدى. ئۇ تۇرۇپ قالدىيۇ، كېيىن يەنە ئىككىلەنمەستىن ئۆيگە كىرىپ كەلدى. بۇ كىچىككىنە بىر ئېغىزلا كونا ئۆي بولۇپ، ئىككى يانغا ئىككى كارىۋات، ئوتتۇرىغا كونىراق بىر جوزا قويۇلغان، ئۆينى ئىككىگە بۆلۈپ تۇرغان، ئىس ۋە كىرلىكىدىن رەڭگىنى ئېنىق بىلىپ بولمايدىغان قېلىن پەردە ئىشىك تەرەپكە يىغىۋېتىلگەنىدى. يايىمچى ئايال نەرسە-كېرەكلىرىنى كارىۋاتقا پالاققىدە تاشلاپ قويۇپ، مەرفۇنى يەنە بىر كارىۋاتقا تەكلىپ قىلدى-دە، ھارغىن ھالدا ئۆينىڭ سول بۇلۇڭىغا يانداپ قويۇلغان كونا مەشىنىڭ كۆلىنى تارتقىلى تۇردى. بىر چاغدا ھېلىقى قارا شىلەپە كىيگەن ئادەم ئىچىگە لىققىدە بىرنەرسە سېلىنغان بىر سومكىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. مەرفۇ سەل تاسادىپىيلىق ھېس قىلدىيۇ، دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ ئولتۇردى. كونا مەشتىكى پاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ تەپتىدىن بۇ كۆرۈمسىز ئۆي خېلى ئىسسىپ، بىر خىل ئىللىقلىق پەيدا بولدى. ئۆت قىشنىڭ يارىشىغى دەپ بىكار ئېيتىلمىغان. مەرفۇنىڭ تېنى خېلى راھەتلىنىپ قالدى. بىرنەچچە كۈندىن بۇيانقى ئاچلىق، ئەتىيازنىڭ ئاچچىق شىۋىرغان ئارىلاش سوغۇقى ئانا-بالا ئىككىيلەنگە ئۆزىنى خېلى خوپ كۆرسەتكەنىدى. ھازىر كىرگەن ئادەم كونا جوزا ئۈستىگە بىر پارچە، گېزىتنى يايدى ۋە سومكىسىدىن پىشۇرۇلغان كاللا-پاقالچاق گۆشى، سامسا ۋە نانلارنى ئېلىپ قويدى، يايىمچى ئايال مەشتە يېڭىلا پۇرۇقلاپ قاينىغان داغ چاينى چىنىلەرگە قۇيۇپ مەرفۇ بىلەن ئەر مېھماننىڭ ئالدىغا قويدى. پۇت-قولى ئىسسىغان بالا مەرفۇنىڭ قۇچىقىدىلا ئۇيقۇغا كەتتى.

— بالىڭىزنى ياتقۇزۇپ قويۇپ قورسىقىڭىزنى تويغۇزۇۋېلىڭ، بۈگۈن بۇ مېھماننى ئوبدان كۈتمىسەك بولماس، — دەپ ھىجايدى ئۇ كۆكۈچ لەۋلىرىگە ئەپچىللىك بىلەن قىستۇرۇۋالغان تاماكىنى ئىشتىھا بىلەن شورىغاچ، مەرفۇ قورقۇمسىرىغان، قورۇنغان ھالەتتە ئولتۇراتتى. ئۇچەيلەن بىردەم ئۇيانىدىن-بۇيانىدىن پاراڭلاشتى.

www.uyghurkitap.com



ھېلىقى ئەر مېھمان ئۆزىنىڭ بۇ يۇرتقا تىجارەت بىلەن دائىم كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغانلىقىنى، بۈگۈن مەرغۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇلارنى يوقلاپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

— ئىككىڭلار ئېچىلىپ-يېيىلىپ ئولتۇرۇپ كۆڭلۈڭلارنى ئېچىڭلار، مەن ماۋۇ قوشنامنىڭ ئۆيىگە چىقىپ قىلىدىغان ئازراق ئىشىم بار ئىدى، ھازىرلا كىرىمەن، — يايىمچى ئايال ئەر مېھماننىڭ كۆزىگە مەنىلىك بىر قاراپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئۆي ئىچىدە بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. مەرغۇ ئۆزىچە خورلۇق ھېس قىلىپ، بىئاراملىق ئىچىدە قانداق قىلىشىنى بىلمەي جىممىدە ئولتۇراتتى. ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان ئەر پۇرقىرىتىپ چېكىۋاتقان تاماكىنىڭ قالدۇقىنى يەرگە تاشلاپ پۇتى بىلەن يانچىۋېتىپ، بىرنەرسىنى ئەستايىدىل ئويلاۋاتقاندەك، جوزىنىڭ بۇرجىكىنى تاكىلدىتىپ چېكىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار شۇ ھالەتتە خېلى ئۇزۇن ئولتۇرۇشتى. بىر ۋاختا ئىشىكنىڭ سىرتتىن ئېتىلگەن ئىلغۇچىنى شىلدىرلىتىپ ئېچىپ يايىمچى ئايال كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىككىيلەننىڭ جىممىدە ئولتۇرۇپ كېتىشكىنىنى كۆرۈپ سەل ھەيران قالدى بولغاي:

— ۋاي-ۋۇي، ئىككىڭلار خۇددى ئاكا-سىڭىللاردەك تۇزۇتۇڭلارنى بۇزماي ئولتۇرۇپ كېتىپسىلەرغۇ، نېمە بولۇشتۇڭلار؟ — دېگىنىچە مەرغۇغا ئاغرىنىش بىلەن قاراپ قويدى. چىرايى جىددىي تۇس ئالغان ئەر مېھمان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى-دە، سەل تۇرۇۋېلىپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئىشىكنىڭ ئالدىغا بېرىپ بولۇپ مەرغۇغا قارىدى:

— ئۇكام، ھازىرقى ئەھۋالىڭىزنى چۈشىنىمەن، ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن سىزگە ئوخشاش كۈنگە قېلىۋاتقانلار ئاز ئەمەس. قولچىقىڭىزدىكى پاك بىر نارەسىدە، سىز ھەرقانچە ئېغىر كۈنگە قالسىڭىزمۇ، ئۇنى قارىتىپ قويۇپ كۆڭۈل خۇشى قىلىدىغان ئىشنى قىلىپ سالماڭ. يامان بولىدۇ. ھەر ھالدا ھېچنېمىدىن ھېيىقمىسىڭىزمۇ شۇ نارەسىدە بالىدىن ھېيىقىڭ. ئەتە ئەتىگەن بېكەتكە بېرىڭ، مەن يۇرتىڭىزغا يولغا سېلىپ قوياي، ھەرھالدا ئۆزىڭىزنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جايىڭىزدا خارلىنىپ قالمايسىز، ئازمايدىغان بەندە يوق، — ئۇ شۇنداق دېدى-دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپ مايماق ئىشىكنى جالاقىدە يېپىپ، گۇس-گۇس دەسسەپ چىقىپ كەتتى. مەرغۇ ئاپتوبۇسنىڭ ئىككى يانغا ئېغىر سىلكىشى بىلەن ئويغىنىپ كەتكەن بالىنىڭ پېشانىسىگە چوڭقۇر مېھرى بىلەن سۆيۈپ تۇرۇپ، — جېنىم بالام، سەن مېنى قۇتۇلدۇردۇڭ، — دېگەن سۆزنى پىچىرلاپ تۇرۇپ يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى.

2

ئاپتوبۇس يولغا چىقىپ ئۈچىنچى كۈنى پېشىن ۋاقتى بىلەن دائىم كالتا بازار بولۇپ تۇرىدىغان ئۈچ يولنىڭ تۇتاشقان ئېغىزىغا كېلىپ ئاستا-ئاستا سىلكىنىپ توختىدى. شوپۇر

يولۇچىلارغا يېرىم سائەت ئىچىدە تاماق يەۋېلىشنى جاكارلاپ قويۇپ، ئۆزى كابىنكىدىن پەسكە دىككىدە سەكرەپ چۈشۈپ دائىملىق ئاشخانىغا قاراپ ماڭدى. هارغان-ئاچقان يولۇچىلار ئورۇنلىرىدىن دۈررىدە تۇرۇشۇپ، ئىككى قاسىناقتىكى چايخانا-ئاشپۇزۇللارغا قاراپ مېڭىشتى. مەرفۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقماقتا، بىر خىل ئىسسىق ئىقىم ۋۇجۇدىنى قىزىتىپ، ئېزىلگەن قەلبىنى زىلزىلىگە سالماقتا. ئۇ شۇ تاپتا ئىچ-ئىچىدىن قايىسېلىپ كېلىۋاتقان كۆز يېشىنى توختىتىشۋالالماستىن، ئاھ، قىبلىگاھىم ئانا يۇرتۇم! دەپ خىتاب قىلىپ كەتتى. ئۇ مۇشۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ئەتراپىدىكى كىشىلەردىن ئۇڭايسىزلىق هېس قىلمىسا، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ تاپىنى ئاستىدىكى قۇمساڭغۇ تۇپىدىن ئۇچۇملاپ ئېلىپ يۈز-كۆزلىرىگە بولۇشىغا سۈرتكەن بولاتتى. مانا ئۇ هازىر دەسسەپ تۇرغان يەر بىر نەچچە يىل مۇساپىر بولۇپ يۈرگەن رەڭگارەڭ بەھەيۋەت ئېگىز بىنالار ئوراپ تۇرغان چوڭ شەھەرلەرنىڭ ئاۋات، پاكىز ئاسفالت يوللىرى ئەمەس، شېغىل ئارىلاش توپىلىق تۇپراق. بۇ تۇپراقنى ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆلگۈدەك سېغىنغان. لېكىن روھىي دۇنياسىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا باش كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر چۇقان، ئۇنى بۇ يەرلەردىن خۇددى بارسا كەلمەس جايلارغا كېتىپ قالغاندەك هېس قىلدۇرۇپ، مۇشۇ تۇپراققا هازىرقىدەك مۇشۇنداق دەسسەپ تۇرۇشنى ئويلاشقىمۇ ئۇيۇلدۇرىدىغان ھەتتا قورقۇپ تىترەپ كېتىدىغان قىلىپ قويغانىدى. شۇ ۋەجىدىنمىكىن ئۇ ئۆزىنى مەڭگۈ كەچۈرگىلى بولمايدىغان گۇناھكاردەك هېس قىلىپ، شۇنچىلا ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەت، خورلىنىشلارغا چىداپ، سەرگەردان بولۇپ يۈردى. بۇ دەردنى باشتا تەنها تارتقان بولسا، كېيىنچە كىچىككىنە بىر نارەسىدە بىلەن بىرگە تارتتى. ئاپتوبۇس بىر خىلدا كېتىۋاتاتتى. چەكسىز خىيالغا پېتىپ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇرغان مەرفۇنىڭ يۈرىكى زىڭڭىدە قىلىپ كەتتى. ئۇ ئۈچ-تۆت يىلنىڭ ئالدىدا ئابلىكىم هاجى بىلەن شىمالغا قاراپ يولغا چىقىپ، مۇشۇ ئۈچ يول ئېغىزىغا كەلگەندە ئۇدۇل ماڭماي سول تەرەپكە قايرىلىپ بىر سائەتتىن كېيىن ناتونۇش ناھىيە بازىرىدىكى تال-باراڭلىق هويلىغا كىرگەن. ئۇ يەردە ئۇنىڭ «تويى» بولغانىدى. ئۇ شۇ يەردە كەلگۈسى ئۈمىد-ئارزۇلىرىنى ئۆز ئەركىنلىكىنىڭ ئىلاھى بولغان بىر ئەرگە تەۋەككۇللەرچە بەخشەندە قىلىپ يېڭى بىر هايات يولىنى باشلىغانىدى. بۇ يەر ئۇنىڭ ئېسىدىن مەڭگۈ چىقمايدۇ. ئاھ، خۇدايىم، مەن قايتىپ كەلدىم، ئاخىرىنى ئۆزۈڭ ئاسان قىلغايسەن، مېنى قۇتقۇزۇۋالغايسەن!.. مەرفۇ قالغان بەش-ئالتە سائەتلىك يولنى ئىنتىزارلىق ئۆكۈنۈش، ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇلىرى تىركىشىپ تۇرغان كەيپىياتتا ئۆتكۈزدى. يول بارغانچە قىسقارماقتا، ئۇنىڭ يۈرىكى گويا قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك قاتتىق گۈپۈلدەپ سالماقتا. ئاھ، ئۇ كەلدى. مانا، بۇ يەرنىڭ ھەر بىر تۈپ گىياھى ئۇنىڭغا بەش قولدەك تونۇش. بۇ يەرنىڭ تۇپرىقىغا ئۇنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن، بۇ يەردە ئۇ غەمسىز باللىق، شوخ، بەڭۋاش ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىنى ئۆتكۈزگەن، بۇ يەردە ئۇنىڭ قايناق، غايىۋى، خىيالچان، ئۈمىد

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئۈچۈن www.uyghurkitap.com

ۋە ئۈمىدسىزلىك ئارىلىشىپ كەتكەن ياشلىقىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىنىڭ قەدەم ئىزى بار! شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە سۆيۈملۈك دوست-يارانلىرى، كۆكسى-قارنى كەڭ مېھرىبان كىشىلىرىمۇ بار. ئۇنىڭ يۈرەك سوقۇشى تېخىمۇ تېزلىشىپ، بەدىنى قىزىشقاندەك بولدى، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆز چاناقلىرىدا ئىسسىق ياش قىيانى مەۋج ئۇرۇپ، يادىكىغۇ يۈزلىرىنى نەمدەشكە باشلىدى. ئۇ ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ، بالىسىنى ھاپاش قىلغان ھېتى ئۆزىگە تونۇش، قەدىرلىك بىلىنگەن كوچا-كويىلارنى بويلاپ ئاۋۋال كىچىك ئاچىسىنىڭكىگە بېرىشنى توغرا تاپتى. مانا ئۇنىڭغا تونۇش قوش ھالقىلىق، بېغىر رەڭ سىرلانغان چوڭ دەرۋازا. ئۇ سەل تورۇۋېلىپ، ئۆزىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ھالقىغا قول ئۇزاتتى. ھايال ئۆتمەي ئىچكىرىدىن شىپىلداپ ماڭغان ئاياغ تىۋىشى يېقىنلاپ، ئارقىدىنلا بىر ئايال كىشىنىڭ «كىم» دېگەن زىل ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۆزىگە تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ مەرفۇنىڭ ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى، ئۇ يىغا ئارىلاش، تىترەك ئاۋازدا ئارانلا «مەن» دېگەن جاۋابنى قايتۇرالىدى. شۇئان دەرۋازىنىڭ ئىلغۇچى شاراقشىپ، غارت قىلغان ئاۋاز بىلەن بىر قانات ئېچىلىپ ئۇنىڭ ئاچىسى كۆرۈندى.

— ئاچا...

ئاچىسى تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى.

— ئاچا، مېنى تونۇمايۋاتامىلا؟ مەن... مەن... مەرفۇ...

— ھە؟!... ۋاي خۇدايىمەي، مەرفۇمۇ سەن؟ ۋايجان، ۋاي قانداق قىلاي، ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ بۇ، جېنىم سىڭلىم، ھاياتمۇ سەن... — ئۇلار بىر-بىرىنى قۇچاقلىشىپ، ھۆركىرەپ يىغلىشىپ كېتىشتى. ئاچىسى مەرفۇنىڭ بېشىنى ئىككى ئالقىنىغا ئېلىپ، يېنىش-يېنىشلاپ قارايتتى.

ئاچا-سىڭىل كېچىچە مۇڭدىشىپ چىقتى.

— مەرفۇ، ئۆزۈڭگە پەقەت ئوخشمايلا قاپسەن، تۈگىشىپ كېتىپسەن، ئاھ، خۇدايىم، سەن نېمە كۈنلەرنى كۆرگەنسەن-ھە؟! ھەممىمىز سېنىڭ دېرىكىڭنى ئالالماي، ئۆلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ دېگەن دەرگۇماندا ئىچىمىز ئۆۋۈلۈپ يۈرگەنىدۇق. ھەنىم بولسا ھايات ئىكەنسەن، سەن نادانلىق قىلىپ، ھاياتىڭنى تاۋۇكاغا ئاتقان بىر تال ئوشۇقەك دو تىكتۈەتكۈچە، قانداق دەردلىك بولسا ماڭىلا ئېيتساڭ بولماسمىدى، سېنى ئەسامدە ئابلىكىم ھاجى دېگەن قاراقچى شەيتان ۋەسۋەسىگە سېلىپ ئازدۇرۇپ كەتكەنكەن-دە. ھۆ جۇۋاينىمەك كەتكۈر، گۆرىدىن تولغۇز قوپىدىغان نائەھلى، بىر قىزنى مۇشۇنداقمۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان بارمۇ، خۇدايىم كۆزىمىزگە كۆرسىتىپ جاجاڭنى بېرەر...— مەرفۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ يۈرىكى ئېزىلگەن ئاچىسى بارغانچە قىزىشىپ كېتىۋاتاتتى. مەرفۇ بولسا يۇم-يۇم يىغلاپ ئولتۇراتتى.

— مەن ھازىرغىچە ھەيران بولۇۋاتىمەن، ئۆز ۋاقتىدا سەن شۇنچە ھايالىق، بىرەر ئەركەككە تىكىلىپ قارىيالمايدىغان ياۋاش قىز ئىدىڭ. سېنى ھېچكىممۇ بۇنداق

يولغا ماڭىدۇ دەپ ئويلىمىغان، توۋا دەيمەن مەرفۇ.

— ئاچا، ئەسلىدە مەن ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قاقشاپ يۈرگەن ۋاقتىمدا يا قاتتىق ئاغرىپ، ياكى بىرەر ھادىسىگە ئۇچراپ ئۆلۈپلا كەتسەم بولۇپتىكەن. ئابلىكىم ھاجىغا خۇددا قانداقسىگە يولۇقتۇرغانلىقىنى، قانداق كويلارغا سالغانلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيلا قالدىم. مۇشۇ ۋاقىتچە ئۆزۈممۇ ھەيران. ئابلىكىم ھاجى مېنى ئەركىن، بەختىيار ھاياتقا ئېرىشتۈرمەكچى، سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردىن ئەپۇ سوراپ ئۆتمەكچىدى. لېكىن ئۇ يۈزى قارىلىق قىلدى، شۇڭا مەن ماڭا بۇ دۇنيا ھارام، ياشىغىنىمنىڭ ئەھمىيىتى يوق، دەپ ئويلىدىم، لېكىن سىلەرگە قىيالمىدىم. ئاخىر ئالدىڭلارغا يۈزى قېلىنلىق قىلىپ يەنە كەلدىم، جېنىم ئاچا...

ئاچا-سىڭىل ئەتىگەندە يەنە بىر پەس يىغا-زارە قىلىشتى. ئاچىسىنىڭ ئېيتىشىچە مەرفۇ ئۆيدىن تويۇقسىز يوقاپ كەتكەندىن كېيىن ئۆيدىكىلەر ئۇنى بىر نەچچە كۈن يوشۇرۇن ئىزدەشتۈرۈپ ھېچبىر دېرىكىنى ئالالمىغاندىن كېيىن دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، يۈزىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇنى كۇچاغا تۇغقانلىرىنىڭكىگە كەتتى دەپ قويۇشقان، لېكىن كېيىنى يوشۇرسا ئۆلۈمى ئاشكارا دېگەندەك، بۇ سىر ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا پۈتۈن مەھەللىدە پۇر كەتكەن. ئۇرۇق-تۇغقان، مەھەللە-كويىدىكىلەر مەرفۇنىڭ قېچىشىغا ئائىلىسىدىكىلەر سەۋەبچى بولغان، چىڭ تۇتمىغان، مۇنداقراق يەرلەردىن ئەلچى كەلسە ياراتماي سوغۇق ئېيتىپ قايتۇرغان. ئۆيگە سولىشىپ روھىنى ئەزگەن. شۇڭا بۇ خاپىلىق يۈز بەرگەن، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشىپ، ئۇلارنىڭ خاپىلىقىنى تېخىمۇ ئاۋۇتقان. بۇ ئىزا-ئاھانەتكە چىدىمىغان مەرفۇنىڭ دادىسى بىراقلا ئېزىلىپ، ئەلەڭ-سەلەڭ يۈرىيدىغان بولۇپ قالغان، ئانىسى بىرەر يىلغىچە توي-تۆكۈن، مەرىكە-سورۇنلارغىمۇ بارالمىغان.

— سىڭلىم، — دېدى مەرفۇنىڭ ئاچىسى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن، — سەن ئۆيدە ئارام ئېلىپ تۇرۇپ تۇرغىن، مەن چوڭ ئۆيگە بېرىپ خەۋەر قىلاي، دادامنىڭ ھالى كۈندىن-كۈنگە پەسلەپ كېتىۋاتىدۇ. ھازىر كۈندە دېگۈدەك ھەممىز دادامنىڭ بېشىدا تۇرۇۋاتىمىز، سېنى مۇنداقلا تويۇقسىز ئېلىپ بارسام بولماس...

— ئاچا، مەن... — مەرفۇ دەماللىققا نېمە دېيىشنى بىلمەي بويىنىنى قىسىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ نېمىمۇ دېيەلىسۇن. شۇ تاپتا يۈگۈرۈپ چىقىپ، تەشنايى قەدەر بولۇپ كەتكەن بىرەر يېقىن-يورۇقلىرى بىلەن يۈزىنى يۈزىگە يېقىپ كۆرۈشەلىسە-ھە، بىر تۇغقانلار مەرفۇنىڭ كەلگەنلىكىنى بىر-بىرىگە پىچىرلىشىپ يەتكۈزۈشتى. لېكىن، يەرگە چاپلىشىپ ھالسىز ياتقان دادىغا، ئۇنىڭسىزمۇ ھوشىنى يوقىتىپ قويماي دەپ تۇرغان ئانىغا ئېيتىشمىدى.

— كۆزىمىزگە كۆرۈنگۈچى بولمىسۇن! — دېدى مەرفۇنىڭ كىچىك ئاكىسى مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ، — بۇ ئۆيگە كېلىدىغان بولسا ئۆلتۈرۈۋېتىمەن ئۇ پاسكىنىنى! بىرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ شەھەرنى هارام قىلدىغۇ ئۇ لالما! خەپ توختاپ تۇر مەتو سارالڭ!

— بولدى، ئاستاراق، ئاچچىقىڭنى يامان قىلمىغىن ئۇكام، — دېدى كىچىك ئاچىسى ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ، — بۇرۇنمۇ ئۇنى ئۆيگە پاتقۇزۇشماي سارالڭ، مەتو دېيىشتۇق، نېمىلا بولسا هايات ئىكەن، كەپتۇ. قانداق قىلىمىز ئۇ بىزنىڭ بىر قورساق قېرىندىشىمىز تۇرسا، خەقلەر نېمە دېسە دەۋەرسۇن، ئۇنى ئەمدى يامانلاۋەرمەيلى. ئاچچىقلاۋەرگەنىنىڭ نېمە پايدىسى؟ — دېدى مەرفۇنىڭ كىچىك ئاچىسى. ئىككى كۈن ئۆتۈپ دادىسىنىڭ هالى تېخىمۇ پەسلەپ كەتتى. ئۆيدىكىلەر ئۆرە-تۆپە بولۇشۇپ، ئۆلۈك-سولىنى بىلىشمەي قېلىشتى.

— سىلەر نېمە دېسەڭلار دەڭلار، مەن مەرفۇنى قاراڭغۇدا بولسىمۇ ئېلىپ كېلىپ دادام بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرىمەن، — دېدى مەرفۇنىڭ كىچىك ئاچىسى قەتئىيلىك بىلەن.

— نېمە، ئۇ دادامنىڭ يۈزىگە قايسى يۈزى بىلەن قارايدۇ-هە؟ — ئاچچىقلاندى كىچىك ئاكا.

— مەيلى، ئۇ كەلسۇن، — دېدى چوڭ ئاكىسى ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ.

ئاي قاراڭغۇسى. مەرفۇ ئۆزى «ئىگە» دەپ يەرگە چۈشكەن، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئۆيگە دەككە-دۈككە، ئىزتىراپ ئىچىدە قەدەم باستى. كىچىك ئاچىسى ئۇنى ئىچكىرى ئۆيگە — دادىسىنىڭ قېشىغا باشلاپ كىردى.

— دادا، دادا، كۆزلىرىنى ئاچسىلا. كىم كەلدى؟ دادا...

ئىمام هاجىم قاپقىنى تەستە كۆتۈرۈپ، گۇنسىز كۆزلىرىنى ئاستا ئاچتى. ئۇ بېشىدا يۇم-يۇم يىغلاپ ئولتۇرغان مەرفۇنى تەستە تونۇدى. ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقى لىپ-لىپ قىلىپ، كۆز جىيەكلىرى قىزاردى. بىرتامچە ياش بىر تېرە بىر سۆڭەك بولۇپ كەتكەن قانسىز مەڭزىگە سىرغىپ چۈشتى. ئۇ قولىنى يوتقاندىن تەستە سۇغۇرۇپ، مەرفۇنىڭ پېشانىسىنى، بېشىنى ماغدۇرسىز هالەتتە بىر قۇر سىلاپ، كۆلگەندەك قىلدىيۇ، ئارقىدىنلا يۈز تېرىسى تارتىشىپ، قورۇق-قورۇق تېرە ئاستىدىكى لىپىلداپ تۇرغان بوغدىيىكى ئاستىن-ئۈستۈن مىدىرلاپ، لەپپىدە كۆزىنى يۇمۇۋالدى.

سەھەردە بۇ ئۆيدىن چىققان هازا ئاۋازى پۈتۈن مەھەللىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. قىز-ئوغۇل، نەۋرە-چەۋرە ۋە يىراق-يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلار ئاق باغلىشىپ، جامائەت ئالدىدا هازا ئاچتى، مەرفۇنى قازناق ئۆيدىن چىقىرىشمىدى. ئۇ قانداقلا بولمىسۇن دادىسىنىڭ يۈزىنى كۆرۈۋالدىيۇ، ئەل قاتارى قارىلىق ئىشلىرىغا قاتنىشالمىدى. تۇغقانلىرى ئۇنىڭ جامائەت ئالدىدا پەيدا بولۇشىنى خالىمايتتى. يەتتە ۋە قىرىق نەزىرلىرىمۇ ئەنە شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. مەرفۇ خۇددى تۈرمىدىن قاچقان جىنايەتچى بىر كامارغا يوشۇرۇنۇپ، يۈرىكى پوك-پوك ياتقاندەك هېچكىمگە كۆرۈنەلمىدى.

— ئاچا، — دېدى مەرفۇ بىر كۈنى كىچىك ئاچىسىغا يېلىنىپ، — ئابلىكىم هاجىمنىڭ ئۆيىگە بىر بېرىپ كەلسىلە بوپتىكەن.

— نېمىدەپ بارىمەن؟

— مېنىڭ ئەھۋالىمنى دېسىلە. خالىسا بالىنى ئاپىرىپ كۆرسىتىپ كېلەي، بالىنىڭ يۈزىنى قىلىپ قالسا شۇ ئۆيدە تۇرۇپ قالسامۇ بولىدۇ. ئوغلى ھاياتلا بولسا ئۆيگىنىۇ كېلەر.

— بۇ ئۆيلىرىمۇ بىر تەرەپتىن بولىدىغاندەك قىلىدۇ. ئوتتۇرىدا بىر بالا بولغاندىن كېيىن ئۇلارمۇ باشقىچە خىياللاردا بولماس، — دېدى ئاچىسى بىر پەس ئويلىنىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، — قېنى، ئاۋۋال مەن بېرىپ كېلەي.

ھايال ئۆتمەي ئۇنىڭ ئاچىسى كۆڭۈلسىز خەۋەرنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كەلدى:

— بىزنىڭ ئۇنداق كېلىنىمىز يوق، ئۆز ۋاقتىدا چىرايلىقچە ئەلچى قويساق بىزگە ئازار قىلىشتىلا، كېيىن سىڭىللىرى ئوغلۇمنىڭ بېشىنى قايدۇرۇپ، ئارقىسىغا كىرىۋېلىپ يۈرۈپ ئېچكىرىگە قاچقان، ئۇنداق بولمىغان بولسا ئوغلۇمنى تاپىنىمىز دەسسەپ تۇرغان يەردىن ئۆيلەپ قويغان بولساق، ئوغلۇم ھەرقايانلاردا قاڭقىپ يۈرمىگەن بولاتتى، — دەپتۇ ئابلىكىم ھاجىنىڭ ئانىسى، — بالىنى بىزدىن قاچۇرۇشمىسىلا، ئەكىلىپ يېنىمىزدا بىرنەچچە ۋاخ تۇرغۇزايلى، قوشۇلۇشمىسىلا مەيلىرى...

مەرفۇ لېۋىنى چىشلىگەن پېتى ئولتۇرۇپ قالدى. تۇغقانلىرىنىڭ يەكلىشى ئاز كەلگەندەك، قېيىن ئانىسىمۇ سوغۇق تېگىشى ئۇنىڭ پىلدىرلاپ تۇرغان ئۈمىد چىرىغىنى بىراقلا ئۆچۈرۈۋەتتى. ئۇ بۇرۇقتۇرمىلىقتا چىدىماي شەھەرنىڭ باشقا يەرلىرىدىن ئۆزىگە تۇشلۇق بىر ماكان تېپىپ، بىرەر ئىشىنىڭ يولىنى تاپاي دېيىدى، كىچىك ئاكىسى شۇنداق غەزەپكە كەپ كەتتىكى، باشقا قېرىنداشلىرى توسۇپ ھاي بەرمىگەن بولسا، مەرفۇنى تۇرغان يېرىدىلا بوغۇپ تاشلىغان بولاتتى. ھەي شور پېشانەي، سەن بۇ كەگرى زېمىننىڭ نەرگىمۇ پاتارسەن-ھە؟! مەرفۇ كۆپ ئويلىنىپ، ئاخىر بالىنى قېيىن ئانىغا كۆرسىتىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئۆچكەن ئۈمىد چىرىغىنى قايتا ياندۇرۇشقا زورۇقۇۋاتاتتى. مەرفۇنىڭ قېيىن ئانىسى ئۈچ ياشلارغا كىرىپ قالغان بۇ نەۋرىسىنىڭ ئوغلى ئابلىكىم ھاجىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرۈپ جېنى سۆيۈنۈپ كەتتى. جاھاندارچىلىق كويىدا ئۆزىنى تاشلاپ كەتكەن ئوغلىنىڭ سېغىنىش ئوتلىرى نەۋرىسىنى كۆرۈشى بىلەن پەسلىگەندەك بولدى.

3

— ئاچا، ئەمدى ماڭا ھەممە نەرسە بەرىبىر. مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، قاچان بولمىسۇن بىر كۈنى ئۇنى تېپىپ دەردىمنى ئالماي قويمايمەن، — دېدى ئۆيدىكى بۇرۇقتۇملىقتىن ئىچى ئېچىشۇۋاتقان مەرفۇ كىچىك ئاچىسىغا.

— سەن راستىنلا باشقىچە ئادەم بولۇپ قاپسەن جۇمۇ سىڭلىم.

— مېنى ئۇ مۇشۇنداق ئادەم بولۇشقا مەجبۇر قىلدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا ماڭا ئۆز يۇرتۇمدا ماڭغۇدەك يول، دەسسىگۇدەك جاي تېپىلمايدىغان ئوخشايدۇ. ھەممىگلارغا

www.uyghurkitap.com

ئىناۋەت كېرەك. بولۇپمۇ كىچىك ئاكامغا. ئۇ ئابروйлۇق ئائىلىگە ئوغۇل بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلامدىغاندۇ ياكى مەن بىر ئايال زاتى بولغانلىقىم ھەم مۆتىۋەر ئائىلىنىڭ ئاسىيسى بولۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈنمىدۇ. ئۇ ماڭا شۇنچىلا ئۆچمەنلىك قىلىپ كەتتىغۇ.

مەرفۇنىڭ كىچىك ئاچىسى ئىلاجسىزلىقتىن جىممىدە بولۇپ قالدى. مەرفۇ يەنە سۆزلەۋېرىشكە، ئاغرىنىشقا ئەپسىز ھېس قىلىپ، بالىنىڭ گېپىنى قىلدى.

— ئادەم ئەۋەتسەم، بىرنەچچە كۈن يېنىمىزدا تۇرسۇن، ئاندىن ئاپىرىپ قويىمىز دەپ گەپ ئەۋەتتى، — دېدى مەرفۇنىڭ ئاچىسى خورسۇنغان ھالدا.

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى.

تون قاراڭغۇسى، مەرفۇ بالىنى سىغىنىپ، باغرى كاۋاپ بولغان ھالدا ئابلىكىم ھاجىمنىڭ ئانىسىنىڭكىگە باردى. ئۇ ئىشىكنى چەكمەستىن ئۇدۇللا كىرىۋەردى. خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ جايىنامازدىن قوپاي دەپ تۇرغان قېيىن ئانا مەرفۇنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئايۋاندىكى تىۋىشنى ئاڭلىغان ئابلىكىم ھاجىمنىڭ ئاچىسى ياندىكى ئۆيدىن بالىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەلدى. مەرفۇ بالىنى كۆرۈپ جېنى سۆيۈنگەن ھالدا ئالدىغا ئىككى قەدەم ئىنتىلدىيۇ، ئاۋۋال ئۇلارغا سالام بېرىشنى توغرا تاپقاندەك توختاپ تۇرۇپ:

— تىنچ تۇرۇپلا ئانا، خاناچا، — دېدى.

— ھە، سىلىمتىلە ئەتىۋارلىق خېنىم؟ — دېدى ھېلىقى شەرەنداز چوكان سوقا-سەندەلدەك بەستى بىلەن مەرفۇنىڭ ئالدىغا ھازىرلا باستۇرۇپ كېلىدىغاندەك ئەلپازدا ھۈرپىيىپ، — بۇ يەردە سىلىنىڭ ئانىلىرى، خاناچىلىرى يوق. جۆيلۈۋاتمايدىغانلا، ماۋۇ قىلىنلىقنى كۆرۈڭ، ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوق بوسۇغىمىزدىن كالىدەك ئۇسسۇپلا كىرگىنىنى تېخى.

مەرفۇنىڭ غۇززىدە ئاچچىقى كەلدىيۇ سەل ئۆپكىسىنى بېسىۋېلىپ:

— ھەر قايسىلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، ئانا، خاناچا دەۋاتسام ئەجەب سوغوق ئېيتىپ كەتلىغۇ، بالامنى ئەكەتكىلى كەلدىم. خاتىرجەم بولسىلا، بوسۇغىلىرىدا يېتىۋالمايمەن، — دېدى-دە، بالىغا قول ئۇزاتتى. بالا مىڭ پارە بولۇپ، ئۆزىنى ئانىسىغا ئېتىپ كېتىۋاتاتتى.

— ۋىيەي، ماۋۇ قىلىن پاسكىنىنىڭ گەپ ياندۇرۇۋاتقىنىنى، خىيالىدا بالىنى ئېلىپ كەتكىلى كەپتۇمىش. ئۇخلاپ چۈش كۆرۈپ، چۆچۈرىنى خام ساناپ قاپلا. سىلىنىڭ باللىرى يوق. بۇ ئىنىمنىڭ بالىسى، ئۆزىنىڭ جېنىنى باقالماي نەمۇ نەدە پوق چوقۇپ يۈرگەن مېكياندەك قاڭقىپ يۈرىدىيۇ، بالىنى ئېغىزىغا ئالغىنىنى.

— كىم قىلىن، كىم پوق چوقۇپ يۈرۈپتۇ، بۇنى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان نائەھلى ئىنىلىرىدىن سورىسىلا. بالىنى بەرمەيمىش تېخى. ئەكەلسىلە، بۇ مېنىڭ بالام.

— ۋاي-ۋۇي، سەن تاز دېگۈچە مەن دەۋالاي دېگەندەك ئەجەب ئىنىمنى ئىلغا

ئېلىپ قاللىغۇ، ئۆز ۋاقتىدا ئىنىمنى يولدىن چىقىرىپ، ئازدۇرۇپ كەينىگە كىرىۋېلىپ قېچىپ كەتكەن شەرمەندە سەن ئەمەسمۇ، بۇ شەنى هارام قىلغان شەرمەندە پاسكىنا. ئەلمساقتىن تارتىپ بۇ يۇرتتا سەندەك بىرەر شەرمسارنىڭ چىققىنىنى كۆزىمىز كۆرۈش تۈگۈل قۇلىقىمىز ئاڭلاپمۇ باقمىغان. يەنە يۈرىكىنى قاپتەك، يۈزىنى داپتەك قىلىپ، پاسكىنا ئايىغىنى بۇ پاك يۇرتقا ئېلىشقا يۈزى چىداپتا، تۇفى! ئاياللارنىڭ شەنىگە ئولتۇرغان ئايىغى قۇرغاق جالاپ! چىقە ئۆيدىن! بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن بىكا.

ئاچچىق ۋە خورلۇقتىن ۋاككىدە يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالغان مەرفۇ تىل ياندۇردى:

— ۋۇي، قاراپ تۇرسام بۇقىمىكىن دەپ قالما جۇمۇ. كىمنىڭ ئايىغى پاسكىنىكەن. يۈزۈڭنى سىلاپ باقە، ئاغزىڭغا كەلگەننى چايناۋاتىدا ماۋۇ قېرى ئۆزىڭگە باقماي، ئەكەل بالامنى، ھەرقايسىڭنىڭ ھەققى يوق! — دېگىنىچە ئانا، ئانا! دەپ قىرقىراپ يىغلىغىنىچە مەرفۇغا ئىنتىلىپ، يۇلقۇنۇپ تۇرغان بالىغا قول ئۇزاتتى.

شەرەنداز چوكان نېمە قىلارىنى بىلمەي قاراپ تۇرغان ئانىسىغا بالىنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئۆزى ئاچ قالغان يولۋاستەك ھۆركىرەپ مەرفۇغا تاشلاندى:

— نېمە؟ مەن قېرىمىكەنمەن، مانا ئەمىسە قېرى دېگەن مۇشۇ ئاغزىڭغا! — ئۇ بىر قولىدا مەرفۇنىڭ چېچىنى قامالاپ، يەنە بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ ئاغزى-بۇرنىنى ماتاپ. پۇتى بىلەن ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە تەپكىلى تۇردى. مەرفۇمۇ بىر قولىدا ئۆزىنى قوغداپ. يەنە بىر قولى بىلەن رەقىبىنىڭ چېچىدىن ئالدى. ئىككى ئايال پومداقلىشىپ كەتتى. بالىنىڭ پەريادى پەلەككە يەتتى. قېيىن ئانا يۇلقۇنۇپ تۇرغان بالىنى سۆرەشتۈرۈپ ئىچىدىكى ئۆيگە ئەكىرىپ ئىلغۇچنى ئىچىدىن ئېتىۋالدى. مەرفۇ بالىنىڭ يىغىسىغا چىدىماي بۇ دەججال ئايالنىڭ قارماقلىرىدىن تىپىرلاپ يۈرۈپ، ئاجراپ چىقىپ ئۆزىنى ئىشىككە ئاتتى.

— بالىنى كۆرىمەن، دەپ خام خىيال قىلما، پاسكىنا، ئىنىم بىزگە ئاللىقاچان خەۋەر بېرىپ بولغان. قايسى دوغامنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەرز قىلساڭ قىلۋەر. بالا بىزگە قالغان. سېنىڭ بېقىش ئىمكانىيىتىڭ يوق. ماڭ يولۇڭغا!

— ۋاي جېنىم بالام، قېنى سەن، بالامنى بېرىش، ماڭا بالامنى كۆرسەت! — مەرفۇ بېشى، گەۋدىسى بىلەن ئىشىككە ئۇسسۇۋەردى. ئىشىكنىڭ ئىچىدە بالىنىڭ يىغا ئاۋازى پەلەككە يەتتى. چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، كىيىملىرى يىرتىلغان، بېشى، ئاغزى-بۇرنىدىن شۇرقىراپ ئېقىۋاتقان قان قورقۇنچلۇق تۈسكە كىرگۈزۈپ قويغان مەرفۇنىڭ بېشى بىر يانغا قىيسىيىپ چىشلىرى مەھكەم كىرىشىپ، ئۈنى ئۆچتى. جەسەتتەك سۇنايلىنىپ ياتقان مەرفۇنى ئۇلار سۆرەشتۈرۈپ يۈرۈپ كىچىك ئاچىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا ئاپىرىپ ياتقۇزۇپ قويۇپلا غىپپىدە تىكىۋېتىشتى. سۈكۈتكە چۆمگەن قاراڭغۇلۇق ئۇلارنى تېزلا پاناھىغا ئالدى.

www.uyghurkitap.com



## 5-باب

# ھەر خىل يول، ھەر خىل تەقدىر

### 1

جىمى مەۋجۇداتلارنى ئۆز قوينىغا سىغدۇرۇپ تۇرغان بۇ بىپايان زېمىن ئىنسانلارنىڭ ھايات سەھنىسىدۇر. بۇ چەكسىزلىككە ئىگە سەھنىدە كومېدىيە بىلەن تراگېدىيە گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ئويۇننىڭ قاچان ئاخىرلىشىدىغانلىقىغا ھېچكىم جاۋاب بېرەلمىگىنىدەك، كىمنىڭ قايسى رولنى ئېلىپ چىقىشى ۋە قانداق ئوينىشىغا قوماندانلىق قىلىدىغان بىرەر رېژىسسورنىڭ بارلىقىغىمۇ بىرەرى جاۋاب بېرەلمەيدۇ. ئۇ ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ئوينىلىۋېرىدۇ. بۇ ئويۇننى قانداق ئۇسۇلدا ئويناش ۋە قايسى رولنى تاللىۋېلىش بىرەر ئادەمنىڭ خاھىشى ھەم ئىرادىسىگە باقمايدۇ. قانداق قىلغۇلۇق؟ ئەنە، ھەركىمنىڭ ئۆز ئىرادىسىگە باقمىغان ھالدا بۇ مۇرەككەپ ھايات سەھنىسىدە يەنە بىر خىل رولنى ئېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتىدۇ.

ئۇ چۈشكەن يولۇچىلار ئاپتوبۇسى پېژغىرىم ئىسسىقتا بىر خىيالەتتىمدا گۈرۈلدەپ شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە. ئۇ بۇ قېتىم شەرقتە توختامدۇ ياكى غەربتىمۇ، ئۆزىمۇ ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيدۇ. ئۇنىڭغا كىچىككىنە پاناھلانغۇدەك جاي، قىلغۇدەك ئىش تېپىلغانلا بولسا، ئىككىنچى قېتىم بۇنداق سەپەرگە چىقمىغان بولاتتى. ئەپسۇس، شۇنچە كەڭرى جاھاندا ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىدى. ھەتتا ھاياتىنىڭ ئۈمىدى بولغان بالىسىدىنمۇ قۇرۇق قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن بالىسىنىڭ ئاشۇ كۈندىكى پەلەككە يەتكەن يىغا ئاۋازى، كۆز ئالدىدىن بالىنىڭ ئۆزىگە يۇلقىنىپ تۇرۇپ ئىنتىلىشى زادى نېرى كەتمەيدۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ كۈلۈشنى، ھەتتا گەپ قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغاندەكلا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ جاراھەت قاپلاپ كەتكەن يۈرىكى بالىنىڭ ھىجرانىدا خۇددى تۇز باسقاندەك ئاچچىق-ئاچچىق ئېچىشىپ جېنىنى قاقشاتماقتا. خەپ، ھاياتلا بولسام سېنى تاپماي قويمايمەن، دەيتتى ئۇ ئابلىكىم ھاجىنى ئىچىدە مىڭنى قارغاپ.

ئاپتوبۇس چۈشتىن ئېگىلگەن ۋاقىتتا يول ئازابى بىلەن چارچىغان يولۇچىلارنى ئالدى ئاۋات بازار بىلەن قايناق توس ئالغان قەۋەتلىك مېھمان كۈتۈشنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ توختاتتى. مەرۇپنىڭ كۆتۈرۈپ ماڭالمىغۇدەك ئېغىر يۈك-تاقىمۇ يوق، پەقەت يەڭگىلگىنە بىر سەپەر سومكىسىدا ماڭار ۋاقىتتا كىچىك ئاچىسى يوللۇق تۇتقان ئون-ئون بەش سەپەر توقاچى بىلەن ئازراق پۇللا بار. بۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرنەچچە كۈن سېرىق تال بولسىمۇ جېنىنى جان ئېتەلەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ بىر بولسا يەنە بىر تەۋەككۇل قىلىپ ئىچكىرىگە بېشىنى ئېلىپ چىكەتمەكچى، نېمە بولسا شۇ يەردە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىشىنىڭ

بۇسى شۇ يەردە قىلىپ، مۆتىۋەر ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئابرويىنىمۇ تەسىر يەتمەيدۇ. يەنە بىر بولسا مۇشۇ يەردە مادار يىغىۋېلىپ، ئابلىكىم ھاجىنى قوغلىشىپ يۈرۈپ ھامان بىر كۈنى ئۇنى تاپىدۇ-دە، ئۇنىڭ ئالدىدا يا ئۆلۈم، يا كۈرۈم بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن پۇل تېپىش كېرەك. ئۇ ھېلىقى قارىمۇتۇق يايمىچى ئايالنى ئىزدەپ تېپىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

## 2

مەرپۇ ئاۋارە بولمايلا كونا جايدىن ئۇنى ئىزدەپ تاپتى.

— ۋاي خۇدايىمەي، سىزمىدىڭىز، تونۇيالمىغىلى تاسلا قاپتىمەن، يۇرتىڭىزدىن قاچان كەلدىڭىز، يۈز-كۆزلىرىڭىز قارىغۇسىز بولۇپ كېتىپتۇ. يولدا ھادىسىگە ئۇچرىغان ئوخشىمامسىز؟ — يايمىچى ئايال مەرپۇنى كۆرۈپ ھەيرانلىق ھەم قىزىقىش ئىچىدە سوراق-سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتى.

— سىزنى تاپالماي قالارمەنمۇ دەپ بەك ئەندىشە قىلغانىدىم. ھەنىم بولسا باركەنسىز ھەدە، تىنچلىق تۇرغانسىز؟

— مەن بولماي نەگىمۇ كېتەرمەن، يا سىزدەك چوكان سىبكىلەك بولمىسام ياش ئالللىنىڭ كەينىدىن ئۇيان-بۇيان يۈرگىلى. بىزدەك قېرى بۇقىلارغا ھېچكىم كۆز-قۇلاق بولمايدىكەن ئەمەسمۇ، مانا مۇشۇ ئوقەت بىلەن يۈرىمىز شۇ.

— ئەجەب كۆرۈشەر-كۆرۈشمەي ئورنىغا چۈشمىگەن گەپنى قىلغىلى تۇردىڭىزغۇ. ھەممىنى ئۆزىڭىز بىلىپ تۇرۇپ.

— بولدى، تاۋۇ نازۇكلۇق قىلىپ كەتمەك، ئۇنداقلارنى ئوگشايدىغان يەر بۇ. سىزنى ئۆز يۇرتى بولغاندىن كېيىن شۇ يەردە ئۇۋا تۇتۇپ قالارمىكىن دېسەم، يەنە كەپقاپسىزغۇ، بالىڭىزچۇ؟ ئۇنى ئەكەلمەي ئوبدان قىلىپسىز، ئۆزىڭىز سالتاڭ كېلىپ.

— چوڭ ئانىسىغا تارتقۇزۇپ قويدۇم. بىراق ئۆزۈمنى روسلىۋالالىسام ھەرگىز ئۇلارغا تاشلاپ بەرمەيمەن. بولدى، كەچ بولۇپ كەتتى. يايمىڭىزنى يىغىشتۇرۇپ، مېنى ئۆيىڭىزگە باشلاپ بارمامسىز؟ مەن بەك چارچاپ كەتتىم. قالغىنىنى شۇ يەردە دېيىشەرمىز.

— پاھ، كەسكىن بولۇپ قاپسىز جۇمۇ، قارىغاندا خېلى ئاقچا بىلەن كەلگەن ئوخشىمامسىز؟ مانا مۇنداق، — دېدى ئۇ ئۇڭ قولىنىڭ باش بارمىقى بىلەن كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى سۈركەپ قاس چىقىرىپ.

— ھەدە، ئۇنداقمۇ ئەمەس، بۇ قېتىم ئۆزۈم يالغۇز، بېشىمنى ئېلىپلا يېنىپ چىقتىم. مېنىڭ تۇرغان تۇرقۇم مۇشۇ، سىزنى ياردەم قىلارمىكىن دەپ ئىزدەپ كېلىشىم.

شۇنداق، بۇ قېتىم ئۇ ئۆزى يالغۇز تاغلار ھالقىپ، دەريالار ئاتلاپ، يۇرت كېزىپ

بۇ سەپەرنى بېسىپ كەلدى. ئۇنىڭغا بۇ يوللار، بۇ جايلار ھەيران قالارلىق، ھەم سىرلىق ئەمەس. ئۇ ئەمدى بۇرۇنقىدەك ساددا، كۆزى ئېچىلمىغان، مۇھەببەت گۈلخانلىرىدا كۆيۈپ كۈل بولاي دېگەن قۇش كەبى ناتىۋان، گول مەرفۇ ئەمەس. ئۇنىڭ ئورنىغا رېئاللىقنىڭ رەھىمسىز قامچىسى باش-كۆزىنى رەھىمسىزلەرچە قامچىلاپ جاراھەتلەندۈرگەن، زوراۋانلىق، خورلۇق ئىچىدە ئۆتكەن قىسقىغىنا ھايات سەرگۈزەشتىسى باشقا بىر ئادەم قىلىپ چىققان قىساسخور، بىپەرۋا، قاشاڭ، قورقۇمسىز بىر مەرفۇ پەيدا بولغانىدى.

يەنە شۇ، خىلۋەت تاغ باغرىغا جايلاشقان، ئەخلەت-يۇندىلار پۇراپ تۇرغان ۋەيرانە مەھەللە، تار كوچا، ھېلىقى مايماق ئىشىك، ئىسلىشىپ كەتكەن كىر پەردە بىلەن ئىككىگە بۆلۈنگەن بەدبۇي كۆرۈمسىز ئۆي. مەرفۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا شۇ زامات پەرقى زور بولغان ئىككى خىل كۆرۈنۈش لىپ قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. قۇياش نۇرىدا جۇلالىنىپ تۇرغان نەقىشلىق ئايۋان-سارايلىق ئۆز ئۆيى، پەرەنجە ئىچىدە تېخىمۇ مۆرۈۋۋەتلىك كۆرۈنگەن خېنىم ئانىسى ۋە باشقا خېنىم توغقانلىرى بىلەن كۆز ئالدىدىكى مۇنۇ پاسكىنا، كۆرۈمسىز ئۆي شۇنداقلا ئۇنىڭ خوجايىنى بولمىش مۇنۇ بەدبەشىرە ئايال. مەرفۇنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، كۆزلىرىگە يىغا ياماشتى.

— قەددىڭىزنى تىك تۇتسىڭىزچۇ ئەمدى، — دېدى يايمىچى ئايال مەرفۇنىڭ ئۆيگە كىرىپلا بىر قىسما بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، — يىغلاۋاتىسىزغۇ، نېمە بولدى؟

— ھېچنېمە بولمىدىم، تۇرۇپ بەزىدە شۇنداق يىغلىغۇم كېلىدۇ.

— بولدىلا، بۇ كارى چاغلىق جاھانغۇ، قانچە بىر ئىشلارغا يىغلاپ جان توشايدۇ. بۇرۇن مەنمۇ تولا يىغلايتتىم. مىڭ يىغلىغان بىلەنمۇ بىكاركەن. بولدى قويۇڭ، سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولغان بولسام، ھېچكىمدىن قورقماي، ئوچۇق-ئاشكارا يۈرۈپ، بىر كىشلىك نېنىمنى تېپىپ يەپ، بۇ تەرەپلەردە قاڭقىپ يۈرمەيتتىم. يامىنى كەلسە ئۇنداق تاش يۈرەك قىيىن ئانا، بېشەم يەڭگىلەر بىلەن دەۋالىشىپ جاۋابكارلىققا تارتقۇزاتتىم. كىچىك ئاكىڭىز ئاق قىلمەن، كۆك قىلمەن دەپ پوپوزا قىلغىنى بىلەن ئۇنىڭغىمۇ جان لازىمدۇ، سىز يا توخۇ، كەپتەر بولمىسىڭىز بويىنىنى ئۈزۈپلا تاشلىغىلى.

— سىز دېگەندەك قىلسامۇ بولاتتى. لېكىن، ئانام مېنى كۆرگەن كۈندىن باشلاپ ھېچكىمگە چىراي ئاچمىدى. ھە دېسىلا جايناماز غا چىقىپ دۇئا يېتىپ يىغلايدۇ. توغقانلىرىم بۇ ئىشنىڭ ئىس-بۇسى چىقىپ قالمىسكەن دەيدۇ. شۇنداق تۇرۇپ، مەن يەنە غوۋغا كۆتۈرۈپ يۈرسەم بولامدۇ. ئۆز ئۆيىدىكىلەر ئۇنداق قىلىۋاتقان يەردە ھېچكىم ئارىغا ئالمايدىكەن، كۆزىڭىزمۇ ئىلمايدىكەن، ئۇنداق سىقىلىپ يۈرگۈچە، مېنى مۇشۇ ھالغا قويغان كىشىدىن قىساسىمنى ئېلىپ بولسىمۇ ئۆلسەم بولمامدۇ، ھامىنى يامان بولغاندىكىن.

— جاھاندا ئۇنداقمۇ ئاسان ئىش بولامدۇ مەرفۇ، ئۇ قاراقچىنى نەدىن تاپاتتىڭىز؟ توغقانلىرىڭىزمۇ تازا خەقلەركەن. ئۇلار ئابرويىنى دەپ سىزنى ئەپۇ قىلمىغىنى نېمىسى،

تازا بىلىپ بولغىلى بولمايدىكەن ئۇ خەقلەرنى. بولدى قويۇڭا ئۇنداق يۇرت- پۇرت، تۇغقان- پۇققان دېگەنلىرىڭىزنى، كۆن ئۆتكۈزۈشنىڭ يولىنى ئىزدەڭ ئەمدى. قانداق دېدىم؟

— شۇنداق قىلمايمۇ ئامالىم يوق. قانداق قىلاتتىم ئەمدى؟ پېشانەمگە كەلگەننى كۆرەرمەن شۇ.

3

كۈنلەر هايات جىددىيچىلىكى ئىچىدە ئۆتمەكتە. تازا زەن سېلىپ سەپسالسىڭىز ئۇمۇ ئۆز كويىدا، بۇمۇ ئۆز غېمىدە، هەممە تۇرمۇش هەلەكچىلىكىدە. شۇنىڭ بىلەن كۈنلەر ئايلارغا، ئايلار يىللارغا ئۇلىنىدۇ. مەرفۇ يايمىچى ئايالىنىڭكىگە كېلىپ، بىرەر هەپتە ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ يۈردى. كېيىن ئۆزى تۇرغان جايغا يېقىنراق بىر ئاشخانىدىن يېلىنىپ يۈرۈپ، مىڭبىر بالالىقتا ئىش تاپتى.

— هوي چاققان بولۇڭ، زېخلايدىغان توغرامچە ئۈلگۈرمىدى.

— قېنى سىز، تېزراق ئاۋۇ مېهمانغا چاي قۇيۇڭ. مەرفۇ مانا مۇشۇنداق بىر دەم دۇكان ئالدىدىكى كاۋاپدانىنىڭ قېشىغا چاپسا، بىردەم ئىچىدىكى ئاشپەز ئۇستامىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈيتتى. ئۇ كۈننى شۇنداق ئۆتكۈزۈۋاتقان كۈنلەردە بۇ يەرگە هەر كۈنى كەم دېگەندە بىر ۋاخ تاماقلانغىلى كېلىدىغان پېشقەدەم كادىر سۈپەت بىر ئادەم بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئۇ ئويلاپ بېقىپ: بۇ ئادەم تەنها ئۆتىدىكەن، ماڭا ئاتايەن خىزمەت كىنىشكىسى ۋە ئادرېسىنى كۆرسەتتى. نېمىدىن ئەنسىرەيمەن. ئۇ ئاتمىشقا يېقىنلىشىپ قالغان، ئۆزىنىمۇ توختاتقان ئادەمدەك قىلىدۇ. كېيىنچە مېنى ئىدارىسىگە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، نوپۇسۇمنى هەل قىلماقچى بولىۋاتىدۇ. مەيلى، ئۇنىڭكىگە بېرىپ بىر مەزگىل تۇرسام تۇراي، ئۇ يەردە تۇرسام قورساق، كىيىم- كېچەك، ئۆي- جاينىڭ غېمىنى يېمىگەندىن كېيىن، دېمىسىمۇ ئېلىۋالىغۇدەكمەن. ئۆزۈمنى ئوڭشىۋېلىپ، بالامنى ئىزدەپ ماڭمامدىمەن. بۇ يەردە شەخسىي ياتاققا پۇل تۆلەپ، ئۆلگۈدەك ئىشلەپمۇ ئۆزۈمدىن ئېشىنالمىدىم. تېخى بۇلارنىڭ جېنىمغا تەگكۈدەك دەككە- دەشنامىلىرىنچۇ... دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۇ كىشىنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا ماقۇل بولدى.

ئۇلار تۆت يولنىڭ دوقمۇشىدىكى گۈللۈكتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، پىيادىلەر يولىنى بويلاپ بىرەر بېكەت يول يۈرۈپ، ئوڭ قول تەرەپكە ئەگىپ ئالتە قەۋەتلىك ئولتۇراق بىناغا كەلدى. مەرفۇ بۇ كىشىنىڭ باشلىشى بىلەن بەشىنچى قەۋەتكە كۆتۈرۈلۈپ، پەلەمپەيىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. كىرىشىگىلا بۇ بىر يۈرۈش ئۆيدە ئايال زاتىنىڭ يوقلۇقىدىن بېشارەت بېرىۋاتقاندەك بوران ئۇچۇپ تۇراتتى. سەرەمجانلىقىمۇ تايىنى يوق. سول تەرەپتىكى ئۆيدە پەقەت بىر كىشىلىك ياغاچ كارىۋات قويۇلغان بولۇپ، كارىۋاتنىڭ

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئاممىۋى تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۈستىدىكى كۆك كاتەكچە ئەدىيال كىرلىشىپ كەتكەن، ئوتتۇرىدا ئۈستىدىكى يالتىراقلىرى قاسماقلىشىپ كەتكەن يۇملاق شىرە، بۇلۇڭدىكى تومپۇچكىنىڭ ئۈستىدە توپا بېسىپ كەتكەن بىر رادىئو بولۇپ، ئۆيدە بار-يوقى مۇشۇلار ئىدى.

— خوش، بىز تونۇشۇپ، ھە ياق، پۈتۈشۈپ بولدۇق. ئۆي مانا، ئەمدى سىز خوجايىنلىق قىلسىز، شۇنداقمۇ؟

— ...

— ئەمدى خوتۇن كىشى بولمىغاندىن كېيىن ئادەم ئۆيگىمۇ قىزىقمايدىغان بولۇپ قالىدىكەن. بۇنى ئوقۇشۇۋالىمىز، شۇنداقمۇ؟ بولدى، سىز ئارام ئېلىڭ. قالدى گەپلەرنى كېيىن دېيىشۇۋالىمىز.

مەرۇپ بۇ ئادەمنى خېلى تۈزۈكتەك تۇرىدۇ، دەپ جەزملەشتۈرۈپ، ئەنسىرەشمۇ كەتمىدى. ئۇ ئاشخانا، ئۆيلەرنى تازىلاپ، سەرەمجانلاشتۇرۇپ، خېلى ئىسكەتكە كىرگۈزدى. ئۇ ئادەم بازاردىن سەي-كۆكتات، گۆش-پۇش دېگەنلەرنى كەينى-كەينىدىن ئېلىپ كىرىپ مەرۇپنىڭ ئالدىغا قويدى.

كەچ كىردى.

— مەن كېتىپ تۇراي، جاگزا ئالماي تۇرۇپ بۇ ئۆيدە قونسام بولمايدۇ، — دېدى مەرۇپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ مېڭىپ.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز، جاگزىنى ھامىنى ئالىمىز. خاتىرجەم بولۇڭا. تېخى ئىدارىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشكۈچى بولمىدىم. سىز ئەمدى ھېچ يەرگە بارمايسىز، مېنى قېرى كۆرۈۋاتامسىزيا-ھە؟

— ياقەي، ئەمدى...

— بولدى. ئۇنداق گېپىڭىزنى قويۇڭ، سىزنى مەن ھەرگىز ئالدىمايمەن. ماڭا ئىشىنىڭ، مۇشۇ ياشقا كېلىپ، ساقلىمنى ئاقارغاندىمۇ ئاقماس گەپ قىلامدىمەن؟

شۇنداق قىلىپ مەرۇپ بۇ ئۆيدە تۇرۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى. ئىشقىلىپ قورسىقى تويغۇدەك تاماق، پۈتىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ئولتۇرغۇدەك ئۆي بولدى. قالغان ئىش بارا-بارا ھەل بولۇپ كېتىدۇ، دەپ ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى ئۇ.

بىر ئاخشىمى ئۆيگە ئۆي ئىگىسى دېمەتلىك ئۈچ ئادەم كىرىپ كەلدى.

— بۈگۈن ئۇلارنى تازا بىر مېھمان قىلىپ قويايلى، ھەممىسى سىزنىڭ ئىشىڭىز ئۈچۈن ئەسقاتىدىغانلار، ئاۋۇ ئوتتۇرىدا ئولتۇرغىنى نوپۇس بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بىلەن بەك يېقىن، ماۋۇ ياقتىكىسى بىزنىڭ ئىدارىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى. سىزنىڭ ئورۇنلىشىشىڭىزغا كۈچ چىقىرىدۇ، — دېدى ئۆي ئىگىسى ئاشخانىغا چىقىپ مەرۇپنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ. مەرۇپ ئۇلارغا بىر قانچە خىل سەي قورۇپ بەردى. ئۇلار يەپ-ئىچىپ يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرۇشتى. بىر چاغدا مەست بولۇشۇپ، پۈتۈن بىنانى بېشىغا كىيدى. بىردەم بىرى، بىردەم يەنە بىرى ئاشخانىغا دەلدەڭشىپ كىرىپ، مەرۇپنى ئۇياندىن-بۇيانغا تارتقۇشلاپ،

خورلۇقنى كەلتۈرىدىغان قىلىقلارنى قىلىشقىلى تۇردى. مەرفۇ ئۇنى ئۇيانغا، بۇنى بۇيانغا ئىتتىرىپ تۇرۇپ ئۆزىگە يېقىن كەلتۈرمەيتتى. ئۇلار تۈن نىسپىدىن ئاشقاندا ئالتاغىل تۇۋلىشىپ مۇدۇرۇپ-چۇقۇرۇپ دېگەندەك چىقىپ كېتىشتى. مەرفۇ ئۆي ئىچىگە قاراپ سەسكىنىپ كەتتى. قۇسۇق، كىچىك تەرەت پۇراقلىرى ئادەمنى ھۆ قىلدۇراتتى. ئۆينىڭ ئىگىسى بولسا داق يەردە كۆڭلەكسىز، شىمى تىزىغىچە سىيلىنىپ قالغان ھالەتتە ياتاتتى. مەرفۇ «ھۆ» دېگىنىچە كەينىگە ياندى. شۇ ئەسنادا ھېلىقى ئادەم يىقىلىپ قوپۇپ دېگۈدەك دەلدەڭشىپ كېلىپ مەرفۇنىڭ چېچىنى كاپ قىلىپ تارتقىنىچە سۆرەپ ماڭدىيۇ، ئىككى قەدەم ئالا-ئالماي ئۆزىمۇ ئۇگدىسىغا يىقىلدى.

مەرفۇ چىشىنى چىشلەپ ئىككى ھەپتىنى ئۆتكۈزدى. ئۇ ئاخىر ئېغىز ئېچىپ، ۋەدىلەشكەن ئىشلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سورىدى. «مېڭىۋاتىمەن، بەك ئالدىراپ كەتمەڭ، بۇ شۇنداقلا ھەل بولۇپ كېتىدىغان ئىش ئەمەس. ئاغىنىلىرىمگە دەۋاتىمەن. بىر كۈنى ھامان ھەل بولىدۇ،» دەيتتى ھېلىقى ئادەم خاتىرجەم ھالدا. مەرفۇ ئامالسىز يەنە كۈتۈشكە مەجبۇر بولدى. چىقىپ كېتەي دېسە يەنە كىملەردىن پاناھ تىلەپ، نەلەردىن ئىش ئىزدەپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سوغۇق كارامىتىنى كۆرسىتىپ، ھەممە جانلىقلارنى ئۇۋۇسىغا قىستاۋاتسا-ھە؟ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ كىشى مەرفۇغا بۇرۇنقىدەك يالۋۇرۇپمۇ كەتمەيدىغان، ئەكسىچە قىرىچە، يانچە تېگىپلا يۈرىدىغان، كۈندۈزلىرى ئىشكىنىڭ سىرتىدىن قۇلۇپ سېلىپ قويۇپ چىقىپ كېتىدىغان بولۇۋالدى. كەچتە بولسا غەرق مەست بولۇپ، ئۈچ بۆرجەك دەسسەپ كىرەتتى. ھېلىقى «جاڭزا، نوپۇس، خىزمەت» دېگەنلەردىن تېخى خەۋەر بولمايۋاتاتتى. بىر كۈنى مەرفۇ چىرايلىق ئولتۇرۇپ يېلىنىش بىلەن:

— بىر ئاز پۇل بېرىپ تۇرسىڭىز، بۇنداق بىكار ئولتۇرۇۋەرمەي، ئەتە-ئاخشامدا دېگەندەك ئېلىم-سېتىم ئىشلىرىنى قىلىپ باقسام بوپتىكەن، — دەپ ئېغىز ئېچىپ قالدى.

— نېمە دېدىڭىز، يەنە بىر دەڭا، — دېگىنىچە ئولتۇرغان يېرىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ھېلىقى ئادەم. شۇ تاپتا ئۇنىڭ دەرەشنىڭ تۆشۈكىدەك كىچىك، نۇرسىز كۆزلىرىنىڭ ئالمىسى چاچراپ چىقىپ كېتىدىغاندەك چەكچىيىپ، پولتىيىپ چىقىقانىدى. ئۇنىڭ ياداڭغۇ، كونا قاپاقنىڭ لېۋىدەك قورۇق يۈزلىرى تارتىشىپ، بوغدىيىكى ئاستىن-ئۈستۈن لىپىلداپ كەتتى.

— ھەي خوتۇن، سېنى مەن شۇنچە ئوبدان بېقىۋاتسام نىيىتىڭدىن تېخى يانماپسىنا، مەن پۇل بېرىمەن، سەن نەلەردە سۆڭەك غاجاپ، كۆڭلۈڭنى خۇش ئېتىپ يۈرسەن. مۇشۇنىمۇ گېپىم بار دەپ دەۋاتامسەن؟ سەن مېنىڭ نېمەمنىڭ، مەندىن پۇل تەلەپ قىلغۇدەك. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىسسىق پاناھلىق بېرىپ، قورسىقىڭنى بېقىپ كېلىۋاتقىنىم يەتمىدىمۇ؟ — دېدى ئۇ غەزەپلىك ئاھاڭدا، ئۇدۇلدىكى كاماك چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن شالالىرىنى چاچرىتىپ تۇرۇپ.

مەرفۇنىڭ خورلۇقى تۇتۇپ، ۋۇجۇدىغا غۇژژىدە ئاچچىق ياماشتى، ئۇ ئۆزىنى بېسىۋىلىپ تۇرۇپ:

— ئېمىگە بۇنچىۋالا چالۋاقاپ كېتىسىز، مەن خاتا گەپ قىلمىدىمغۇ، — دېيىشىگىلا، مەرفۇنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كېلىپ، ئۇنىڭ قاپىقىغا گالاچچىدە بىر مۇشت سېلىۋەتتى. كۆزىدىن ئوت چاقناپ كەتكەن مەرفۇ كۈتمىگەن بۇ تۇيۇقسىز پەشۋادىن كەينىگە ئۇچۇپ بېرىپ، بېشى تامغا قاتتىق تەگدى-دە، ئاغرىققا چىدىماي تولاپ كەتتى. ھېلىقى ئادەم مەرفۇنى بىرپارچە كۆتەكنى يۇملاتقاندەك ئۇيانىدىن-بۇيانغا تارتقۇشلاپ، كارىۋات تەرەپكە سۆرەپ ماڭدى. پىچاق سۆڭەككە يەتكەندە غەزەپ-نەپرەت يانار تاغدەك پارتلايدۇ. قاتتىق خورلۇق، غەزەپ مەرفۇنى ئورنىدىن دەست تۇرغۇزدى. ئۇ قانداقتۇر بىر ياۋايى كۈچنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇنىڭ گېلىدىن كاپپىدە قامالاپ، بوغۇپ تۇرۇپ، پايىنەك بېشىنى كارىۋاتنىڭ يۆلەنچۈكىگە كۈچ بىلەن ئۇستۇردى. بۇ ئادەم بىرنەچچە خارقىراپ، ۋايجا... ن، — دېگىنىچە، يەرگە گۈپپىدە يىقىلىپ چۈشۈپ ئۇنى ئۆچتى. ئۇنىڭ پىلىكىدە قوروپ، قورۇلۇپ قالغان نوگايدەك چاچسىز بېشى بىر يانغا قىيسىيىپ قالغانىدى. مەرفۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە ئۆزىنى ئاتتى.

بالدۇرلا سوغۇق چۈشۈپ كېتىدىغان بۇ شەھەرنىڭ كېچىلىك ھاۋاسى، ئاستا ئەلەڭلەپ چۈشۈۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرىنى ھۇشقىيتىپ چىقىۋاتقان بوراننىڭ ھەر تەرەپكە سۆرۈپ مېڭىشى بىلەن تېخىمۇ سوغۇقلىشىپ كەتكەنىدى. ناگان-ناگاندا غۇيۇلداپ ئۆتۈشۈپ تۇرغان كېچىلىك تاكسىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا كوچىلاردا ئادەم زاتى كۆرۈنمەيدۇ. چوڭ كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدە چاچلىرى چۇۋۇلغان، كىيىملىرى قان بىلەن بويالغان، قاپاقلىرى ئىششىغان بىر ئايال خۇددى ھەممە نەرسىنى يالماپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك ھەيۋەت بىلەن ئېقىۋاتقان دەرياغا قاراپ، قېتىپ تۇراتتى. ئالدىدىن دەريا ئۇنى ئۆز قىنىغا چاقىرماقتا، كەينىدىن نارەسىدە بالىنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپ، كىچىككىنە يۇمران قوللىرى بىلەن ئۇنى ئۆزىگە تارتماقتا. قاياقتىندۇر كېچىلىك چارلاشقا چىققان ساقچى موتسىكلىتىنىڭ ئاۋازى تۈن قوينىنى يېرىپ، بارغانچە يېقىنلاپ كەلمەكتە...

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

مۇھەممەت ئىمىن

# يالپۇز

(ھېكايە)



بۇۋى زەينەپ سۈيى توختاپ قالغان ئۆستەڭ قىشىنى ياقىلاپ دىمىغىدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتقىنىچە يالپۇز تېرىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز ئارقا تەرەپتىن يېنىك شىپىرلىغان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. بۇۋى زەينەپ قىزلارغا خاس سەزگۈرلۈك بىلەن يارمەمەتنىڭ تۇيدۇرماسلىققا تىرىشىپ ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. شۇ ھامان ئۇنىڭ يۈرىكى تېپچەكلەپ، تېز-تېز سوقۇشقا باشلىدى، ئەپسى جىددىيلەشتى. شۇنداق-تىمۇ ئۇ ھېچنېمىنى سەزمىگەنگە سېلىپ يالپۇز تېرىۋەردى. مانا، يارمەمەتنىڭ ئىسسىق ئەپسى قۇلىقىغا ئۇرۇلدى، ئارقىدىن لاۋۇلداپ تۇرغان بىر پارچە چوغ ئۇنىڭ ئاناردەك مەڭزىنى كۆيدۈرۈپ ئۆتتى.

— ۋايجان! — بۇۋى زەينەپ بەكمۇ قورقۇپ كەتكەندەك بوشقىنا چىرقىرىۋەتتى، يالپۇزغا توشاي دەپ قالغان سېۋەتنى قولىدىن چۈشۈرۈپ كەتتى، دىماغىنى يارغۇدەك خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان يۇمران يالپۇزلار نېمى قۇرۇپ قۇمسازلىشىپ قالغان سۇسىز ئۆستەڭ ئىچىگە چېچىلدى.

— قورقۇپ كەتتىڭ-ھە! — ئۇنىڭ ئالدىدا ئاقسىرىق يۈزى شەپەق رەڭگىدە قىزارغان يارمەمەت بېشىنى تۆۋەن ئېگىپ شۇمشىيىپ تۇراتتى، — خېلى جىگەرلىكتەك قىلاتتىڭ، بۇنچىلا قورقۇپ كېتىشىڭنى بىلمەپ-تىمەن، خاپا بولما!

— قورقمامدۇ ئەمسە! — دېدى بۇۋى زەينەپ قىزىل ياقۇت رەڭگىنى ئەسلىتىدىغان چىرايلىق لەۋلىرىنى ئۈمچەيتىپ ئاچچىقلانغان قىياپەتتە، — باقى كاسكىنىڭ سېرىق ئىتى يۈزۈمنى يالاۋاتقان ئوخشايدۇ

www.uyghurkitap.com


دەپ ئويلاپ قالغان تۇرسام!
— يانپاشقا تازا بىر ئېلىنىۋالدىڭ-دە! — يارمەمەت گويا قىزنىڭ كاتتا ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەندەك ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولۇپ راھەتلىنىپ كۈلدى، بۇۋى زەينەپ بولسا كۈلۈۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران-ئاران توختىتىپ، ئۇنى كوچەپ بىرلا ئىتتىرىۋىدى، تەييارلىقسىز تۇرغان يىگىت كۆتۈلمىگەن بۇ زەربىدىن ئوڭدىسىغا ئۈچۈپ چۈشتى، پاكىز چۈشۈرۈلگەن تاقىر بېشىدىكى بادام دوپپىسىمۇ ئىككى-ئۈچ ماڭدام يىراقلىققا دومىلاپ كەتتى.

— يانپاشقا ئالسام بارغۇ، مانا مۇشۇنداق ئالىمەن! — بۇۋى زەينەپ چاقچىقىغا ئەستايىدىل تەلەپپۇز بېرىشكە تىرىشىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. — بۇنىڭدىن كېيىن پەخەس بولۇڭ، يىگىت! ئاچچىغىز بىلەن ئويناشماڭ، ئاچچىغىزنى بوزەك قىلمەن-مۇ دېمەڭ، بولمىسا زىيان تارتىپ قالىسىز.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە بىردەم چاقچاقلىشىپ، شوخلۇق قىلىشىپ، قانغۇچە كۈلۈپ يايرىدى، ئاندىن زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، قومساز ئۈستەڭ ئىچىگە چېچىلغان ياپيۇزلارنى تېرىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ قوللىرى پات-پات سىۋۇت گىرۋىكىدە بىر-بىرىگە تېگىپ كېتەتتى، قىنىغا پاتماي تېپچەكلەپ تۇرغان يۈرەكلەر شۇ ھامان جىغىدە قىلىپ، نازۇك ۋە ئىسسىق بىر ئېقىم ئۇ بەدەندىن بۇ بەدەنگە ئۆتكەندەك بولاتتى، ئىككىيلەننىڭ يۈزى تەڭلا ۋۇللىدە قىزىرىپ كېتىپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالاتتى، بىر-بىرىنىڭ چىرايىغا قايتا قاراشقا جۈرئەت قىلالماي، ئۈن-تىنسىز ياپيۇز تېرىشنى داۋاملاشتۇراتتى. ئۈستەڭ بويىدىكى قويۇق جىگدە شاخلىرىغا قونۇۋالغان قۇشقاچلار تىنماي چۇرۇقلايتتى، بىر-بىرىنى قوغلىشىپ ئۇ شاختىن بۇ شاخقا سەكرەيتتى. نەدىدۇر سېغىزخانلار شاراقلايتتى، مەھەللىدىكى باغ تەرەپتىن كاككۇك-تۇرۇلغۇلارنىڭ سوزۇپ-سوزۇپ سايراشلىرى ئاڭلىناتتى. قويۇق دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن شوڭغۇپ ئۆتكەن قۇياش نۇرى بۇۋى زەينەپنىڭ ئۇن نەچچە تال قىلىپ ئۆرۈلگەن بوستان چاچلىرى، تاڭ شەپىقىدەك رەڭدار ئەتلەس كۆڭلىكى ئۈستىدە جۇلالىناتتى. ئۇلار چېچىلىپ كەتكەن ياپيۇزلارنى تېرىپ بولۇپ، بىر-بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ قالدى. بۇۋى زەينەپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەيۋاتقاندەك، گاھ دومبىسىدە يېيىلىپ تۇرغان بوستان چاچلىرىنى ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان كۆكسىگە تاشلاپ، ھەربىر تال چېچىنىڭ ئۇچىنى نازۇك بارماقلىرى بىلەن بىر-بىرلەپ توختىماي ئىجىملايتتى. گاھ تىزىنى يېيىپ تۇرغان كۆڭلىكىنىڭ پېشىنى تۆۋەنگە تارتىپ قويغاچ، ئۈستەڭ قومىنى ئوچۇملاپ ئېلىپ سورۇپ ئوينايتتى.

— ماڭا تەگكىن، بۇۋى زەينەپ! — ئۇزۇنغا سوزۇلغان جىمجىتلىقنى بىرىنچى بولۇپ يارمەمەت بۇزدى، — مەن سىنى ياخشى كۆرىمەن! ئىشقىڭدا كۆيگىلى نەۋاخ! يۈرىكىم كۆيۈپ چۈچۈلا بولاي دەپ قالدى!

بۇۋى زەينەپ كۆڭلىدە مۇشۇ تەلەپنىڭ بالدۇرراق ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ تەلەپ رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا يەنىلا ھودۇقۇپ قالدى. ئۇنىڭغا بۇ تەلەپ شۇ تاپتا تولىمۇ تۇيۇقسىز، كۈتۈلمىگەن يەردىن

ئۇتتۇرىغا قويۇلغاندەك بولۇپ تۇيۇلدى. قىز لاپپىدە ئۇت ئالغان يۈزىنى ئالقانلىرى بىلەن ئېتىۋالدى.

— بۇنداق گەپنى قىلماڭ، يارمەمەتكا، ئىزا تارتىمەن!

— بۇنىڭ ئىزا تارتقۇدەك نېمىسى بار؟

— بىلمەيمەن.

— كۆڭلۈڭدىكى گەپنى دېگىنە، ماڭا تېگىشنى خالامسەن، يوق؟

— بىلمەيمەن.

— ئەمسە، نېمىنى بىلسەن؟

— بىلمەيمەن.

— ئاپلاھۇ ئەكبەر! ماۋۇ قىز بالىنىڭ گىجگىللىقىنى! — يارمەمەت ئىچى تىت-تىت بولۇپ ئولتۇرالماي قالدى، — ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ بىر دېگىنە زادى، مېنى ياخشى كۆرەمسەن، يوق؟

— ئانامدىن سوراڭ!

— مەن سېنى ياخشى كۆرىدىغان تۇرسام، بۇنى ئاناڭدىن قانداق سورايمەن؟

— دۆتلۈكىنى ئۇنىڭ! — بۇۋى زەينەپ ۋىلىققىدە كۈلۈۋەتتى، — قاپاقباش! كاللىسى ئىشلىمەيدىغان ساراڭ!

— مېنى ياخشى كۆرىسەن، شۇنداقمۇ؟ — يارمەمەت خۇشاللىقىدىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، ئولتۇرغان ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى ۋە قىزنىڭ چىچىنى ئويناپ تۇرغان قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى، — نەق جاۋابىڭغا ئىنتىزارمەن، بۇۋى زەينەپ! تولا گەپ ئەگىتمەي، تۈزلا قىلىپ: «سېنى ياخشى كۆرىمەن» دەۋەتكىنە! شۇ گەپنى ئۆز ئاغزىڭدىن بىر ئاڭلاپ ئۆلۈپ كەتسەممۇ مەيلىدى! ھە، قېنى، دېگىنە!

— دېمەيمەن!

— نېمىشقا؟

— بىلمەيمەن.

— بىلمەيمەن! بىلمەيمەن! — نېمىشقىدۇر، يارمەمەتنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپ قالدى، ئۇ تاقەتسىزلىنىپ، ئاچچىقلاپ، بۇۋى زەينەپنىڭ تەلەپپۇزىنى دوراپ ۋارقىرىۋەتتى ۋە ئۇنىڭ قولىنى قوپاللىق بىلەن سىلكىپ قويۇۋەتتى، — بوپتۇ، ھېچنېمىنى بىلمەيدىكەنسەن، مەن كېتەي!

يارمەمەت شارتتىدە ئارقىغا بۇرۇلۇپ، ئۆستەڭ ئىچىنى بويلاپ تېز-تېز قەدەم تاشلاپ يۈرۈپ كەتتى. بۇۋى زەينەپ شۇندىلا ئالدىراپ قالدى ۋە چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، بوش ئاۋاز بىلەن توۋلىدى:

— يارمەمەتكا!

— ھە، نېمە گەپ؟ — يارمەمەت شىپپىدە توختاپ كەينىگە ئۆرۈلدى. — سەن ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان تۇرساڭ، يەنە سۆزلەشكۈدەك نېمىسى قالدى؟

— كەتمەڭ!

— ھېلقى گەپنى دېسەڭ كەتمەيمەن.

— يېقىن كەلسىڭىز دەيمەن.

— ھە، مانا بۇ گېپىڭ جايىدا! — يارمەمەت ئىككى-ئۈچ تاقلاپلا بۇۋى زەينەپنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى. — ئەمدى دېگىنە، قېنى.

بۇۋى زەينەپ يارمەمەتنىڭ يېقىن ئەپكەلگەن قۇلىقىغا يېنىك پىچىرلىدى:

— ئەسكى، بىزەڭ!

— جېنىم بۇۋى زەينەپ! — يىگىت ھاياجانلىنىپ، قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ، پۈتۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋۇجۇدى ياپراقتەك تىترەشكە باشلىغان
قىزنى قۇچاقلىماقچى بولۇۋىدى، قىز ئۇنى
مەيدىسىدىن يىپىنىك ئىتتەردى.
— نېرىراق تۇرۇڭ، خەق كۆرۈپ قالسا
سەت تۇرىدۇ!
— ئۇنداق بولسا لېۋىڭگە بىر سۆيۈۋا-
لاي!
— ياق، نامەھرەم بولىدۇ!
— ئۇنداقتا، مەڭزىڭگە يەنە بىرنى
سۆيۈۋالسامچۇ؟
— ھە، بوپتۇ، مەيلى...
بۇۋى زەينەپ باياتىن يىگىتنىڭ چوغدەك
لېۋى كۆيدۈرۈپ ئۆتكەن ئوڭ مەڭزىنى
سىلاپ قويۇپ، سول مەڭزىنى تۇتۇپ
بەردى. يارمەمەتنىڭ لېۋى تېگىشى بىلەن
ئۇنىڭ مەڭزى ۋاژىلداپ كۆيگەندەك بولدى.
بۇ يىل ئون يەتتە ياشقا قەدەم باسقان
قىزنىڭ ۋۇجۇدى بۈرۈتى ئەمدىلا خەت
تارتىشقا باشلىغان يىگىتنىڭ ئوتلۇق ھارارىتى
تەپتىدىن قايماقتەك ئېرىپ كەتتى. ئۇ
تەكپۇڭلۇقنى يوقىتىپ، ئۆزىنى ئىختىيارسىز
يىگىتنىڭ قۇچىقىغا تاشلىۋەتتى.

* *

بۇۋى زەينەپنىڭ تەرسا مىجەز
دادىسى يارمەمەتنىڭ ئەلچىلىرىنى ئۆيدىن
قوغلىغاندەك قوپاللىق بىلەن يولغا سالدى.
— ئۇنداق ئەبگاغا بېرىدىغان قىزىم
يوق! — دېدى ئۇ ئەلچىلەرگە چالۋاقاپ.
ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا باقى كاسكى-
نىڭ ئەلچىلىرى كېلىۋىدى، دادىسى ئۇلارنى
قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، قىزىنى ئۇنىڭغا ياتلىق
قىلىشقا ماقۇل بولدى. بۇۋى زەينەپنىڭ
دادىسى ساۋۇر چوڭ تەرسا بولغانلىقى
ئۈستىگە ئاچكۆزرەك، ئابرويپەرەس ئادەم
ئىدى. ئايدەك چىرايلىق قىزنى بايغا بەرسە
كۆپرەك بىر نەرسە ئۈندۈرۈۋېلىپ، ئۆزىنىڭمۇ
يۇرتتىكى بايلار قاتارىغا ئۆتەلەيدىغانلىقىنى
پەملەپ، كۆڭلىدە ئاللىقاچان ھېساب-كىتاب
قىلىپ بولغانىدى. باقى كاسكىنىڭ ياشى
قۇرامىغۇ ئانچە چوڭ ئەمەس، لېكىن ئۇ
يىگىرمە ياشتىن يىگىرمە بەش ياشقىچە
بولغان قىسقىغىنا بەش يىل ئىچىدە ئۈچ
خوتۇن ئېلىپ، ھەممىسىنى « تۇغماس »
دەپ قويۇۋېتىشكە ئۈلگۈرگەنىدى. يۇرتتا
بۇۋى زەينەپنىڭ ھەممىدىن بەك نەپرەت-
لىنىدىغىنى شۇ ئادەم ئىدى. قېرىشقاندەك
كاج تەقدىر ئۇنى شۇنىڭغا چېتىپ قويۇشنى
راۋا كۆردى. بۇۋى زەينەپ ئاتا-ئانىسىغا
يېلىنىپ-يالۋۇرۇپ باقتى. ئۇنىڭ ئاچچىق
كۆز ياشلىرى دادىسىنىڭ قەلبىدىكى
مال-دۇنياغا تەلپۈنۈپ يالقۇنجاۋاتقان نەپسا-
نىيەت ۋە رەھىمسىزلىك ئوتىنى ئۆچۈرەلمىدى.
ئانىسى بولسا قىزىغا قوشۇلۇپ يىغلاش،
تەسەللى بېرىش بىلەن كۇپايىلەندى.
توي تەييارلىقى جىددىي كېتىۋاتقان
كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يارمەمەت بۇۋى
زەينەپنى قوناقلىقتا ئوت ئېلىۋاتقان يېرىدىن
تاپتى. بۇۋى زەينەپنىڭ ئايدەك نۇرلۇق
جامالى بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا ئۈششۈك
تەگكەن شاپتۇل چېچىكىدەك سولىشىپ
قالغان، ياڭاق سۆڭىكى بۇرتۇپ چىققان،
بۇلاقتەك ئويناق كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ
كەتكەنىدى. بۇۋى زەينەپ يارمەمەتنى
كۆرۈپ ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. يارمەمەت مۇ

قىزنىڭ بىچارە ھالىتىنى كۆرۈپ كۆڭلى يۇمشاپ، ئاچچىقىدىن يېنىپ قالدى.

— بىز قېچىپ كېتەيلى، بۇۋى زەينەپ! — دېدى يارمەمەت قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېتىپ، — بىزگە باشقا ئامال قالمىدى، قېچىپ كېتەيلى!

— نەگە كېتىمىز؟ — بۇۋى زەينەپ ياش يۇقى كۆزلىرىنى چىت كۆڭلىكىنىڭ پېشى بىلەن ئېرتىۋېتىپ، سورىدى، — تۇتۇلۇپ قالساق رەسۋا بولمامدۇق؟

— بۇ كەڭرى جاھان! — يارمەمەتنىڭ ئاقىرىق چىرايى جىددىي تۈس ئالغان، بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن قويۇق قوشۇما قاشلىرى ھىمىرلىگەن، تۈپتۈز ئېقىپ چۈشكەن قاڭشارلىق بۇرنىنىڭ تۆشۈكچىلىرى كېڭەيگەنىدى، يوغان قوي كۆزلىرىدىن بىر خىل قەتئىيلىك ۋە ئۆزىگە بولغان چەكسىز ئىشەنچ ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى، نېپىز لەۋلىرى توختىماي لىپىلدايتتى، — نەگە بارساقمۇ پۇتىمىزنى تىققۇدەك يەر چىقىدۇ، ھەرگىز تۇتۇلۇپ قالمايمىز. ناۋادا تۇتۇلۇپ قالساقمۇ رەسۋا بولىدىغان نېمىسى بار؟! قىز ئېلىپ قېچىشنى بىز ئىجاد قىلغان ئەمەس، ئۇ ئاتا-بوۋىمىزدىن قالغان ئۆرپ-ئادەتقۇ!

— ياقا يۇرتلاردا مۇساپىر بولۇپ، خەقنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بويۇن قىسىپ يۈرىمىزمۇ؟

— بۇنىڭدىن غەم قىلما! — يارمەمەت بازغاندەك يوغان مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ، كەڭ كۆكرىكىنى كېرىپ قويدى، — مەندە كۈچ-قۇۋۋەت دېگەن ئېشىپ-تېشىپ تۇرۇپتۇ. شەھەردە ئۇقەتچىگە ياللانسامۇ ياكى سەھرادا بېيىغان بىرەرىگە مەدىكارلىق قىلسامۇ سېنى بېقىپ كېتەلەيمەن، كۈنىمىزنى گۈلدەك ئۆتكۈزەلەيمىز، خەقنىڭ ئالدىدا ھەرگىز بويۇن قىسىپ قالمايمىز!

— ئانامغا چىدىمايمەن! — بۇۋى زەينەپ قايتىدىن ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بۇلاقتەك ئويناق شەھلا كۆزلىرىنى قورشاپ تۇرغان تال-تال ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئاراشلىرىدىن سىرغىپ چىققان كۆز ياشلىرى ئانارەدەك مەڭزىنى بويلاپ تۆۋەنگە ئېقىپ، جاۋغايلىرىدىن ئېغىزىغا، بىلىنەر-بىلىنمەس ئۇچلۇق كەلگەن يارىشىملىق ئېڭىكىگە، چىت كۆڭلىكىنى سەل-پەل كۆتۈرۈپ تۇرغان كۆكسىگە توختىماي تامچىلايتتى، — دادامۇ مېنى كەچۈرمەيدۇ! ئاتا-ئانامنىڭ يۈزىنى توكسەم بولماس، يارمەمەتكا!

— مۇشۇ چىقىپ كەتكەنچە يوقاپلا كەتمەيمىزغۇ! — يارمەمەت سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — بىرەر يىلدىن كېيىن قايتىپ كېلىپ ئۇلارنى يوقلايمىز، كەچۈرۈم سورايمىز، ئاندىن كېيىن مەڭگۈ خىزمىتىدە بولۇپ، پەرزەنتلىك بۇرچىمىزنى ئاقلايمىز، ئۇلارغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىلمايمىز.

— بىسوراق قېچىپ كېتىشنىڭ ئۆزى ئۇلارغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىلغانلىقىمىز بولمامدۇ، يارمەمەتكا!

— لېكىن شۇنى ئۇنتۇمىغىنكى، بۇۋى زەينەپ، — يارمەمەت ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قايناپ كەتتى، — ئۇلار سېنىڭ بەختىڭنى ئويلاپ باقتىمۇ؟! ھېسسىياتىڭنى قەدىرلىدىمۇ؟! كۆز يېشىڭغا ئىچ ئاغرىتتىمۇ؟! ياق!

ئۇلار سېنى هايۋان ئورنىدا سېتىۋەتمەكچى! پۇلغا تېگىشمەكچى! سەن هايۋان ئەمەس بەلكى ئادەم! قەدىر-قىممىتى بار ئادەم! خۇدا راۋا كۆرگەن بەخت-سائادەت، هۆزۇر-هالاۋەتتىن بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ئىنسان! نېمىشقا بۇ يەرنى ئويلاپ باقمايسەن؟!

— مېنى تولا قىستاۋەرمەڭ، يارمەمەتكا! — بۈۋى زەينەپ زوڭزىيىپ ئولتۇرغان جايىدىن تۇرۇپ كەتتى، — بۇ ئىشلارنى تولا ئويلاپ ساراڭ بولۇپ قالايلا دېدىم! سىز ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن ئاتا-ئانىنىڭ مېھرىدىن ئۇنداق ئاسان كەچكىلى بولمايدىكەن! ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز كەتسىڭىز ئاتا-ئانىڭىز قانداق قىلىدۇ؟ ئۇلار جەزمەن بۈۋى زەينەپ ئوغلىمىزنى ئازدۇردى دەپ، مېنى قارغايدۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىمۇ گۇناھكار بولۇپ، قارغىشقا قېلىشنى خالىمايمەن، يارمەمەتكا!

— ئۇنداق بولسا، ئاشۇ خوتۇنباز باقى كاسىغا تېگىشكە رازىمۇ سەن؟ — يارمەمەتمۇ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، جىددىي تەلەپپۇزدا سورىدى.

— رازى ئەمەس، لېكىن قىز بالا دېگەن شۇنداق ئاجىز كېلىدىكەن، مەندە نېمە ئامال بار؟

— بوپتۇ، تېگىۋال! ئاشۇ خوتۇن بېدىكىگە تېگىۋال! — يارمەمەت ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىۋەتتى، — سېنى بۇرنى-قۇلىقىڭغىچە تويغۇزغاندا پۇشايماننى ئالدىغانغا قاچا تاپالماي قالىسەن تېخى!

غەزەپتىن چىرايى دات باسقان تۆمۈردەك تاتىرىپ كەتكەن يارمەمەت قوناق شاخلىرىنى شالدىرلىتىپ، ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي يۈرۈپ كەتتى. بۈۋى زەينەپ لېۋىنى چىڭ چىشلىدى، ئارقىدىن غەيرەتكە كېلىپ توۋلىدى:

— يارمەمەتكا، توختاپ تۇرۇڭا!

— هە، يەنە نېمە گېپىڭ بار؟ — يارمەمەت ئارقىغا بۇرۇلۇپ قوپاللىق بىلەن سورىدى.

بۈۋى زەينەپ يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ئۆزىنى يارمەمەتنىڭ قوينىغا ئاتتى، بوينىغا گىرە سېلىپ، ئۇنىڭ يۈز-كۆزلىرىگە ئاچكۆزلۈك بىلەن سۆيۈپ كەتتى. يارمەمەت مەڭدەپ قالدى. قىزنىڭ ئىسسىق لەۋلىرىنىڭ كۆيدۈرۈشىدىن ئەس-هوشىنى تېپىپ، قۇچىقىدىكى قىزنىڭ نازۇك، ئەۋرىشىم بېلىنى ئېگىپ چىڭ قۇچاقلىدى. چوغدەك يالقۇنجاپ تۇرغان بىر جۈپ يۈرەكنىڭ ئوتلۇق هارارىتىنىڭ بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشىگە ئەگىشىپ، بەدەنلەر سىماپتەك ئېرىدى. يارمەمەت قولىنى ئۈزىتىپ قىزنىڭ ئىشتىنىنى پەسكە سىيرىماقچى بولۇۋىدى، بۈۋى زەينەپ يارمەمەتنىڭ قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ، قوناق شاخلىرىنى شالدىرلىتىپ يۈگۈرۈپ كەتتى. يارمەمەت بېشىنى قاماللىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى...

* *

تويى بولغان كۈنى بۈۋى زەينەپ يارمەمەتنىڭ تويۇقسىز يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ قاتتىق ئازابلاندى. يىغلاۋېرىپ كۆزلىرى ئىششىپ كەتتى، تەڭتۇشلىرىنىڭ نەسىھەت، تەسەللىلىرى كار قىلمىدى.

تويىنىڭ نەغمە-ناۋالىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا
ماتەم مۇزىكىسىدەك، تويغا كەلگۈچىلەرنىڭ
خۇشال كۈلكە-چاقچاقلىرى هازا يىغىسىدەك
ئاڭلاندى، توي تارقىغاندا يىنىدىكى يەڭگە-
سىمۇ بىر ئىشنى باهانە قىلىپ چىرايلىق
زىننەتلەنگەن ئۆيدىن ئاستا چىقىپ
كەتتى. بۇۋى زەينەپ لاغىلداپ تىترەيتتى،
شۇ تاپتا ياسداق ئۆيىنىڭ ئىچىدىكى هەممە
نەرسە قورقۇنچلۇق نەرسىلەرگە ئايلىنىپ
كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ياش يۇقى كۆزىگە
تامغا ئېسىلغان ئانار رەڭگىدىكى قىممەت
باهالىق خوتەن گىلەمى قانغا بويالغان
كېپەن، ئۈستىگە ئوتقاشتەك قىزىل يۇڭ
ئەديال يېپىلغان قوش كىشىلىك تۆمۈر
كارىۋات يوغان جىنازا بولۇپ كۆرۈنەتتى.
قاچاندۇر ئۆيگە كىرىپ كېيىم-كېچەكلىرىنى
يەشكىلى تۇرغان ئۇزۇنتۇرا باقى بارغانسېرى
زورىيىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا
ئەمدى ئاتا-ئانىسى، ئاچا-سىڭىللىرى ۋە
يارمەمەت بىلەن يۈز كۆرۈشۈش زادىلا
نېسىپ بولمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى. باقى
بىلىدىكى يىپەك بەلباغنى يېشىپ يوغان
كات ئۈستىدىكى قات-قات تىزىلغان يوتقان--
كۆرپە ئۈستىگە تاشلىدى. ئاندىن قارا
پەشمىتىنى سېلىپ تامغا قېقىلغان قوزۇققا
ئاستى، پاكىز چۈشۈرۈلگەن ئۈچلۇق بېشىدى-
كى بادام دوپپىسىنى يەنە بىر قوزۇققا
ئىلدى، ئاندىن ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا بېرىپ
كىرپىدەك تۈگۈلۈۋېلىپ، دىر-دىر تىترەۋاتقان
بۇۋى زەينەپكە قاراپ ئېغىز ئاچتى:

— بۈگۈن بەك هېرىپ كەتتىڭ،
بالدۇرراق يېتىپ ئۇخلا. مەن تاشقىرىقى
ئۆيدە ياتاي، قورقما! مەن كىشىلەر يامان
گېپىمنى قىلغاندەك ئۇنداق ئەسكى ئادەم
ئەمەس، بۇنى بارا-بارا بىلىپ قالىسەن.

بۇۋى زەينەپ ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي
قالدى. يىنىدىكى بەزنى يېمەيدىغان مۇنىۋك
نەدە بار؟ — دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە
پىچىرلاپ، — بۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇۋى
پاتىمەمۇ ئۆتكەن بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتمەي
قۇتۇلالمايمەن، هەقچان. مەيلى، بېشىمغا
كەلگەننى كۆرەرمەن، ئەي ئۇلۇغ خۇدا،
ئۆز پاناهىڭدا ساقلىغايسەن!...

باقى ئىچكىرىكى ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئاستا
يېپىپ چىقىپ كەتكەندىلا بۇۋى زەينەپ
ئاندىن ئۆزىنىڭ چۈش كۆرمەيۋاتقانلىقىغا
ئىشەندى.

— ئەي ئۇلۇغ خۇدا، شاپائىتىڭگە
يۈزمىڭ قەتلە شۈكۈر! — دېدى ئۇ
قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىۋېتىپ، —
بىر كۈنىمۇ بولسا تىنچ-ئامان ئۆتكۈزۈشۈمگە
ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردىڭ. سېنىڭ
قۇدرىتىڭ چەكسىز، هەر نېمە قىلاي دېسەڭ
قولۇڭدىن كېلىدۇ. باقىنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب
بەرگەيسەن، ئامىن!

* *

تويدىن كېيىن ئۇنىڭ هاياتى پۈتۈنلەي
ئۆزگەردى، قەدىر ئەھۋال ئۆتۈپ كېلىۋاتقان
تۇرمۇشى چۈشكە ئايلىنىپ، باياشادلىق
ئىچىدە مەگدەپ قالدى. مانا، چىرايلىق
زىننەتلەنگەن ۋە سەرەمجانلاشتۇرۇلغان
بەش ئېغىزلىق ئازادە ئۆي، يوغان ئىككى
تۈپ ئۈجمە دەرىخى سايە تاشلاپ تۇرغان
كەڭرى هويلا، هويلىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى

ئىككى مو كەلگۈدەك مېۋىلىك باغ، ئەللىك-
ئاتمىش مو كەلگۈدەك ھوسۇللۇق ئېتىز،
يوغان قوتاندا مەرىشىپ تۇرغان يۈزدەك
قوي، ئېغىلدا قازاندەك يېلىنىنى ساڭگىلىتىپ
ۋاقتىدا سېغىۋېلىشنى ئۈتۈنۈپ پات-پات
مۆرەپ قويىدىغان ئوندەك نەسىللىك ئىنەك
ئۇنىڭغا تەئەللۇق. باقىنىڭ ئۇزۇن يىل بۇ
يۇرتنى سوراپ يىگەن دادىسى بۇنىڭدىن
تۆت-بەش يىل ئىلگىرى ئۇ ئالەمگە
سەپەر قىلىپ، يالغۇز ئوغلىغا نۇرغۇن
بايلىق-بىسات قالدۇرۇپ كەتكەن، ئانىسىمۇ
ئالدىنقى يىلى قازا قىلغانىدى. شۇغىنىسى،
كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك ئىشىپ-تېشىپ
تۇرغان مۇشۇنداق باياشاد ئائىلىدە بۈۋى
زەينەپكە ئىنتايىن مۇھىم بىر نەرسە
كەمدەك، ئۇنىڭ ئورنىنى ھېچنېمە بىلەن
تولدۇرۇپ كەتكىلى بولمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى.
توي بولغان كېچىسى بۈۋى زەينەپنىڭ
يۈرىكىنى چۇلغىۋالغان ھېلىقى قورقۇنچ ھازىر
كەچ كۈز شامىلىدا ئۇچقان تۇزغاق تۇزۇن-
دىلىرىدەك تۇزۇپلا كەتتى. ئۇنىڭ ئورنىنى
بارا-بارا بىر خىل تەلەپ، ئېھتىياج،
ئىنتىزارلىق ۋە تەقەززالىق ئىگىلىدى. باقى
بۇرۇنقىدەكلا بەزى كۈنلىرى ئۆزى يالغۇز
ئۇخلايتتى، بەزىدە بۈۋى زەينەپ بىلەن
بىر ياستۇققا باش قوياتتى، ئۇنى مەھكەم
قۇچاقلايتتى، سۆيەتتى ۋە بىردەمدىن كېيىن
پۇشۇلداپ ئۇيقۇغا كېتەتتى. بۈۋى زەينەپ
بولسا كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزۇشقا
مەجبۇر بولاتتى. ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان
ئۆرۈلۈپ ئارامسىزلىناتتى، نېمىندۇر كۈتەتتى،
نېمىگىدۇر ئىنتىزار بولاتتى، ئازابلىنىپ
تولغىناتتى. ئۇ زادى نېمىنى كۈتىدۇ؟ بۇنى
ئۆزىمۇ تازا ئېنىق دەپ بېرەلمەيتتى. تورۇسقا
قاراپ يېتىپ يارمەمەتنى يادىغا كەلتۈرەتتى.
ھەي، شۇ چاغدا ئۇنىڭ گېپىگە كىرىپ
قېچىپ كەتسەمچۇ! — دەيتتى ھەسرەت
بىلەن پىچىرلاپ، — ئۇنداقتا بۇنداق
ئازابلىق كۈنلەرگە قالمىغان بولاتتىم.
بىچارە يار مەمەت نەلەردە يۈرىدىغاندۇ؟
مېنى سېغىنامدىغاندۇ؟ ياق، سېغىنمايدۇ!
مېنى قانداق سېغىنسۇن؟ مەن ئۇنىڭ
يۈرىكىنى يارا قىلىپ باشقا ئەرگە تېگىۋالغان
تۇرسام! مېنى ئەلۋەتتە سېغىنمايدۇ. بۇ
چاغقىچە مېنى ئۇنتۇپمۇ قالدى. چىرايلىق
قىزلاردىن بىرەرىگە ئۆيلىنىۋالدىمۇ تېخى!...
ئۇ ھەر كۈنى كېچىدە ئاشۇنداق خىيال
سۈرۈپ ياتاتتى. ئاھ ئۇراتتى، پۇشايمان
قىلاتتى. بولۇپمۇ باقىنىڭ ئورۇنسىز كۈنلە شىلى-
رى ئۇنى بىزار قىلاتتى. بۈۋى زەينەپ
بىرەر ئەركەك بىلەن سالاملىشىپ قويسىلا
باقىنىڭ جۇدۇنى تۇتۇپ قالاتتى. بىرەرى
بىلەن بىردەم پاراڭلىشىپ تۇرۇپ قالغىنىنى
كۆرۈپ قالسىغۇ سوئال-سورىقى تۈگىمەي
كېتەتتى. بۈۋى زەينەپ تالا-تۈزگە چىققۇدەك
بولسا ئۇنىڭ كەينىدىن مارىلاپ يۈرەتتى.
بۈۋى زەينەپ «بۇنداق يارىماس قىلىقلارنى
قىلىپ يۈرسىڭىز خەلقى ئالەم ئالدىدا
ئۆزىڭىزگە سەت ئەمەسمۇ!» دەپ،
چىرايلىقچە چۈشەندۈرۈپ باقتى، يېلىندى،
يالۋۇردى. كار قىلمىغاندىن كېيىن كۈنلەپ-
كۈنلەپ چىرايىنى ئاچماي خۇيلىنىۋېلىش
ئارقىلىق ئۇنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈشكە
ئۇرۇنۇپمۇ كۆردى. بۇ چارە دەماللىققا ئاز-تولا
ئونۇم بەرگەندەك قىلغان بولسىمۇ، ئارىدىن
بىر-ئىككى كۈن ئۆتە-ئۆتمەيلا ئۇ يەنە

ئۆز خوينىنى تىپىۋالاتتى. بوۋى زەينەپ ئېرىنىڭ ئۆزىگە ئىشەنمەسلىكىنى، ئۆزىدىن بىھۇدە گۇمانلىنىشىنى، ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق كۆڭلىشىنى ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي-پەزىلىتىگە قىلىنغان چوڭ ھاقارەت دەپ بىلىپ، قاتتىق خورلۇق ھېس قىلاتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق چەكسىز ئازاب، ھەسرەت-نادامەت ۋە پۇشايمان ئىلكىدە ئەلەملىك ئىگراپ بىر يىلنى ئۆتكۈزدى. بۇ جەرياندا يارمەمەتتىن ھېچقانداق خەت-خەۋەر بولمىدى. ئۇنى بىر كۆرسەم، ئۇنىڭ ئالدىدا ئىچىمگە توشۇپ كەتكەن دەرد-ئەلەمنى بىر تۆككۈۋالسام ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمىنىم يوق ئىدى، — دەپ ئويلايتتى ئۇ چىرايلىق قوراق تەكىنى كۆز ياشلىرى بىلەن نەمدەپ، — مەن سېنى بالاغا تىق...، يارمەمەتكا! ساڭا يۈز كېلەلمەيمەن! ماڭا قىسىدايلا ئانا يۇرتۇڭدىن باش ئېلىپ چىقىپ كەتتىڭ. نەلەردە مۇساپىر بولۇپ يۈرىدىغانسەن، ئاخىر؟! ماڭا ھەققەتەن چىن كۆڭلۈڭدىن ئاشىق بولۇپ قاپتىكەنسەن، سەندىن ئايرىلىپ ياشىيالمايمەن دەپ توغرا ئېيتىپتىكەنسەن! مەنمۇ سەندىن ئايرىلىپ ياشىيالمايدىغانلىقىمنى ئەمدى چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىمەن، بۇنى شۇ چاغدا نېمىشقا چوڭقۇر ھېس قىلمىغاندىمەن؟...

*       *

كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ، ياپپۇز تېرىدىغان پەسىل يەنە يېتىپ كەلدى. بوۋى زەينەپ بۈگۈن باقى شەھەرگە كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەھەللە چېتىدىكى ئۆستەڭ بويىغا ياپپۇز تېرىشقا كەلدى. ئۇ ياپپۇز تېرىۋېتىپ ئېغىر ئۇھ تارتتى. ئەلەملىك كۆز ياشلىرى مەيىن شامالدا يېنىك يەلپۈنۈپ تۇرغان ياپپۇز ئۈستىگە تامچىلاشقا باشلىدى.

ئۆستەڭ بويىدا ياپپۇز،
ياپپۇزنىڭ شېخى يالغۇز.
نەدە يۈرىسەن يارىم،
مۇساپىر بولۇپ يالغۇز...

بوۋى زەينەپ يۈرىكىدىكى دەرد-ئەلەمنى ئۈنتۈش ئۈچۈن دىمىغىدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىۋىدى، كۆڭلى تېخىمۇ بۇزۇلدى، ئىچ-ئىچىدىن قايناپ چىقىشقا باشلىغان ھەسرىتىنى بېسىۋالالماي قالدى-دە، ئۆستەڭ ئىچىدىكى قورۇقشقا باشلىغان قوم ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، بېشىنى ئىككى تىزى ئارىسىغا قويۇپ ئۆز سېلىپ يىغلىۋەتتى. قانچىلىك ۋاقىت يىغلىدىكىن-تاڭ، بىر چاغلاردا يوغان بىر قول ئۇنىڭ تىنىمسىز سىلكىنىۋاتقان ئوڭ گەجگىسى ئۈستىگە ئاستاغىنا قويۇلدى. ئۇ چۆچۈپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى ۋە ئەندىككەن ھالدا ۋارقىرىۋەتتى:

— يارمەمەتكا!

— جېنىم بوۋى زەينەپ! — يارمەمەت قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ بوۋى زەينەپنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى ۋە ئۇنىڭ بېشىدىكى تەتىللا دوپپىسىنىڭ چۆرىسىدىن چىقىپ تۇرغان يىپەكتەك يۇمشاق، قاپقارا چاچلىرىغا مەرۋايىت مارجان ئاسقان بويىنىغا قانماي سۆيۈشكە باشلىدى. بوۋى زەينەپ بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلايتتى، سىلكىنىپ-سىلكىنىپ

www.uyghurkitap.com

ئېسەدەيتتى. بۇ چۈشۈم بولۇپ قالمىغىدى،
دەپ، خۇداغا ئىلتىجا قىلاتتى، خۇدادىن
ئېمىنىدۇر تىلەيتتى. يارمەمەت قوۋۋەتلىك
قوللىرى بىلەن بۇۋى زەينەپنىڭ بېشىنى
كۆتۈرۈپ ئۆزىگە قاراتتى ۋە ئۇنىڭ ياش
يۇقى مەڭزىگە، كۆزىگە، سېكىلەك چاچلىرى
چۈشۈپ تۇرغان پېشانىسىگە، ئىلپتەك
تۆپتۈز كەلگەن بۇرنىغا، قىزىل ياقۇتتەك
جۇلالىنىپ تۇرغان لېۋىگە تېخىمۇ ئاچكۆزلۈك
بىلەن سۆيۈپ كەتتى.

— يالپۇز تېرىدىغان مەزگىل يېتىپ
كەلگەندە چوقۇم مۇشۇ يەرگە
كېلىدىغانلىقىڭنى كۆڭلۈم تۇيغانىدى، بۇۋى
زەينەپ! — دېدى يارمەمەت بۇۋى
زەينەپنىڭ كىپىكتەك تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆزلىرى-
گە مېھرى بىلەن تىكىلىپ قاراپ، — مېنى
ئۇنتالمايدىغانلىقىڭغا ئىشىنەتتىم. مەنمۇ
سېنى ئۇنتۇمىدىم، ئۇنتۇپ كېتەي دېسەممۇ
ئۇنتالمىدىم، ئاخىر بولالماي يېنىڭغا كەلدىم.
مەن سېنى ئېلىپ قاچىمەن، ئەمدى مەن
بىلەن بىللە كېتىشنى خالامسەن، بۇۋى
زەينەپ؟

— خالايمەن! لېكىن... — بۇۋى
زەينەپ بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى
ۋە يارمەمەتنىڭ ئىنتىزارلىق، تەقەز-
زالىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان
كۆزلىرىگە قاراپ غەيرەتكە كېلىپ
سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — لېكىن مەن
ھازىر قىز ئەمەس، چوكان بولۇپ قالدىم،
باقىغا تەگكىنىمگە بىر يىل بولدى.

— بولدى، بۇ گەپلەرنى قىلما! —
دېدى يارمەمەت ئۇنىڭ ئاغزىنى ئالقىنى
بىلەن توسۇپ، — مەيلى نېمە بولساڭ

بول، ئېلىۋېرىمەن! كۆپ ئويلىدىم، سېنى
بەك ياخشى كۆرىدىكەنمەن، سەندىن
ئايرىلىپ ياشىيالمايدىكەنمەن، بۇۋى زەي-
نەپ! قانداق قىلاي، كۆڭۈل دېگەن
شۇنداق ساراڭ بىر نېمە ئوخشايدۇ!

— مېنى ھازىرلا ئېلىپ كېتەمسىز؟

— ھەئە، ھازىرلا.

— ماقۇل، كەتسەم كېتەي، بېشىمغا
كەلگەننى كۆرەرمەن.

— ياقا يۇرتتا سەرسان بولۇپ
يۈرەرمىزمىكىن دەپ غەم قىلما! — يارمە-
مەت بۇۋى زەينەپنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشىدىن
قورقۇۋاتقاندەك ئالدىراپ چۈشەندۈرۈشكە
باشلىدى، — شەھەردە كاتتا بىر ئاشپۇ-
زۇلغا ئورۇنلاشتىم، لەغمەن سوزىمەن،
خوجايىن لەغمەننى چاچتەك سوزالايدىغانلىقىم-
نى كۆرۈپ بەكمۇ خۇشال بولدى. ھەر
ئايدا ئۈچ يۈز كويدىن ئىش ھەققى
بېرىۋاتىدۇ، خېلى پۇل يىغىپ قويدۇم،
قىينىلىپ قالمايمىز. سېنىڭ گېپىڭنى قىلىۋې-
دىم، ئېلىپ كەل، گۆش-پۆش، سەي-بەي
توغراپ بەرسۇن، ھەر ئايدا ئىككى يۈز
كويدىن بېرەي، دېدى. يەنە بىر ئېغىزلىق
ئۆي بېرىشكىمۇ ۋەدە قىلدى. ئۆي-ماكانسىز
قالمايمىز، بۇۋى زەينەپ، ماڭا ئىشەن!

— ئىشىنىمەن، ئىشىنىمەن! — بۇۋى
زەينەپنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىرى قايتىدىن
نەملەندى، لەۋلىرى تىترەپ كەتتى، —
بولدى، قەيەرگە ئېلىپ كەتسىڭىز شۇ
يەرگە باراي، تىلەمچىلىك قىلىپ كۈن
ئالساقمۇ مەيلى زادى! شۇمۇ ھازىرقى
كۈنۈمدىن مىڭ ھەسسە ياخشى!

— ماڭە، ئەمسە!

— ماقۇل.
يارمەمەت ئۇستەڭنى بويلاپ چوڭ-چوڭ چامداپ مېڭىشقا باشلىغاندى، بۇۋى زەينەپ تۇيۇقسىز ئۇنى چاقىرىپ توختىتىۋالدى:
— يارمەمەتكا، ماڭا قارىغا!
— يەنە نېمە گەپ؟ ئۆزگىرىۋالماقچىمۇ سەن؟ — يارمەمەت كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرغان بۇۋى زەينەپكە ئالايدى، — تولىمۇ تۇتامى يوق قىز بولدۇڭمۇ، نېمە؟ ئادەم دېگەن ئۆز لەۋزىدىن يېنىۋالمايدىغان جومۇ!
— لەۋزىمدىن يېنىۋالغىنىم يوق، يارمەمەتكا! — بۇۋى زەينەپ ئۆۋالچىلىققا ئۇچرىغاندەك كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى، — مۇھىم بىر ئىش ئېسىمگە كېلىپ قالدى، ئىشنى پۇختىراق قىلايلى دەۋاتىمەن!
— نېمە ئىش؟
— بۇنداق قېچىپ كەتسەك ياخشى كۈنىمىز ئۇزاققا بارمايدۇ، — دېدى بۇۋى زەينەپ قەلەم قاشلىرىنى ھىمىرىپ، — قانۇنسىز ئەر-خوتۇن بولۇپ قالىمىز، باقى ئەرز قىلسا ئاقىدۇ، سوراققا تارتىلىمىز.
— ئەمىسە، قانداق قىلاي دەيسەن؟
— مەن باقىدىن خېتىمنى ئالاي، ئاندىن سىزگە تېگەي. ئۇ چاغدا قانۇنلۇق ئەر-خوتۇن بولىمىز، ھېچكىممۇ غىڭ-پىڭ دېيەلمەيدۇ، نەگە بارساقمۇ مەيلى.
— باقى خېتىڭنى بەرگىلى ئۇنىمىسىچۇ؟
— ئۇنايدۇ، ئۇنىتىمەن! — نېمىشقىدۇر بۇۋى زەينەپنىڭ چىشلىرى چاقىلداپ كەتتى، كۆزلىرى چەكچەيدى، ئاۋازى غەزەپلىك چىقتى، — ئۇنىڭدىن خېتىمنى ئالالايمەن، چوقۇم ئالالايمەن!
— قانداق قىلىپ؟
— بۇنى سىزگە كېيىن دەپ بېرەي، بولامدۇ؟
— ھە، مەيلى. لېكىن، گېپىڭدىن يېنىۋالما جومۇ!
— ھەرگىز يېنىۋالمايمەن.
— ئەمىسە، مەن يەنە قاچان كېلىمەن؟
— ئىككى ئايدىن كېيىن.
— شۇنداق تېزمۇ؟
— چاتاق يوق.
— ئەمىسە، ساڭا پۈتۈنلەي ئىشەندىم. بۇۋى زەينەپ! — يارمەمەت بۇۋى زەينەپنىڭ پېشانىسىگە بىرنى سۆيىدى-دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇۋېتىپ سورىدى، — ئىككى ئايدىن كېيىن مۇشۇ يەردە، مۇشۇ كۈندە، مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇچرىشايلىمۇ؟
— ماقۇل، شۇنداق قىلايلى.
— ئەمىسە، گېپىمىز گەپ جومۇ!
— خاتىرجەم بولۇڭ، يارمەمەتكا، مەن سىزنى تۆت كۆز بىلەن كۈتىمەن!

* *

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندە بۇۋى زەينەپ ياپيۇزلار ئېگىز ئۆسۈپ كەتكەن ھېلىقى ئۇستەڭ بويىدا يارمەمەتنى كۈتۈۋالدى. بۇ قېتىم ئۇستەڭگە ئۇلۇغ سۇ كەلگەندى. تۆۋەنگە ئېگىلىپ تۇرغان ياپيۇز يوپۇرماقلىرى قۇياش نۇرىدا جىمىرلاپ تۇرغان سۇ بېتىنى تىنماي سۆيەتتى. ئۇلار ئۇستەڭ بويىدا سۇغا قاراپ يانمۇ يان ئولتۇردى.
— قانداق، خېتىڭنى ئالالىدىڭمۇ؟ — يارمەمەت ئۇندىمەي ئولتۇرغان بۇۋى زەينەپكە قاراپ، ئەنسىرىگەن ھالدا سورىدى.

— ئالدىم، — بۇۋى زەينەپ يانچۇقىدىن قاتلانغان بىر قەغەزنى چىقىرىپ، يارمەمەتكە كۆرسەتتى، — مانا ئاجرىشىش خېتى، كۆرۈپ بېقىڭ!

— قانداق قىلىپ شۇنچە تېز ئاجرىشالىدىڭ؟ — يارمەمەت بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرغان بۇۋى زەينەپنىڭ قولىدىن تارتىپ، ھەيران بولغان ھالدا سورىدى، — ئەمدىغۇ دەپ بېرەرسەن؟

— تويىمىز بولغان كۈنى دەپ بېرەي.

— ياق، ھازىر دەپ بېرىسەن!

— دەپ بەرسەم شۇ... باقى داۋراڭ سېلىشىمدىن قورقىدۇ.

— قورقىدىغان نېمىسى بار ئۇنىڭ؟

— ئەجەبمۇ كوچىلاپ سوراۋەردىڭىز، بوپتۇ، قۇلىقىڭىزنى يېقىن ئەپكېلىڭ. — بۇۋى زەينەپ ۋىللىدە قىزىرىپ، تىترەڭگۇ ئاۋاز بىلەن پىچىرلىدى، — مەن ھېلىغىچە قىز، يارمەمەتكا!

— نېمە؟! نېمە دېدىڭ؟!

— شۇنداق، مەن ھېلىغىچە قىز! بۇنى ھېچكىمگە تىنماسلىققا ۋەدە بېرىپ خېتىمنى ئالدىم.

— ئۆتكەندە چوكان بولۇپ قالدىم دېگەنتىڭغۇ، ئەمسە!

— ئۇ چاغدا خەقنىڭ ئىلكىدە تۇرسام شۇنداق دېمەي نېمە دەيتتىم؟ راستىنى قىلسامۇ بەرىبىر ئىشەنمەيتتىڭىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزنى يەنە بىر قېتىم سىناپ باققۇممۇ كەلگەنىدى. سىز نېمە بولساڭمۇ ئالىمەن دېدىڭىز. مېنى ھەقىقەتەن چىن كۆڭلىڭىزدىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەندىم. شۇڭا...

بۇۋى زەينەپ خىجىل بولغىنىدىن لېۋىنى چىڭ چىشلەپ يانغا قارىۋالدى. ئاندىن نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ۋاتقاندەك تېنەپ-تەمتىرەپ، ئادەمنى مەستخۇش قىلغۇدەك خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان يالپۇزنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈپ، تىتىپ-تىتىپ ئۈستەلدىكى تاشلاشقا باشلىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

(بېشى 157-بەتتە)

ۋەسۋەسىسىنىڭ بىگۇناھ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

پۇل ۋە ئالتۇننىڭ غايەت زور سېھرىي كۈچى ئىنسانپەرۋەرلىك توغرىسىدا مۇئەييەن ۋە قاتتىق تەربىيە ئالغان دوختۇرنىڭمۇ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. دوختۇر ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئىنسانپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت ئېرىشىش تەس بولغان، شۇنداقلا باھا قويغىلى بولمايدىغان گۈزەل ئەخلاقنى تولىمۇ ئەرزان باھادا سېتىۋېتىدۇ. پۇل ۋە ئالتۇن ۋەسۋەسىسى ئىنتى ئادەمگە، ئادەمنى ئىتقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

پۇل ۋە ئالتۇنغا ئامراق بولماسلىقنى تەشەببۇس قىلىش تولىمۇ كۈلكىلىك. تولىمۇ بىمەنىلىكتۇر. ئەسلىدىلا باھا قويغىلى بولمايدىغان ئىنسانلارنىڭ مۇقەددەس بايلىقى — گۈزەل ئەخلاقنى تۆۋەن باھادا سېتىش تولىمۇ ئېپلاسلىق، تولىمۇ پەسكەشلىكتۇر.

دۇنيادا ئىنسان بولۇشتىن، ھەقىقىي ئىنسانىي خىسلەتكە ئىگە ئىنسان بولۇشتىنمۇ تەس ئىش بارمىدۇ؟!

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

مۇنەۋۋەر قۇربان

# ئاي شولىسى تۆنىگەن يوللار

## ئۆلمەس تىما

قەدىمدىن تارتىپ
ناخشا ئېيتىپ كېلەر بىر چۆچەك،
بۇلۇت يۇدۇپ يۇرسە قۇياشنى،
چاقماقنىڭ شۇ سوغۇق ياشلىرى
قويۇلىدۇ ئورمانغا بۆلەك،
زېمىنغا بۆلەك.

گەر ئويىنسا قىسمەت ۋاسكىتبول،
چېمپىيونلۇق تالىشار دۇنيا.
خادا تاشقا سوقۇلار بەزەن
قولۋاق ھەيدەپ يۇرگەن جان ئانا.
بىر ياقىلاردىن كېلىدۇ گۇگۇم،
مۇگدەپ ياتسا توپ-توپ چارۋىلار.
شۇ ئۆلمىگەن يىڭى تېمىدا
ئاي شولىسى تۈنىگەن يولدا
ناخشا توۋلاپ ماگار ھارۋىلار.

دۇنيا باغرىغا باش قويۇپ ياتسا
گۇگۇمنى كۆزگە باغلىغان قۇياش.
بوسۇغىدا ئۇخلار ئېسەدەپ
بودرۇقىنا تاتلىق بىر بوۋاق
قاراپ باقىن، ئانامغا ئوخشاش.

مىننەتسىز يېتىلگەن ئاشۇ قوش ئەمچەك
دۇنيانى باغاشلاپ ئېتىدۇ ئەللەي.
ئۇخلىسا باش قويۇپ تىپ-تىنچ دېگىز،
مۇھەببەت ئېرىشىپ ساقىي مەنسەپكە
ئانىنىڭ كۆزىدە تولدۇرىدۇ مەي.

كۆرمىسۇن كەيپىلىك چاغنى باللار،
مۇدۇرۇپ يۇرىدۇ ھاراقكەش تۇرمۇش.
كۆكسۇمنى مەن ساڭا تامام قالدۇراي،
بالام، دەپ يۇرمىسۇن ئۆگەي مەيپۇرۇش.

گۇگۇم بىلەن غەبلەت باسسا دۇنيانى،
گۇگۇم بىلەن ناخشا باشلار مىڭ ئانا.
ئالتۇن قورچاق ئويناپ چۇشەر قورساقتىن
تاتلىقىنا كۈلۈپ ئۇماق شۇ بالا.
ئۇمۇ ئاتا بىلەن ئانا بولۇشنى
ئارزۇ قىلىپ كېلەر ئېكەن دۇنياغا.

www.uyghurkitap.com

## باھار بىلەن توي قىلغاندا مۇھەببەت

بۇلاقلارغا تۆكۈۋەتتىم كۈلكەمنى،
ساقىي جامغا قۇيۇۋاپتۇ تولدۇرۇپ.
يول ئېگىز-پەس،
باھار ماگار تۈز دەسسەپ،
كەيىپ مۇھەببەت
جاھان كېزەر مۇدۇرۇپ.
ھالرەڭ گىرىم قىلغان ئوماق شوخ قۇشلار
قاش ياسايدۇ قاراپ ئەينەك بۇلاقتا.
گۈللەر چېكىدۇ
ئۇچۇپ يۈرۈپ كۆزنەك قالغان ياپراقلار
پەلكۈش تۇتقان قوللىرىدا زىناقتا.
ۋىلىق-ۋىلىق،
مۇھەببەتلىك شوخ بۇلاقلار
چىقىرىپتۇ يېڭى قىلىق.
جۇپ كۆزلەرنى ئېلىپ قاچسا ئوغرىلاپ،
تىقىپ قويار ئالىملارنى
قوشاق توقۇپ ناخشا ئېيتسا ھالرەڭ ئېرىق.
ئىزدەپ يۈرمە،
قار ئۈستىدە توڭلاپ قالغان كۈلكىلىرىمنى
بېرىۋەتتىم
ناخشام بىلەن
بۇلاقلارغا قوشۇپ ئارىيەت.
تۇغۇپ بېرەر
بەلكىم بىر كۈنلەر
باھار بىلەن توي قىلغاندا مۇھەببەت.

**تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن**

## قارچۇقۇمدا ئاقاردى سۇبھى

### ئۇچۇش

**1**

بىر باچكىنى باقتى كەپتەرۋاز،
كەم قىلمىدى دېنىنى بىرئاز،
ئۆگەتمىدى قىلىشنى پەرۋاز.

باچكىنىمۇ كەلدى ئۇچقۇسى،
ۋە بىپايان كۆكنى قۇچقۇسى،
ئۇۋىسىدىن كەلدى قوپقۇسى.

ئۇچالمىدى بىلمەي ئۇچۇشنى،
بىلەلمىدى يەرگە چۈشۈشنى،
كەڭ ئاسماندا ھۆرلۈك قۇچۇشنى.

**2**

باچكىلىرى بولدى ئۇنىڭ ھەم،
بىر-بىرىدىن چىرايلىق-كۆركەم،
ئەھۋال شۇدۇر ئۇلاردىمۇ ھەم.

ئۇچۇش نېمە، قانداقكىن پەرۋاز،
قىقاس نېمە، چىقارماق ئاۋاز،
بۇ ئىلىمنى، بىلمىدى بىر ئاز.

1994 - يىل، ئاۋغۇست

## كېپىلەر

قارىچۇقۇمدا ئاقاردى سۇبھى،
خىرەلەشتى قارا كېپىلەر.
مېڭەم ئالەم كۇتۇپخانىسى،
كېزەر يۇلتۇز ئارا كېمىلەر.

قارىچۇقۇمدا يورۇيدۇ كۇنلەر،
كۇننى قوغلاپ يۇرەركېپىلەر.
نۇر چاقنىتار مىڭلاپ سەترىلەر،
پۇتتى كىتاب، ئۇلەر كېپىلەر.

1995 - يىل، دېكابىر

## ئانىلار

« شوخ دەمدىكىن خەق سېنى،
ھەممىسىدىن ئۇماقسەن.
نېمە دېسە دېسۇن خەق،
نۇر ياغدۇرغان چىراغسەن. »

بىلسەڭ ئەگەر ئانىنىڭ
قەلبىدىكى ئارمانىنى.
بالا دەپلا تىرىلەر،
ئاڭا بېرەر ئۇ جانىنى.

بۇ دۇنياغا نېمشقا
كەلگەن دېسەڭ ئانىلار؛
بولغاچ يۇرەك پارىسى
ئاھ باللار، باللار.

1995 - يىل، دېكابىر

تۇرنىسا ئوسمان

# ئۇچراشقاندا كۆزىمىز بەزەن

ئۇچراشقاندا كۆزىمىز بەزەن،
ئوت ئالىدۇ يۈزۈڭ ۋۇللىدە.
ئۇمچىيىشتىن بولساڭمۇ ئاگاھ،
ياشلىنىدۇ كۆزۈڭ غىللىدە.

تولغىنىمەن ئوتتەك قىلدەك،
شۇ ھالەتتە كۆرۈنسەڭ ماڭا.
رەنجىشىم كۆپ تەنۇر پەلەكتىن،
ئەمما ئەيىب قويمايمەن ساڭا.

*     *

سېڭىپ كەتكەن ئوتلۇق ۋەدىلەر
بىز يايرىغان باغلار قوينىغا.
ئىشقىمىزنىڭ چېچەكلىرىنى
ئاسقان ئىدۇق يوللار بوينىغا.

يىللار سېنى ھەمدە ۋاپاسىز،
سېخىلىقى بەردى ئارمانىنى.
جۇدا قىلدى ۋاپاسىزلىقى،
پىراق ئىچرە ئالدى دەرمانىنى.

www.uyghurkitap.com

يىللار ئۆتۈپ، چۆگىلەپ پەلەك،
جەم قىلىپتۇ بىزنى بۇ جايدا.
ئۆيلىرىمىز ئۇن يېتىم يەردە،
سۆزلەشمىدۇق ھەپتىدە، ئايدا.

تاشلا ئەمدى خىجىللىقىڭنى،
ئەلەم بىلەن بولما سەدپارە.
ئۆتكەنلەرگە بولسۇن سالاۋات،
يۈرەكلەرنى قىلمايلى پارە.

كەل يېنىمغا، تەمتىرىمەي كەل،
قۇچىقىمغا بەرگىن قىزىڭنى.
مۇبارەكلەي سۆيۈپ مەڭزىڭگە،
پىنھانلارغا ئالما ئۆزۈڭنى.

رەقىب ئەمەس جوراڭ مەن ئۈچۈن،
چۈنكى مەندەك سۆيدى ئۇ سېنى.
چۈشەنمىسەم بولامدۇ شۇنداق،
ۋاپادارنىڭ كۆڭلىدەك قەلبىنى.

كەل ئۆيۈمگە جوراڭنى ئېلىپ،
سىردىشايلى، چۈشەنسۇن مېنى.
كۆتۈرۈلسۇن دىلدىن تۇمانلار،
گۈللىتەيلى دوستلۇق بېغىنى.

ئىبراھىم نىياز

## ئايال

يامغۇر بولۇپ ياغار سىمىلداپ،
چاڭقىغان يەر بولساق ناۋادا.
نۇر تۆكىدۇ ساڭا پىلىلداپ،
زۇلمەت ئىچرە قالساق ناۋادا.

دەرەخ بولۇپ تاشلايدۇ سايە،
بېشىڭغا كۈن چۈشسە ناۋادا.
بېغىشلايدۇ ھايات ۋە غايە،
روھىي بايلىق يېتسە ناۋادا.

گاھى ئوخشاپ ئېچىلغان گۈلگە،
يۈرىكىڭگە تاشلاپ كېتەر ئوت.
بېرىپ گاھى كۆز بىلەن بەلگە،
يارىتىدۇ ئوتلۇق بىر ۋۇجۇت.

مول ھوسۇللۇق ئېتىز ئۇ گويا،
بېرەر ساڭا كۈندە مىڭ بەرىكەت.
ئۇنىڭ كۆڭلى مىسالى دۇنيا،
سېنىلا دەپ ياشايدۇ پەقەت.

كامىلجان ھەسەن

## بىر قېقىپ كەلگەن قوشاقلار ئوت گويا

### يول يۈرۈش

تىترىدى، ياپراق شامالدا تىترىدى، چىقتى ئاي ئاسمانغا شاللاق قىزسىمان،
تىترىدى، قەشقەر زاۋالدا تىترىدى. شولىسى سۇدا-قانالدا تىترىدى.

پەر قېقىپ كەلگەن قوشاقلار ئوت بولۇپ،
بىر قونۇپ ساھىبجامالدا تىترىدى.
قامچىلار تولپار تاپالماي نەگكىلى

ئېھتىمال قىشتا شىمالدا تىترىدى.
راست كۆيۈپ قالغۇملا باردەك بىرىگە،
كىمدۇرنۇ، جىسمىم خىيالدا تىترىدى.

## نامرات شائىرنىڭ ئۆزىگە ئېيتقانلىرى

تېلېۋىزور ئۆچتى چىرايلىق، كەتتى توك،
جىنچىراغ ياق، مايىمى قويي لىق، كەتتى توك.
سۆزلىشەيلى ئەتە-ئۆگۈن ئۈستىدە
بەلكى دەم بەردى ئوكايلىق، كەتتى توك.

مەست بولۇپ قالمايلى ئەمما، بول ئاگاھ،
ئوغرىغا زۇلمەت قولايلىق، كەتتى توك.
يانمساق بولمايدۇ ئەمدى نۇر بولۇپ،
يولىمىز ئوي-دۆڭ، توقايلىق، كەتتى توك.

تەلئەت قادىرى

# كۆزۈگدىكى ۋەتىنىم

## كۆز يېشى خاتىرىسى

سۈرتمە ئانا كۆزۈگدىكى ياشلارنى،
چۈمسۈن سۆزۈك قەترىلەرگە بۇ دۇنيا.
چۈمسۈن ھەتتا بۇندا قۇياش، نۇر-زىيا،
ئۇ ئېقتسۇن باغرىمدىكى تاشلارنى.

كۆزلىرىڭگە ئۇچۇپ كەلدى بۇلاقلار
يۈرىكىڭدىن ئاچقان بۇلاق سىياقى.
بىلەلمەيمەن قايسى ئاپەت ئىلاھى
ئۇلاپ قويدى شاخلىرىمغا پۇتاقلار.

ئاڭلاپ بۇندا كۆز ياش دېگەن بەك يامان،
قورقۇپ سەندىن، قورقۇپ سۆزۈك يېشىڭدىن،
ئايرىلماقچى بولغىنىمدا يېنىڭدىن،
چۆچۈپ كەتتىم دېگىنىڭدە «بول ئامان».

## كۆزۈگدىكى ۋەتىنىم

قان تۆكمەكتە دولقۇنلارغا جۇلالىق
چوققىلاردا سۇنۇپ قالغان شەپەقلەر.
يوروماقتا بىر-ئىككىدىن قەۋەتلەر،
ھەر روجەكتە بىردىن يۈرەك ئوراقلىق.

باردى ئىزلار بىر-ئىككىدىن كۆپىيىپ،
خاتىرىلەر بۇندا يەنە نۇرلاندى.
ئاق نۆشەكتە تەنھا قەلب ئويغاندى،
كىرپىكىڭدىن تارام يولتۇز ئۈزۈلۈپ.

ئىشك چېكىپ يۈرەر پەقەت قەسىمىم،
چېچىڭ ياتار چۈشلىرىڭگە ئىلىنىپ،
توزار خىيال شامالللاردەك سېلىنىپ،
ئۇخلىمايدۇ كۆزۈگدىكى ۋەتىنىم.

ئەخمەت كېۋىر

# دادا، بىزگە ئاراملىق بەرگىن

(نەسىر)

ئاھ، جېنىم دادا، سەن بىزگە راستىنلا كۆيۈنەمسەن؟

مۇبادا سەن ھەقىقىي كۆيۈنۈشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولساڭ ئالدى بىلەن ئوغلۇڭنىڭ پەريادلىق ساداسىغا قۇلاق سالغىن...

... سەن ھەر كۈنى كەچتە ئىچەرمەن دوستلىرىڭ بىلەن قانغۇدەك ئىچۋالسەن-دە، يېرىم كېچە بولغان چاغدا:

ئالمىدەك رەڭدار ئىدىم،
رەڭگىمنى سارغايتتى پىراق.

دەپ تۈۋلىغىنىڭچە ئېگىز-پەس دەسسەپ ئۆيگە ماڭىسەن. بوسۇغا ئالدىغا كەلگەندە، ئالدى-كەينىڭگە دەلدۈگۈنۈپ تۇرۇپ، شالىرى يېرىلىپ كەتكەن ئىشىكنى گۈمبۈرلىتىپ ئۇرۇشقا باشلايسەن، ئاپام بىچارە چۆچۈپ ئويغىنىپ، سېنى مىڭ تەسلىكتە باشلاپ كىرىدۇ. قانغۇدەك ئىچكەن كۈنلىرىڭ ئۆزۈڭنى كارىۋاتقا تاشلاپلا خارقىراپ ئۇيقۇغا كېتىسەن. لېكىن، ئازراق ئىچىپ قالغان كۈنلىرىڭدە بىزگە زادىلا ئاراملىق بەرمەيسەن. كېچىنىڭ قالغان يېرىمىنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزىمىز... بۇنداق كۈنلەردە ئۆيگە كىرىسەن-دە، ئاپامنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىشىكنى دەرھال ئېچىپ بەرمىگەنلىكى، تاماقنى سوۋۇتۇپ قويغانلىقى، باشقىلارنىڭ ئاياللىرىدەك چەبدەس، چىرايلىق بولماي ئېزىلەڭگۈ، كۆرۈمسىز بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدە بىر ھازا قايناپسەن. «نېمە ئۈچۈن» نىڭ كۆپلۈكىدىن بېشىمىز ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۇنداق چاغلاردا يۈگۈرۈپ كېلىپ، بارغانچە بېزەپلىشىپ كېتىۋاتقان ئاغزىڭنى ئېتىۋالغۇم ياكى سېنى پەپىلەپ ئۇخلىتىپ قويغۇم كېلىپ كېتىدۇ. ئەمما، سېنىڭ بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلغان، ھاراقنىڭ تەسىرىدىن قورقۇنچلۇق تۈسكە كىرگەن چىرايىڭنى، غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىڭنى كۆرسەم يۈرىكىم جىغىلداپ كېتىدۇ. يوتقاندىن بېشىمنى چىقىرىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايمەن. ئاچچىقىڭنى باسالمىغان

چېغىدا ئاپامنىڭ چېچىدىن قامالاپ تۇتقىنىغىچە، دومبالاشقا باشلايسەن. بىچارە ئاپام قوشنىلار تويۇپ قالارمىكىن دەپ ئىچىگە تىنىپ، ئۈنسىز يىغلايدۇ...

ئىككىنچى قېتىمدا نۆۋەت ماڭا كېلىدۇ. تاماكاڭنى قىڭغىر چىشلىگىنىڭچە، پوپكامدىكى كىتابلارنى بىراقلا تۆكسەن-دە، بىر-بىرلەپ كۆرۈشكە باشلايسەن. شۇ چاغدا مەستلىكتىن قىزارغان كۆزۈڭگە تاپشۇرۇق دەپتىرىمدىكى 60 نومۇر چېلىقىپ قالىدۇ-دە، قۇلىقىمنى ئامبۇردەك قىسىپ، ئاغزىڭنى پىلموتتەك قويۇۋېتىسەن. تىل-ھاقارەت ئوقلىرى يۈرىكىمگە قادىلىدۇ.

— ھۇ، ناتىقپى، 60 نومۇرنىمۇ ئېلىپ يۈردۇڭمۇ تېخى؟ ئۇچ ۋاخلىق تاماقنى دومبەڭگە يەۋاتامسەن؟ ئەقلىڭنى قاغا چوقۇلاپ كەتتىمۇ؟ ئوقۇشۇڭ قانداق دېسەم، «ياخشى، ياخشى!» دەيسىنا تېخى! (ئوقۇشۇڭ قانداق دېگەن سۆزنى ساق ۋاقتىڭدا سوراپ قويۇش ئەسلا يادىڭغا كەلمەيتتى).

مەن قۇلىقىمنىڭ ئاغرىقىغا چىدىماي، ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلايمەن، سەن:

— زوۋانىڭنى چىقارما، ھېلى بىكار جۇمۇ، — دەپ ھەيۋە قىلىپ مېنى جىمقتۇرغاندىن كېيىن سىگىلىم ماھىرەنى تۇرتۇپ ئويغىتىسەن. ئاندىن ئۇنىڭ بېشىغا تارشىدەك قاتتىق بارمىقىڭ بىلەن تاك... تاك... قىلىپ چېكسەن ياكى يالىڭاچ دومبىسىگە شاپىلاقلايسەن. ئۇ ئاغرىققا چىدىماي يىغلاشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەن ئاغزىڭنى يوغان ئېچىپ ئەسنىۋېتىپ ياڭراق خورىكىڭنى باشلىۋېتىسەن. ئەتىسى ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىمنى يىرتىپ ئېچىپ، بىچارە ئاپام تەييارلاپ قويغان ناشتىلىقنى يەپلا مەكتىپىمگە ماڭىمەن. بەزىدە مەكتەپكە ماڭاي دەپ تۇرغىنىمدا ئورنۇڭدىن تۇرۇپ يەنە توگىمەس سوراقلىرىڭنى باشلىۋېتىسەن:

— جۇرئەت، كوزىغا سۇ ئەكىردىڭمۇ؟

— جۇرئەت، قويغا ھەلەپ ئېتىپ بەردىڭمۇ؟

— جۇرئەت...

مەن تىرنىقىمنى تاتىلىغىنىمچە ئېيتىمەن:

— مەكتەپكە كېچىكىپ قالىدىكەنمەن. مۇئەللىم...

— نېمە، مۇئەللىمىڭمۇ ئاياغ-پۇشقاقلىرىنى ئەتمىگەندۇ تېخى، ھارامزادىلىكىنى بۇنىڭ...

مەن، سېنىڭ تەستىكىڭنىڭ تەمىنى خېلى تېتىپ باققان بولغاچقا يۇم-يۇم يىغلىغىنىمچە دېگىنىڭنى تولۇق ئورۇنداشقا مەجبۇر بولىمەن... مەكتەپكە كەلگىنىمدە ئاللىبۇرۇن 1-سائەتلىك دەرس باشلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. سىنىپقا خىجالەتچىلىك ئىچىدە مىڭ تەسلىكتە كىرىمەن. مۇئەللىم ماڭا ھەم ئېچىنىش، ھەم سوغۇق نەزەر بىلەن قاراپ:

— ھەي... ھەي... جۇرئەت، بۈگۈن يەنە كېچىكىپسەن-دە؟ — دېگىنىچە بېشىنى چايقاپ قويۇپ، ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بېرىدۇ.

(ئاخىرى 16-بەتتە)

# ھېساب



ئابدۇرېشىت سابىت

( ھېكايە )

يېرىم كېچە، ئەتراپ شۇنچىلىك قاراڭغۇ ئىدىكى، بەش قەدەم نېرىدىكى نەرسىنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. نەدىندۇر مەھەللىنىڭ يىراق بىر يەرلىرىدىن ئىتلارنىڭ ئاندا-ساندا قاۋىغان ئاۋازلىرىنىڭ ئاڭلىنىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا كېچە بەكمۇ جىمجىت ئىدى.

ئەھمەت پات-پات تالاغا چىقاتتى-دە، ئەتراپقا دىققەت بىلەن قۇلاق سالاتتى، لېكىن ئۇ ئەتىگەندىن بېرى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان ماشىنىدىن تېخىچە دېرەك يوق ئىدى. ۋاقىتنىڭ شۇنداق تېزلىك بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋېرىشى ئۇنىڭ يۈرىكىنى خۇددى چۈمۈلە غاجىلاۋاتقاندەك بارغانسېرى بىئارام قىلماقتا. ۋەدە بويىچە ئاۋۇت بۈگۈن نەدىلا بولمىسۇن يېتىپ كېلىشى لازىم ئىدى. ئۇ ماشىنىسىدىن چاتاق چىقىپ يولدا كاشىلا بولۇپ قالغانمىدۇ يا؟ بۇغدايىنىڭ دان سۈيىگە يەنە ئون كۈندەكلا ۋاقىت قالدى. شۇنىڭغىچە قولۇمدىكى ئوغۇتنى خوتەنگە يۆتكىۋالغان بولسام ئوبدان بولاتتى-دە...

ئۇنىڭ خىيال يىپلىرىنى يىراقتىن ئاڭلانغان ماشىنىنىڭ ئاۋازى بۇزۇپ تاشلىدى. ئەھمەت خۇشاللىقىدا ئۆيگە يۈگۈردى-دە، ئايالىنى ئويغىتىۋېتىپ ئۆزى ماشىنىنىڭ ئالدىغا چىقتى. ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ كۈتكەن ئادىمى ئاۋۇت كەلگەنىدى. مېھمان بىلەن ساھىبخان قىسقىچە تىنچ-ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇشتى.

— كېچىكتىڭلىغۇ؟ — ئەھمەت تەقەززالىق بىلەن ئاۋۇتتىن سورىدى.

— ھېلىمۇ ۋەدىگە ۋاپا قىلدىم، — قولىدىكى كانايچىلاپ ئورالغان تاماكىسىنى ئالدىرىماي شوراپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئاۋۇت، — ماشىنا دېگەن سائەت بىلەن ماڭىدىغان پويىز ئەمەس دەڭلا. ھېلىمۇ گېپىمىز گەپ بولسۇن دەپ ھېچنەدە توختىماي ماڭدىم. داخىيەندىن كورلىغا ئالتە سائەتتە كېلىش دېگەنىنىڭ ئۆزى ئاسان گەپمۇ، ھە، ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كېلەيلى، ئوغۇتۇڭلار جەمئىي قانچە خالتا؟

— يۈز ئەللىك خالتا.

— ھىم، ھەر بىر خالتىسى قىرىق كىلودىن بولغاندا يۈز خالتىسى تۆت تونىنا. تۆز ئەللىك خالتىسى ئالتە تونىنا، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، كىراسىنى بىر نېمە دەڭلا؟

— كىراسى كېسىلگەن باھا بويىچە بولىدۇ-دە ئەمدى. ئالتە تونىنا يۈك دېگەننى خوتەنگە ئېلىپ ماڭساق ھەر تونىنىسىغا ئىككى يۈز ئەللىك كوي كىرا تۆلىسەڭلار، ئالتە تونىنا ئوغۇتقا بىر مىڭ بەش يۈز كوي تۆلەيسىلەر-دە ئۆزى.

بىر مىڭ بەش يۈز كوينىڭ ئېتىنى ئاڭلىغان ئەمەتنىڭ ئىچى پىژژىدە ئېچىشقاندەك بولدى-دە، زورىغا بىرنى يۆتىلىۋېتىپ يېلىنىشقا باشلىدى:

— ئاداش، سىلىمۇ ئۇنداق ئاسماققا ئېسىپ تۇرۇۋالماڭلار، ھەر بىر خالتا ئوغۇتنى تۆت-بەش كويدىن تاپان ھەققى بېرىپ بىر نەچچە يەردىن ئارانلا ئالدىم. سىلىگە بىر مىڭ بەش يۈز كوينى بېرىۋەتسەم ئۆزۈمگە نېمە قالىدۇ؟ سەل-پەل ئىنساپ بىلەن بىر نېمە دېسەڭلىچۇ، سىلە بىلەن بىز تونۇغۇن-بۈگۈن تونۇشقان ئادەملەر بولمىساق يا؟

— گەپ يۈزدە ياخشى، ئۇسسۇل تۈزدە، — چورتىلا كېسىپ ئېيتتى ئاۋۇت، — مېنىڭ نامىمنى شۇڭا ئاۋۇت قاتتىق دېيىشىدۇ، سودا مۇئامىلىدە لىللا بولغىنىمىز ياخشى، شەخسلەرنىڭ خىمىيىۋى ئوغۇت يۆتكىشىنى دۆلەت چەكلىگەن بولسىمۇ، لېكىن مەن يەنىلا ئاغىنىدارچىلىقىمىزنىڭ يۈزىنى دەپ، تاشيولدىن بۇياققا ئۈچ كىلومېتىر قېيىپ سىلىنىڭكىگە كەلدىم. يۈز-خاتىر دېگەن بۇنىڭدىن ئارتۇق بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يولدا ئوغرىدەك ماڭمىساق تۇتۇلۇپ قالىمىز. ئۇ چاغدا سىلەر ئوغۇتۇڭلاردىن ئايرىلىسىلەر، مەن ئالتە پاي چاقتىن، گەپ شۇ.

ئاۋۇتنىڭ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئەمەت ھودۇقۇپ قالدى:

— بولدى، بولدى، سىلىمۇ تولا سەپرالىقىڭلارغا ئالماڭلار. بولىدۇ، بىردەم ئارام ئېلىپ تۇرۇڭلار، بىز ئوغۇتنى بېسىۋېرەيلى.

ئۇنىڭ تېزلا ماقۇل دېيىشىدىمۇ سەۋەب بار ئىدى. چۈنكى، بۇغداينىڭ باش سۈيىدە ئوغۇت دېھقان ئۈچۈن ئاش بىلەن ناندەك زۆرۈر ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭدىن قېپقالسا ئۇنىڭ ئوغۇتىنى كەم ئالىدۇ دەيسىز، ئالغان ھالەتتىمۇ يېرىم باھا تۆۋەن چۈشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ-دە.

ئۇلار تاڭ سەھەر بىلەن يولغا چۈشۈشتى. مانا بۇ ئىككى سەپەرداشنىڭ

ئۆزۈنىغا سوزۇلغان بۇ يولدا بىرگە مېڭىۋاتقىنىغا ئىككى كۈن بولغان بولسىمۇ لېكىن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بىرەر ئېغىز چاقچاق ياكى كۆڭۈلنى ئاۋۇندۇرغۇدەك ئىككى ئېغىز گەپ-سۆز بولغىنى يوق. بىرى رولنى تۇتۇپ كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە خىيال سۈرسە، يەنە بىرى كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ پات-پات خورەك تارتىپ قوياتتى ياكى بېشىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلاپ، بىر نېمىلەرنى پىچىرلايتتى.

ئەجەب ئوبدان كۈنلەر بولۇۋاتىدۇ، — دەپ ئويلايتتى ئەمەت، — بىر ۋاقىتلاردا توزۇك ئىش-ئوقەتنىڭ تايىنى يوق، بازاردا پۇلغا ئالمىغان مەدىكاردەك سۆرۈلۈپ يۈرگىنىم يۈرگەندى. بىر نەچچە يىل بولدى، ھال-كۈنۈم ئوبدان بولۇپ قالدى. ئۆيلىرىمنىمۇ يېڭىلاپ سېلىۋالدىم. سودىگەرچىلىكنى بەزىلەر، يىلتىزسىز قامغاقتەك بىر ئىش، زىيان تارتساڭ بىراقلا تۈگىشەسەن، دەۋاتاتتى، ئۇ ئىشنىڭمۇ ئېپىنى بىلىۋالسا بولىدىغان گەپكەن ئەمەسمۇ. خەقلەر ئوقەت قىلدىم دەپ نەدىكى بىجى ئېغىر، پايدىسىنىڭ تايىنى يوق ئىشلارغا ئېسىلىۋالىدىكەن. ھازىر ھۆكۈمەتمۇ ئۇستا بولۇپ كەتتى. بازارنى قويۇۋەتتۇق دېگەن بىلەن باجنى چىرقىرىتىپ تۇرۇپ ئالىدۇ ئەمەسمۇ. چىدىساڭ مانا، چىدىمىساڭ جىممىدە يۈر دېگىنىدە ئۇلارنىڭ. مېنىڭ بۇنداق ئىشلارغىمۇ خېلى ئېپىم بار، كوپېراتىپتىن يېزا-كەنتلەرگە تەقسىم قىلىنغان ئوغۇتلارنى ئۇقۇشۇپ تۇرۇپ، ئۇلارنى باشقۇرىدىغانلارنىڭ گېلىغا ئانچە-مۇنچە بىر نېمىلەرنى ئۇرىمەن-دە، ھاي-ھۇي، توپاقنى ئۇي دەپ بولغۇچە ئىككى-ئۈچ يۈز خالتا ئوغۇتنى جايلاپ بولىمەن. مەندىن كەتسە خالتا بېشىدا ناھايىتى ئىككى-ئۈچ كويلىغۇ. ئەگەر ماۋۇ قاتتىق جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالمىغان بولسا بىر ماشىنا ئوغۇت دېگەندىن كەم دېگەندىمۇ مىڭ كوي قالاتتى-دە. بوپتۇ، سودىنىڭ يۈرۈشۈپ تۇرغىنى ياخشى. بىر مىڭ بەش يۈز كويىنى دەپ ئۆيدە يېتىۋەرسەم، ئوغۇتنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە تەڭگە-تەڭ زىيان دېگەن گەپ. بۇ قېتىم خوتەندىن سالامەت يانسام، يەنە ئوغۇتنىڭ غېمىنى قىلىمەن. شۇنداق قىلىپ قولۇمدىكى ئون مىڭ كوي يىگىرمە مىڭ كويغا، يىگىرمە مىڭ كوي ئوتتۇز-قىرىق مىڭ كويغا ئايلىنىپ يانپىشىم يوغىنايدۇ. قولۇمنى قەيەرگە سۇنسام شۇ يەرگە يېتىۋېرىدۇ. ئەمما، مېنىڭ مۇشۇ ئىشلىرىمنى باجگىرلار بىلەن بازار باشقۇرغۇچىلار ئۇقۇپ قالمىسۇن-دە. ئۇلار كانىدەك چاپلىشىۋالدىمۇ، بولدى، ھەممە دەسمايىدىن ئايرىلغاننىڭ ئۈستىگە يەنە تېخى...

ئۇ قارا باسقاندەك دىك چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى-دە، يېنىدىكى ھەمراھىغا قارىدى.

ئاۋۇت كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇۋېلىپ ماشىنىنىڭ رولىغا ئېسىلغىنىچە، ئۆز خىيالى بىلەن بەنت ئىدى. بىر ھېسابتا قاتتىقلىقىمۇ ئادەمگە زىيان قىلمايدىكەن، مۇشۇنداق ئېلىپ-ساتارلارغا قاتتىق بولمىساڭ سىنى ھامان ئۇڭدا قويۇشىنلا كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرىدۇ. مېنىڭ دادامۇ ئېلىم-سېتىمدا قاتتىق قول ئادەم ئىدى. رەھمەتلىك ھەمىشە «ھەر ئىشنى ھېساب بىلەن قىلىش كېرەك» دەيدىغان. راست، ھەممىدە

ھېساب بولمىسا بولمايدۇ. ئۆيدىمۇ، تالادىمۇ،
ئىدارىدىمۇ ھېساب بولۇشى لازىم. ئىدارى-
دىن، ماشىنا باشقۇرۇش تارماقلىرىدىن
يوشۇرۇپ يۈرۈپ يۈك توشۇغان، ئادەم
كىرا قىلغان پۇللىرىمدىن يىگىرمە مىڭ كوي
پۇلۇم بار ئىدى. ماۋۇ كېيىنكى خوتۇن
بېشىمنى ئاغرىتىپ يۈرۈپ ھېسابتا ئون مىڭ
كوينىڭ بېشىغا سۇ قۇيۇۋەتتى. بۇ خوتۇن
بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان چىقىپ قالدى.
خەقلەر: تۇغماس خوتۇن يامان بولىدۇ،
دەۋاتاتتى. ئۇيلىسام راستىكەن، بىردەم
ئېغىزىمدىن كىرىپ بۇرنۇمدىن چىقىدۇ،
بىردەم ۋارقىراپ-جارقىراپ ئالەمنى مالەم
قىلىدۇ. خوتۇن ئېلىپ خوتۇن قويۇۋېتىۋېرەي
دېسە، ھەي، خەقنىڭ گەپ-سۆزلىرىنىمۇ
مەيلى. ئەمدى ئىدارىدىنمۇ رۇخسەت
بەرمەيدۇ. مۇشۇ خوتۇننى ئالىدىغان چاغدا
ئىدارىگە نەچچە قېتىم ۋەدىنامە يېزىپ
بېرىپ يۈرۈپ ئاران يۇناقنى ئوناققا كەلتۈر-
گەنىدىم. ئەمدى مۇشۇنىڭ بىلەن ئۆتمە-
سەم، باشقا ئىلاجىم قالمىدى. ھەي، بۇ
خوتۇنىزە... بۇرۇنقى ئېرىدىنمۇ شۇ چوكچە-
لىقى بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپتىكەن. ئۆتكەندە
يەكەندىن قەشقەرگىچە ئىككى ئادەمنى
سېلىۋېلىپ يىگىرمە كوي ئالسام، مېنىڭدىن
بۇرۇن ئىدارىگە خەۋەر بېرىپ بوپتۇ.
توۋىنامە يېزىپ بېرىپ، ئاران قۇتۇلدۇم.
بۇرۇنقىغۇ كادىر دېگەن نېمىلەرنى ماشىنىغا
سېلىۋېلىشتىن قورقاتتۇق، چۈنكى ئۇلار خەت
تونۇيدۇ ئەمەسمۇ، بارىدىغان يېرىگە
بېرىۋېلىپ، ماشىنىنىڭ نومۇرىنى يېزىۋېلىپ،
ئىدارىغا خەت يېزىپ تاناۋىمىزنى مىڭ گەز
تاتقۇزىدۇ. ھازىر كادىر قايسى، ئەپەندىم
قايسى، دېھقىنى قايسى، ئۇققۇپ بولغىلى
بولمايدۇ. قارىساڭ ھەممىسىنىڭ بېشىدا
چاچ، ئۇستىدە يېڭى كاستۇم-شىم. ئىش
بارغانسېرى تەسلىشىپ كەتتى. لېكىن،
بىزمۇ بوش كەلمەي ئولتۇرساق-قوپساق
مۇشۇنداقلاردىن بىر پۇكچەنىمۇ ئارتۇقراق
شىلىۋالساق دەپ ئويلايمىز.
تۆتىنچى خوتتا كېتىۋاتقان ماشىنا
تويۇقسىز قاتتىق بىر سىلكىندى-دە، يەنە
ئۆز يۈنىلىشى بىلەن مېڭىشنى داۋاملاشتۇر-
دى. ئاۋۇتنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغان خىيالى
يەنە داۋاملىشىشقا باشلىدى: ھازىر ۋەزىپىمۇ
ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئۇنى ئورۇندىيالمىساق
ئىش ھەققىنىڭ يېرىمى يوق دېگەن گەپ،
ماۋۇنىڭكىدەك تەييار پۇل داۋاملىق ئۇچرا-
ۋەرمەيدۇ. بۇدا ماۋۇنىڭدىن بىر مىڭ بەش
يۈز كوينى ئالسام، ئۆيدىكى ئون مىڭ
كوي، ئەخمەتتىن ئالىدىغان بىر مىڭ ئۈچ
يۈز كوي، ھەممىسى بولۇپ جەمئىي...
ئاۋۇت ئۈچ قېتىم ھېسابلىدى، لېكىن
ھەر قېتىمقى نەتىجە ئوخشىماي قالدى.
ئاخىر ئۇ تېرىككەن ھالدا ئۈلۈك قولىنى
رولدىن ئاجرىتىپ بارماقلىرىنى بىرمۇ بىر
ئېچىپ ھېسابلاشقا كىرىشتى، شۇ ئارىدا
قېرىشقاندەك ئوڭغۇل-دوڭغۇل يولغا توغرا
كېلىپ، ماشىنا بىردەم قاڭقىپ، بىردەم
چايقىلىپ تەڭپۇڭلۇقنى يوقاتقاچقا ئۇنىڭ
بارماق سانىغان ھېسابى يەنىلا بۇزۇلۇپ
كەتتى. مانا ئەمدى يولنىڭ ناچار يېرى
تۈگەپ، ماشىنا تۈز يولغا چىقتى، ھېسابىمۇ
يېڭىدىن باشلاندى. بىراق، ئاۋۇتنىڭ

(ئاخىرى 132- بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ماخمۇت مۇھەممەت

# ئىككى ھېكايە

## سۇپۇرگىچى

مەلۇم گېزىتنىڭ ئەدەبىي مۇھەررىرى N ئەپەندى چىرايىدىن كۈلكە كەتمەيدىغان ئادەم بولۇپ، تونجى ئەسىرىنى ئەۋەتىپ كەلگەن ھەۋەسكارلارنىڭ ھەر قانداق ئۇنىڭ ئالدىدىن روھلىنىپ قايتاتتى. N ئەپەندى ھەر قانداق ھەۋەسكار ئېلىپ كەلگەن ھەر قانداق ھەجىمدىكى ئەسەرنى چىلگە بېشىنى بىر يانغا قىيسايتىپ، جىددىي كۈلۈمسىرەشتە كۆزدىن كەچۈرەتتى-دە، مۇلايىملىق بىلەن:

— بولىدىغاندەك، مېنىڭچە يەنە بىر ئاز بوغۇڭ، ھە! — دەيتتى.

يېزىقچىلىقنىڭ خۇمارىغا ئەپيۇنكەشتەك بېرىلىپ كەتكەن كۆپىنچە ھەۋەسكارلار N ئەپەندىنىڭ مۇبارەك ئىشخانىسىغا ئەسەرلىرىنى قايتا-قايتا «بوغۇپ» ئېلىپ كېلىشەتتى. بىراق، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئاڭلايدىغىنى «ھەببەللى، خېلى كېلەي دەپ قاپتۇ، يەنە كىچىككىنە بوغۇڭ!» دېگەن جاۋاب بولاتتى.

بىر قېتىم N ئەپەندىنىڭ ئىشخانىسىغا سالاپەتلىك، يېشىمۇ ئۇنىڭ بىلەن قورامىلىق دېگۈدەك بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. بۇ چاغدا N ئەپەندى ئۇنىۋان ئىلتىماس قىلىش جەدۋىلىنىڭ «قىسقىچە تارىخى» دېگەن كاتەكچىسىگە «ئەسلىم A ۋىلايىتىدىن، بەش يىل ئىلگىرى B ۋىلايىتىگە خىزمەت ئالماشتۇرۇپ كەلگەنمەن. ئائىلە كېلىپ چىقىشىم قول ھۈنەرۋەن...» دېگەندەك يېزىقلارنى قوندۇرۇۋاتاتتى. ئاڭغىچە مېھمان گەپ كەينىدىن گەپ تاشلاپ، ئۇنىڭ يۈگۈرۈك قەلىمىنى يېرىم يولدا توختاتتى.

— بىر ھېكايە يېزىپ باققانىدىم، ئۆزۈم A ۋىلايىتىدىن كەلگەن، — مېھمان قولىدىكى تۆرت كىلەنگەن يازمىنى ئېھتىرام بىلەن N ئەپەندىگە ئۇزاتقاچ ئۆزىنى تونۇشتۇردى، — ئانچە-مۇنچە قەغەز بوياپمۇ قويىمەن، زاكامدىن تەگكەن كېسەل ئىدى.

N ئەپەندى خۇش خۇيلۇقنى تېخىمۇ كەڭ كۈلەمدە جارى قىلىپ، مېھماننىڭ قولىدىكى ئورىگىنالنى ئالدى-دە، كۆزەينىكىنى تاقىدى. ئۇ ئەسەرنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقاندا، نېمىشقىدۇر مېھمان ئۇنىڭ چىرا-

يىغا تېگىرقاشتا سەپسېلىپ ئولتۇردى.

— ھىم، بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. مېنىڭچە بىر ئاز بوغسىڭىز، كېلەڭسىزرەك! — N ئەپەندى ئاخىر ئەدەب بىلەن ئىپادە بىلدۈردى. مېھمانمۇ تەۋەززۇ بىلەن ئۇنىڭ پىكرىگە قۇلاق سالدى. شۇ تەرىقىدە مېھمان ئەسىرىنى ئۈچ-تۆت قېتىم «بوغۇپ» ئەپكەلدى. بىراق N ئەپەندى ھەر قېتىمدا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— يەنە... ئازراق بوغامسىز، ھە! — دەيتتى.

ئاخىرقى قېتىم «بوغۇش»قا بۇيرۇلغاندا سالاپەتلىك مېھماننىڭ ئاۋازى گۈرۈلدەپ چىقتى:

— ھەي، سىزنىڭ ئىسمىڭ نەسىرىدىنما؟

— ھە... قانداق؟ — N ئەپەندى گاڭگىراپ قالدى.

— قەمىرىدىن سۈپۈرگىچىنىڭ ئوغلىمۇ سەن؟

— شۇ... سىز...؟

— نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئەجەب بىرىگە ئوخشايدۇ بۇ دەپ قارايمەنا، قارايمەن. تېخى بەش يىل ئىلگىرىلا مەھەللىدە داداڭ بىلەن سۈپۈرگە بوغۇپ يۈرەتتىڭغۇ؟ كېلىۋالغان يېرىڭنىڭ كاتتىلىقىنى قارا. «ئازراق بوغۇڭ، ئازراق بوغۇڭ»، سېنىڭ سۈپۈرگەڭمىدى بۇ بوغۇۋېرىدىغان. ئەكەل ھېكايەمنى!

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئىشكى جالاقىدە يېپىلىۋىدى، دېرىزىلەر جاڭىلداپ كەتتى. تالادا بوران چىقىۋاتامدىكىنە!

## ئۆزىنى تونۇشتۇرۇش

ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشى ئۈچۈن كۆپ سۆز لازىم ئەمەس. لېكىن، بەزىلەر مۇشۇنچىلىك ھەقىقەتنىمۇ چۈشەنمەيدۇ.

دوقمۇشتا، ئەمدىلا تە-تەگە ماڭغان قىزىمنى ئويناتقاچ ئۆتكەن-كەچكەنگە قاراپ تۇرغانىدىم، ئۇدۇلىمىزدىكى بىناغا كۆچۈپ كەلگەن يېڭى قوشنا، ئۇزۇنتۇرا كەلگەن چارباش ئادەم سەل دۈمچىيىپ مېڭىپ يولدىن ئۆتۈپ قالدى. قوشنىدارچىلىق ۋە چوڭلۇق ھۆرمىتى تۈپەيلى ئۇنىڭغا ئالدىراپ سالام قىلدىم.

— ۋەئەلەيكۇم، ھە، خوتۇن خەقنىڭ ئىشىنى قىلىپ تۇرۇپ كەتتىڭىز؟ — ئۇزۇنتۇرا قوشنام بېشىنى يانغا تاشلاپ، مەن بىلەن شۇ تەرىقىدە سالاملاشتى-دە، ئۆتۈپ كەتتى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ گېپىگە كۈلگۈم كەلدى. ھەتتا زەردىلىك كۈلكەمنى سىرتقا چىقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدىم. ھېلىمۇ ياخشى، كوچىدا ئىككىنىلىكىم دەررۇ يادىمغا كەپقالغانىدى. ئاڭغىچە يەتتە-سەككىز قەدەم نېرىدىكى ياغاچتىن ياسالغان بوتكا دۇكان ئالدىدا ھازىرلا مەن بىلەن پاراڭلاشقان ئادەمنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى:

— ۋەئەلەيكۇم، ھە، سول پۇتىڭىزنى لىكىلدىتىپ ئولتۇرۇپ كەتتىڭىز؟

شارتتىدە بۇرۇلۇپ قارىغۇدەك بولسام، ئاغرىق سەۋەبىدىن ياشلا پېنسىيىگە چىقىۋېلىپ ئاشۇ دۇكاننى ئېچىۋالغان مۇنىرىدىنكام دۇكان ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا پۇتلىرىنى ئالماپ ئولتۇرغانىكەن.

ئەتىسمۇ، ئۆگۈنىمۇ ئىشقىلىپ، چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا ئايالىم قاپاقلىرى چۈشكەن ھالدا ئۆيگە كىرىپلا قايناپ كەتتى:

— ئاۋۇ، ئۇدۇل بىناغا يېڭى كۆچۈپ كەلگەن ئادەم ساراڭمۇ نېمە؟

— قايسى ئادەم ئۇ؟ — ئاللىقاچان كۆڭلۈم تۈيغان بولسىمۇ، ئەتەي سورىدىم.

— ئۇۋۋاش، ئاۋۇچۇ، ئۇزۇنتۇرا، سەل دۈمچىيىپ ماڭىدىغان سىبرىق ئادەم.

— ھە، نېمە بوپتۇ ئۇنىڭغا؟

— نېمە بولاتتى، ئىشتىن قايتىپ دوقمۇشقا كەلسەم قورۇسىدىن چىقىۋېتىپتىكەن، چوڭ ئادەم دەپ سالام قىلسام غەلىتە بىر ھىجىيىپ «ھە، كالتەككىنە يوپكىنى كىيىپ قايتتىڭىز؟» دېمەمدا...

كۆلۈپ تېلىقىپ كەتتىم. مەن كۆلگەنسېرى ئايالىم چېكە تىكىدەك سەكرەپ تېرىكمەتە ئىدى.

دەل شۇ كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ئۇدۇل قوشنام ئىككىمىز بوتكا دۇكان ئالدىدا دوقۇرۇشۇپ قالدۇق. مەن ئاچچىقسۇغا. ئۇ تاماكىغا چىققانىكەنمىز.

— ھە، يەنە خوتۇن خەقنىڭ ئىشىنى قىلىپ يۈردىڭىز؟ — قوشنام قولۇمدىكى بوتۇلكىغا قاراپ ھىجايدى. مەنمۇ ئۇنىڭ گەپ قىلىشىنىلا كۈتۈپ تۇراتتىم.

— ئۆزىڭىزچۇ، — دېدىم مەن كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇچرىغانلا ئادەمگە لاۋزا پاراڭ قىلىپ يۈرىۋەردىڭىز؟

ئۇدۇل قوشنام بىنەملىكتە كېلە كۆرگەن ئادەمدەك چەكچىيىپ تۇرۇپلا قالدى.

مەسئۇل مۇھەررىر **ئالىمجان ئىسمائىل**

(بېشى 129-بەتتە)

ساناق ساناۋاتقان قوللىرى تالدىمۇ قانداق، ئېچىلماي ھېساب يەنە بۇزۇلدى. ئاۋۇت ئىختىيارسىز ھالدا ئوڭ قولى بىلەن ئېچىلىپ-يېپىلىپ كېتىۋاتقان سول قولىنىڭ ئىككى بارمىقىنى بېسىپ تۇرۇپ ھېسابلاشقا كىرىشتى، بىر مىڭ بەش يۈز سەكسەن بەش كويغا بىر مىڭ ئۈچ يۈز كوينى قوشساق جەمئىي، ئىم، ۋايجان...

ئاۋۇت ئەندىككەن ھالدا رولغا يېپىشتى. ماشىنا يولدىن چىقىپ ئىككى مېتىر پەس بىر جايغا — يەنە كېلىپ يامغۇر سۈيى توختاپ قالغان بىر ئويمانلىققا قاراپ ئاغدۇرۇلماقتا ئىدى. ئەمەتنىڭ پۇتىنى ئېغىر بىر نەرسە باسقاندەك بولدى. ئۇ شۇ تاپتا بۇ ئاغرىقنىمۇ سەزمەس ئىدى. ئۇنىڭ خىيالىغا پەقەت نېمە بولمىسۇن باجخانا، بازار باشقۇرۇش دېگەنلەر كەلمىسە ئىدى، دېگەن ئوي كەلدى. ناۋادا ئۇلار كېلىدىغان بولسا، ئىشىنىڭ تۈگەشكىنى شۇ بەش مىڭ كويلۇق ئوغۇت — ئۇلارنىڭ مۇسادىرىسىگە ئايلانغاندىن سىرت، يەنە تېخى ھەسسىلەپ جەرىمانە تۆلەيدىغان، ھەتتا قانۇن ئالدىدا تۇنۇگۈنكىنى دەيمۇ، بۈگۈنكىنى دەيمۇ دەپ تۈگىشىپ بولالمايدىغان گەپ.

ئۇ شۇلارنى ئويلىغاچ ئوغۇت خالتىلىرىنىڭ ئاستىغا بېسىلىپ قالغان پۇتىنى چىقىرىش ئۈچۈن كۈچەپ ھەرىكەت قىلاتتى. ئاۋۇت بولسا كېپىنكىدىن قاڭقىپ چىققىنىچە توختام سۇغا بېشىچە چۈشكەن ۋە پۇتۇن بەدىنى پاتقاققا مىلەنگەنلىكتىن ئادەم سىياقى قالمىغانىدى. ئۇ ئۆرۈلۈپ كوزۇپنىڭ ئىككىلا تەرىپى چېقىلىپ كەتكەن ماشىنىسىغا قاراپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى-دە، نېمە قىلارىنى بىلمەي قولىغا قارىدى. ئۇنىڭ ئون بارمىقى بىر نەرسىنى ھېسابلاۋاتقاندەك بىر ئېچىلىپ، بىر يېپىلىپ توختىماي ھەرىكەت قىلىپ تۇرماقتا ئىدى...

مەسئۇل مۇھەررىر **ئالىمجان ئىسمائىل**

# ئايدىڭ كېچە



**غالىپ قۇربان**

( ھېكايە )

تولۇن ئاينىڭ كۈمۈش رەڭ نۇرى ئۆينىڭ پەنجىرىسىدىن ئېقىپ كىرىپ، كاڭ ئۈستىدە سوزۇلۇپ ياتقان كىچىككىنە بالا بىلەن ئۇنىڭ بېشىدا بىر پۇتى بىلەن يۈكۈنۈپ، يەنە بىر پۇتىنىڭ تىزىغا ئېڭىكىنى قويۇۋالغان ۋىجىك مومايىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. موماي گۈللۈك كۆك كاجىدىن تىكىلگەن كۆڭلەك كىيگەن بولۇپ، بېشىغا ئارتىۋالغان ئاق داكا ياغلىقنىڭ تېگىدىن ئاپئاق چېچى چىقىپ تۇراتتى. موماي تولۇن ئايغا قاراپ ئۇزاققىچە خىيال سۈردى.

— ئەجەب بەلەن كېچە بولدى بۈگۈن...

موماي ئايدىن كۆزىنى ئېلىپ، نەۋرىسىنىڭ سەبىي، غەمسىز چىرايىغا تىكتى. ئاندىن تارىشىدەك ئورۇق، كۆپكۈك تومۇرلىرى كۆپۈپ چىقىپ تۇرغان قوللىرى بىلەن نەۋرىسىنىڭ پېشانىسىنى سىلىدى ۋە پاكىز چىت يوتقانىنى ھىملاپ قويۇپ، تىزىنى قۇچاقلىغىنىچە قاپقارا ئىس كۆتۈرۈلۈۋاتقان جىنچىراغقا تىكىلدى.

— خېنىم بالام ئاسىگۈل، ياتقان يېرىڭ جەننەتتە بولسۇن، ئەمدىلا يىگىرمە ياشىڭنىڭ قارىسىنى ئالغانىدىڭ. مېنى تۆگ-مەس قايغۇغا، بالاڭنى ئانىسىزلىق، يېتىملىك دوزىخىغا تاشلاپ قويۇپ كەتتىڭغۇ، ئاخىر...

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئاۋازى بارا-بارا پەسلەپ كەتتى. كېيىن چىراغنىڭ سېرىق يالقۇنىغا تىكىلىپ، نەچچە يىلدىن بېرى ئۆكسۈتمەي داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئاچچىق ئەمما ئۇنتۇلماس خىيالىنى تېپىۋالدى.

— ئەجەب بەرنا ئىدىڭ شۇ چاغلاردا خېنىم بالام... تۇرسۇنجانمۇ يېتىم بالا بولغان بىلەن ئوبدانلا چوڭ بولغان بالا ئىدى. ئۆزۈڭ ئاشۇنى تاللىغاندىكىن ئۇنىڭغا بەرگەن بولسام، ئۆيىمىزگە بالچىلاپ كىرىپ پۇتىمىزغا پۇت، قولىمىزغا قول بولاتتى ئەمەسمۇ؟ نېمشقا بۇ ئەقىل شۇ چاغلاردا كاللامغا كەلمىگەن بولغىيدى-ھە؟ خېنىم بالام...

مومايىنىڭ كۆز ئالدىغا سىبكىلەكلىرى قوشۇما قاشلىرىغىچە چۈشۈرۈلگەن، زىلۋا بەدەن قىزى ئاسىگۈل كەلدى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى خىيالىي قىزنى ئېنىق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ قارىدى. ئەمما، بۇ چاغدا قىزنىڭ ئوبرازى يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مەھەللىدىكى قارا يېتىم-- تۇرسۇننىڭ ئەلچىلىرى كەلگەن كۈن كەلدى.

— شۇ چاغدا ھاشىم ئىمامۇ ياخشى گەپ قىلغانىدى-ھە؟...

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بومبا ساقال ئىمامنىڭ بۈركۈتتەك كۆزلىرى نۇرلىنىشقا باشلىدى.

— ياق دېمىسلە زورىخان، تۇرسۇنجان ئوبدان بالا بولدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەت بار، مۇھەببەتنى ئۇلۇغلاش كېرەك. بۇ توغرىدا مەشھۇر دانالىرىمىزمۇ ناھايىتى ئۇلۇغ ھېكمەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئىككىسى بىر-بىرىگە كۆڭۈل بېرىشكەنىكەن، قوشۇلۇشىمىز كېرەك. بۇنى بىرىنچىدىن ئاللا راۋا كۆرىدۇ، ئىككىنچىدىن ھۆكۈمەت قوللايدۇ...

— ئوغۇ شۇنداق ئىمام ئاخۇنۇم، لېكىن بالىنى پۈتۈشۈپ قويغان يەر بار ئىدى.

— ئۇقۇپ قالساق بولامدىكىن، — دەپ سورىدى ئىمام ئاخۇنۇم ئۈمىدسىز ئاۋاز بىلەن، — قىزلىرىنىڭ لايىقى كىمكىن؟

— قىزىمنىڭ لايىقى، — دەپ جاۋاب بەردى زورىخان بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — ئىنىم قادىراخۇننىڭ ئوغلى ئابلىمىت.

ئەلچىلەر كەتتى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئاسىگۈل ئەتىگىنى كۆزلىرى يىغىدىن قىزار-غان ھالدا ئورنىدىن تۇرىدىغان بولدى. زورىخان ئۆزى چېپىپ يۈرۈپ ئىنىسى بىلەن بىرلىكتە ھەممە نەرسىنى تەل قىلدى ۋە توينى قۇتلۇق قۇربان ھېيتنىڭ ئۈچىنچى كۈنىگە توغرىلىدى. قۇربان ھېيتقا بىرەر ئايچە قالغاندا ئاسىگۈل بىر نەچچە كېچە تويۇقسىز يوقاپ كەتتى. ئەمما، زورىخان بۇ ئىشلارنى داۋراڭ قىلىپ يۈرمىدى.

— شۇ چاغدىلا تۇرغۇنجاننى ئاپىرىدە قىلىپ بولۇپتىكەنسەن-دە، خېنىم بالام، — دېدى ئۇ ئۇزخلاپ ياتقان ئۈچ ياشلاردىكى نەۋرىسىگە زوقلىنىپ قاراپ.

— توينىمۇ قىلدۇق. ئىنىم بىلەن ھەم قېرىنداش، ھەم قۇدا بولدۇق. ئەمما، ئاخىر نېمە بولدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئىنىم قىزىمنى ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ، بوغجو-مىسنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ ئەكىلىپ قويۇپ كەتتى، —زورىخان ئىچىگە ئۇھ تارتتى،

ئاندىن ئىنسىنىڭ مۇنۇ گېپىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

— ئاچا، قىزىڭ ئوبدان بالا ئىدى. ئەمما، ئۇنى قايسى شەيتان ئازدۇردىكىن، ئىپپىتىنى يوقىتىپتۇ. بۇنى ئۆزىمۇ ئىقرار قىلدى. ئوغلۇم زادى ئەمرىگە ئېلىشقا ئۇنىمىدى. نېمىلا قىلغان بىلەن ئۇمۇ بىر ئەركەكتە ئاخىر...

— ئىست، تويدىن ئىككى كۈن ئىلگىرى تۇرسۇنجان يوقاپ كەتمىگەن بولسا، ئەكىلىپ قويغان كۈنى ئۇنىڭغا قوشۇپ قوياتتىم. نېمىشقىمۇ چىقىپ كەتكەن بولغىيدىڭ يۇرتتىن غوجام بالام...— ئۇ كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن كۆزلىرىدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان ئاچچىق ياشلىرىنى سۈرتتى ۋە ئۆزىگە پەس ئاۋاز بىلەن شىۋىرلىدى، — نېمىشقىمۇ بەرگەن بولغىيدىم ئۇ بۇقا مىجەزگە، دادۋيجاڭنىڭ ئۆيىدە تۇرسا ئوبدانراق كۈن كۆرەمدىكىن دەپتىمەن بالامنى، ئىست، ئىست، نېمىشقىمۇ نادانلىق قىلدىم-ھە!...

ئۇنىڭ خىيالىغا، دادۋيجاڭنىڭ ئوغلى ئۆچۈن كەلگەن ئەلچىلەر كەلگەنىدى. بۇ ئاسىگۈل يەڭگىپ بىر يىلدىن كېيىنكى ئەتىياز كۈنلىرى ئىدى.

— ئۆزلىرى بىلىلا، دادۋيجاڭنىڭ ئوغلى ناھايىتى ياخشى بالا بولدى، لېكىن ئۇنىڭ خوتۇندىن تەلىيى چىقمىدى. ئەمدى ئۇ بالا ئاسىگۈلنى ماڭا بەرسە، تۇرغۇنجانغا ياخشى دادا بولسام دەيدۇ. قېنى ئۆزلىرى ئويلىنىپ بىر نېمە دېگەن بولسىلا، — دەپ گەپ باشلىدى دادۋي بوغالتىرىنىڭ خام سېمىز ئايالى خىرقىراق ئاۋاز بىلەن.

— بۇغۇ ياخشى ئىش بوپتۇ، — دېدى زورىخان خېلى ئويلىنىشتىن كېيىن، ئەمدى مەن قىزىم ئاسىگۈل بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بېقىپ، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن جاۋاب بەرسەم.

ئاسىگۈل ئاپىسىنىڭ مەسلىھىتىگە ئۈن-تىنسىز قوشۇلدى. ئۇنىڭدىمۇ نېمە ئامال. تۇرسۇن مەھەللىدە بولمىسا، قاچانغىچە بالا قۇچاقلاپ تۇل ئولتۇرىدۇ. قاچانغىچە كىشىلەرنىڭ ئاھانىتىگە چىداپ يۈرىدۇ. ئاخىر ئۇلار شاۋقۇن-سۈرەنسىز ھالدا توي قىلدى. تۇرلۇك رەسمىيەتلەردىن كېيىن ئاسىگۈل دادۋيجاڭنىڭ قورۇسىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى ھۇجرىغا خوجايىن بولدى. كېيىنكى كۈنلەر تۆت ئايدا تۆت قېتىم ياماندلاپ كېلىش ۋە ياغلىما گەپلەرگە ئالدىنىش بىلەن ئۆتتى. ئۇلار ئۆي تۇتۇپ بەش ئايدىن كېيىن — جىددىي قوناق يىغىمى باشلانغان چاغدا — ئاسىگۈل بەشىنچى قېتىم ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۆزى ئەمەس، جەسىتى قايتىپ كەلگەنىدى. زورىخان ئۇنى يىغلاپ-قاقشاپ، ياقا يىرتىپ قارشى ئالدى.

يەرلىكگە قويۇشتىن ئىلگىرى، جەسەت يۇيىدىغان بۇۋىلەر جەسەت قويۇلغان ئۆيدىن رەڭگىرويى تاتارغان ھالدا يۈگۈرۈپ چىقىپ چۇقان كۆتۈردى. چۈنكى، ئاسىگۈلنىڭ پۈتۈن بەدىنى كۆكلەر، يارىلار بىلەن تۇشۇپ كەتكەن، ئىككى كۆكسى تىلىنغاندى. ئالىقانچىلىك مەھەللىگە بۇ چۇقاننىڭ ئەكس ساداسى بىردەمدىلا تارقىلىپ كەتتى. ئەمما، دادۋيجاڭنىڭ خۇشامەتچى قۇيرۇقچىلىرىنىڭ پالاقلىشى بىلەن بۇ چۇقان ئاسىگۈلگە قوشۇلۇپ قارا يەرگە دەپنە

uyghurkitap.com



قىلىۋېتىلدى.

قىرقى نەزىردىن كېيىن زورىخان مەھەللىدىكى مۇئەللىم يېزىپ بەرگەن ئەرزنى كۆتۈرۈپ، قىرى ھاكىمغا ئىشكىنگە مىنىپ، قىزىنىڭ تەۋەررۇكى بولغان نەۋرە-سى تۇرغۇنجاننى باغرىغا بېسىپ ناھىيىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ ناھىيىگە بېرىپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئۆگۈنى ھەيۋەتلىك قاسقان شەپكە، كۆك كىيىم كىيگەن كىشىلەر چىقىپ قەبرىنى ئېچىپ تەكشۈرىمىز دەپ داۋراڭ سالدى. ئەمما، يەنە شۇ دادۇيجاڭ ئۇلارنى ئىككىنچى چىقماس قىلىپ ناھىيىگە يولغا سېلىپ قويدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي دادۇيجاڭنىڭ تەكەببۇر ئوغلى يۇقىرىقى مەھەللىدىن يەنە بىر قىزنى ئەپكەلدى...

ئۇ كۆزلىرىدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتۈپ، قىزىنىڭ بوغجۇمىسى ئارىسىدىن تۇرسۇن بىلەن ئاسكۇل ياندۇ-شىپ چۈشكەن سۈرەتنى چىقاردى ۋە چىراغقا تۇتۇپ ئۇزاق قارىدى. كېيىن ئېغىر تىنىپ نەۋرىسىگە سەپسالدى.

— ئەجەب ئوخشايدۇ-ھە بۇ بالا دادىسىغا. خۇددى قۇيۇپ قويغاندەكلا. ھەي، تۇرسۇنجان، نەلەردە يۈرىدىغانسەن غوجام بالام؟ بالاڭنى كۆرگۈك كەلمىگەنمىدۇ. بىر كەلگەن بولساڭ سېنى كۆرۈپ ئاسكۇل-نى كۆرگەندەك بولاتتىم ئۇلاھىم، نېمىشقىمۇ نادانلىق قىلغاندىمەن شۇ چاغدا. ئاسكۇل ئۆزى تاللىغان لايىقىغا تەگكەن بولسا، بۇ چاقچىچە ھايات بولغان بولاتتىكەن. مەيلى، بۇمۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولغان ئىش. يەيدىغان رىزقى شۇنچىلىككەن، نېملا قىلغان بىلەن تۇرغۇنجاننى تەۋەررۇك قىلىپ قويۇپ كەتتى. شۇ گۇناھسىز بالىنى بېقىپ قاتارغا قوشسام، قىزىم ئالدىدىكى گۇناھىم يۇيۇلۇپ قالار بەلكىم...

ئۇ ئۈنسىز يىغلاشقا باشلىدى. جىنچىراغمۇ ئۆچۈپ قالدى. ئۇ قولىدىكى رەسىمنى نەۋرىسىنىڭ تەكىيىسى ئۈستىگە قويۇپ، تىلىپ كەتكەن يۈتلىرىنى ئۇزۇن سۈنۈپ مۈجۈدى، ئاندىن نەۋرىسىنىڭ يېنىغا يانپاش-لاپ ئايەت ئوقۇغاندەك تەكرار-تەكرار پىچىرلىدى:

— نېمىشقىمۇ نادانلىق قىلغاندىمەن، ئاسكۇلنى ساڭا بەرسەم بوپتىكەن غوجام بالام...

ئۆي ئىچى گۆرىستان جىملىقىغا چۆمدى. تولۇن ئاينىڭ تالا-تالا كۈمۈش نۇرلىرى ئۆينىڭ كىچىككىنە پەنجىرىسىدىن ئېقىپ كىرىپ كاڭدا سوزۇلۇپ ياتقان بىر ئۇزۇن، بىر قىسقا گەۋدىنى ئاپئاق نۇرغا پۈركىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

ئەخەت ھاشىم

# ئىككى مەسەل

## ئۆگزىگە چىقىۋالغان ئىت

بىر ئادەمنىڭ خېلىدىن بۇيان بېقىپ كېلىۋاتقان بىر ئىتى بار ئىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپ بۇ ئادەم ئولتۇرۇۋاتقان مەھەللىدىكى كونا ئۆيلەر چېقىلىپ، ئورنىغا زامانىۋى ئېگىز بىنالار سېلىنىپتۇ-دە، بۇ ئادەمگە يىگىرمىنچى-قەۋەتتىن ئۆي تېگىپتۇ. بۇ ئادەم پەسكىمۇ چۈشمەس بولۇپ بۇرۇنقىدەك ئىتنى ئەگەشتۈرۈپ كوچىلارنى ئايلىنىپ يۈرۈشتىنمۇ قاپتۇ. ئىتمۇ سىرتقا چىقماس بوپتۇ. بۇ ئادەمنىڭ ئىتقا ئىچى ئاغرىدىمۇ ياكى ھاۋالىق، كەڭتاشا دەپ ئويلىدىمۇ ئۆگزىگە كىچىككىنە بىر ئۇۋا ياساپ ئىتنى ئۆگزىگە ئەپچىقىپ قويۇپتۇ. بۇ ئىت ئۆگزىدە پۈتۈن شەھەرنى تاماشا قىلىپ خالىغانچە ئۇياقتىن بۇياققا چېپىپ يۈرىدىكەن. ھېرىپ قالسا ئۇۋىسىغا كىرىپ ياتىدىكەن. ئىت بەكمۇ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ: ئىسىت، ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۈمگە! بۇرۇنراق مۇشۇنداق ئېسىل يەردە ياشىغان بولسامچۇ، بىر ئوبدانلا راھەتكە چىقىپ قالدىم. ئەمدى مەن ئۆزۈمنى ئىت دېمىسەممۇ بولغۇدەك. چۈنكى، ئىت دېگەن ئاۋۇ پەستە، ئەسكى تام تۈۋىلىرىدە ياشايدۇ. قايسى ئىت مەندەك مۇنداق ئېگىز، ھەيۋەتلىك ئۆگزىدە ياشا-ۋېتىپتۇ؟ بولدى، بۈگۈندىن باشلاپ ئىت دېگەن ئىسمىنى ئۆچۈرۈۋېتىمەن. قېنى، ئەمدى مېنى بىرى ئىت دەپ باقسۇن-چۇ!...

ئۇ مۇشۇلارنى ئويلىغانسېرى خۇشاللىقتىن تېرىسىگە سىغماي قاپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، بىر كۈنى بىناغا قارايدىغان بىر بوۋاي بىر ئىش بىلەن نەۋرىسىنى ئېلىپ ئۆگزىگە چىقىپ قاپتۇ-دە، ئىتنى كۆرۈپ:

— ۋاھ، بۇ يەردە ئىت بارئىكەن ئەمەسمۇ! يۈرە ئوغلۇم كۆرۈپ باقايلى، — دەپ ئىتقا يېقىنلاپ كەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىتنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپتۇ:

— مەن نەدىكى ئىت ئىكەنمەن؟ قاراپ تۇرۇپ مېنى ئىت دەۋاتقىنىنى!

— سەن ئىت بولماي نېمىدىڭ؟ — دەپتۇ بوۋاي ھەيران بولۇپ.

— ئىت دېگەن يەردە بولمامدۇ،

www.uyghurkitap.com



مېنىڭ ئۆگزىدە — يىگىرمە قەۋەت ئۆينىڭ ئۈستىدە تۇرغىنىمنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ ئىت تېخىمۇ چالۋاقاپ.

بوۋاي مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ قويۇپ دەپتۇ:

— ھەي كالۋا، ئۆزۈڭچە ئۆگزىگە چىقىۋالدىم دەپ كۆرەڭلەپ كېتىۋاتامسەن؟ بىلىپ قوي، ھېلىقى ئۆگزىگە چىقىۋاپسەن، ئاسمانغا چىقىۋالساڭمۇ سەن باشقا نەرسە ئەمەس، يەنىلا ئىت!

## گالدىن ئىلىۋېلىش

بىر ئادەمنىڭ قوشنىسى كەپتەرۋاز ئىكەن. ئۇ قوشنىسىنىڭ ھەر كۈنى كەپتەر ئۇچۇرۇشلىرىنى، كەپتەرلەرنىڭ چىرايلىق موللاق ئېتىشلىرىنى كۆرۈپ ئۇنىڭمۇ كەپتەر باققۇسى كېلىپ قاپتۇ. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆگزىسىگە چىرايلىق كەپتەرخانا ياساپتۇ. خېلى قىممەت باھالىق كەپتەرلەردىن ئون-يىگىرمىنى سېتىۋېلىپ بېقىپتۇ. بىرەر ئاي ئوبدان باققاندىن كېيىن ئۇچۇرۇپ باقاي دەپ ئۇچۇرغانىكەن، بەزىلىرى ئۇچماي يېتىۋاپتۇ، بەزىلىرى ئۇچقان پېتى يېنىپ كەلمەپتۇ. ئاخىر بۇ ئادەم تېرىكىپ كەپتەرۋاز قوشنىسىدىن سوراپتۇ:

— بۇرادەر، سېنىڭ كەپتەرلىرىڭ بەكمۇ گەپ ئاڭلايدىكەن. ئۇچۇرساڭ ئۇچىدىكەن، قېچىپ كەتمەيدىكەن، قاپاقنى شالدىرلاتساڭ ھەممىسى دەرھال ئۆگزەڭگە چۈشىدىكەن. مېنىڭ ئۇنداق بولمىدى. ئالغان كەپتەرلىرىمنىڭ تەڭدىن تولىسى قېچىپ بولدى. زادىلا گېپىمنى ئاڭلىمايدىغۇ؟

— كەپتەر بېقىشنى بىلمەيدىغان ئوخشايسەن، ئاغىنە، — دەپتۇ قوشنىسى.

— ياق، ناھايىتى ئوبدان باقتىم، قىممەت، ئوبدان دانلارنى تويغۇچە بەردىم. كەپتەرلىرىمنىڭ سەمرىپ كەتكىنىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

— مەنمۇ شۇنى دەۋاتىمەن. كەپتەر دېگەننى قورسىقىنى ئوبدان باقسىلا باققان بولمايدۇ. گالدىن ئىلىۋېلىشنى بىلىش كېرەك!

— گالدىن ئىلىۋېلىش دېگەن نېمە گەپ؟

— كەپتەرلىرىڭنى بەك تويغۇزۇپمۇ ئەتمەي، ئاچتىن ئۆلۈپمۇ قالمايدىغان قىلىپ باقساڭ ساڭا تەلمۈرۈپ تۇرىدىغان، پىرقىراپ ئەتراپىڭدىن كېتەلمەيدىغان بولىدۇ. گالدىن ئىلىۋېلىش دېگەن شۇ.

— ھە... مۇنداقمۇ ئىش بار دېگىنە، مەن بۇ تەرەپلىرىنى ئويلىماپتىمەن.

— بۇرادەر، شۇ نەرسە ئېسىڭدىن چىقمىسۇنكى، يالغۇز كەپتەرنىلا ئەمەس، بەلكى ھەر قانداق جانىۋارنى گېلىدىن ئىلىۋالمىساڭ بوي بەرمەيدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل

ئابلكم خېۋر

# نىم پەدە

(باللادا)

(مەشھۇر چالغۇچى، كومپوزىتور ھۇسەنجان جامىگە ھۇرمەت بىلەن بېغشلايمەن)

## 1. ئىلتىجا

ئەجەمگە، كوردقا چەككن ناخۇنۇڭنى،
يۆنكمە، يۆتكەپ سالما نىمپەدىگە.
تەمبۇردا يېڭى دۇنيا ئاچقان ئۇستاز،
كۇلمگىن مەستانەڭنىڭ تەلپىگە.

نىمپەدە، نىمەپەدە، قانداق پەدە،
ياشامدۇ يۇرەك سۇ بوپ ئاققان يەردە؟
ياشامدۇ سۆڭەكلەرنى ئۇن ئەتكۇچى
ياغىچاق غەزىنكدە، تۇگمەنلەردە؟

مەن بىلەن قېرىشقاندەك ناخۇنۇڭنى
يۆتكىدىڭ ئاخىر ئۇستاز نىمپەدىگە.
يۇرىكىم سۇ بولدۇ دېمىدىمۇ،
قويمىدىڭ ئۇلپىتىڭنى ئۆز ھەددىگە.

ئەۋجىگە كۆتەردىڭ-دە نىمپەدىنى،
تىرىلدى كۆز ئالدىمدا بىرقارا كۆز.
تىرىلدى ئۇتتا كۆيگەن ئارمانلىرىم،
تىرىلدى ساقىغان بىر زىبا يۇلتۇز.

تىرىلدى شۇنچە قىسقا كەلگەن ۋىسال،
جۇدالىق، ئاھ يوقىتىش پايانى يوق.
ئۇ كەتتى ماڭا قويۇپ پۇتمەس خىيال،
قىسمەت بار، تىلسىم قىسمەت، بايانى يوق.

ناخۇننى قىللاندۇرۇپ چېكىشىڭدىن
ئاڭلىدىم شۇ زىبانىڭ تىنىقىنى.
تارلارنى چەكسەڭ ئۇستاز ئويىنغاندەك
بولدۇم مەن جانانەمنىڭ زىنقىنى.

ناخۇننىڭ تار ئۇستىدە تىل يۆتكىشى
زىبانىڭ يۇلقۇنۇشى، تولغىنىشى.
نىمپەدە شۇنىڭ ئۇچۇن يارالغانمۇ؟
يا ئۇنىڭ ناخۇنۇڭدىن تۆكۈلۇشى؟!

سابادەك قىلىقلىنىپ، خۇش كۇلۇشلەر
يالقۇنلۇق نەپەسلەرنىڭ كۆيدۇرۇشى.
ناخشىدەك شوخ دولقۇنلۇق كۆكرەكلەرنىڭ
گاھىدا كۆتۇرۇلۇپ، گاھ چۇشۇشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەسلىمە، سېغىنىشلار تارام-تارام
سۇلاردەك ياسىغاندا ئەزىم دەريا.
دەريادەك مەۋج ئۇرغان ناخشىلىرىم
غوللاردا ئىسيان ياساپ ئاقار گويا.

ئەي ئۇستاز، بارماقلىرىڭ تالدى بولغاي،
كاسەگە شاراب قۇيدۇم، كۆتەر قېنى.
ساز دېگەن شەيتاننى كىم ياراتقاندۇ؟
كىم ئىجاد ئەتكەندۇر شۇ نىمپەدىنى؟

بىلسەمدىم، قەبرىسىنى چۇۋۇپ ئۇنىڭ
قۇرۇغان سۆڭىكىنى قارغاپ باقسام؛
ۋە ئاندىن سۆڭىكىگە سەجدە قىلىپ،
ياش تۆكسەم ياقا تۇتۇپ، ساۋاب تاپسام؛

لاي ئېتىپ توپىسىدىن پىشىم بىلەن
«نىمپەدە» دېگەن خەتنى تىزىپ چىقسام؛
زىبانىڭ قەبرىسىگە ئاشۇ خەتنى
مەڭگۈلۈك، تا مەڭگۈلۈك ئېسىپ قويسام.

ئەي ئۇستاز، نىمپەدىنىڭ سېھرىي كۈچى
سەن بىلەن ياشاپ كەپتۇ بۈگۈنگىچە.
قۇرۇغان سۆڭەك ئۈچۈن ئىچەيلى بىز،
ئىچەيلى سۆھبەت قۇرۇپ پۈتۈن كېچە.

## 2. مېنىڭ مەھەللەم

ئىككى تاغ ئارىسىدا تېرەن دەريا،
دەريانىڭ قىرغىقىدا مېنىڭ مەلەم.
تالزارلىق، جىگدىزارلىق، بۈك-بوستانلىق
چىمەنلىك بىر تەبىئي يېشىل گىلەم.

يىراقتا ھەرە چىشى تاغلار قات-قات،
سۇلىرى مەلىمىزنى يۇيۇپ ئۆتەر.
چوققىلار تاغ بېشىدا بادام دوپپا،
بۇلۇتلار گۈللىرىنى سۆيۈپ ئۆتەر.

تەبىئەت ئىشقا سېلىپ بار ھۈنەرنى
مەلەمگە جىق گۈزەللىك ئاتا قىلغان.
ئەلۋەك سۇ، كۆپ بۇلاقلار، مۇنبەت تۇپراق
بۇ يەرنىڭ ئامىتىنى قاتار قىلغان.

بىلمەيمەن، نېمىچۈنكى بۇ ئامەتنىڭ
ئىگىسى يالغۇز بىرلا نۇر بېگىمكەن.
شۇ بەگنىڭ قەھرىلىك بىر سۆزى بىلەن
سۇ توڭلاپ، باغقا ئۇششۇك تېگەر ئىكەن.

بىر ئۆمۈر كۈلۈپ ئۆتسەك دەيدىكەنمىز،
ئالەمگە كۈلۈش ئۈچۈن تۇغۇلغاندەك.
بۆلگۈچى بىزگە ئۇنى بۆلمەيدىكەن،
دەرىخا، ھېساب شۇنداق بوغۇلغاندەك.

يادىمدىن زادى كەتمەس ئاشۇ يىللار،
سۆزلىسەم ئەمدى گاراڭ ئاڭلانسىمۇ.
قەلبىمنىڭ تاملىرىدا جىق تۆشۈكلەر،
يارىسى پۈتەي، پۈتەي دەپ قالسىمۇ.

كەل ئۇستاز، ئۆتمۈش ئۈچۈن كۆتۈرەيلى،
ئۇ ئۆتمۈش مېنىڭ بىلەن ساڭا تالىق.
ئەۋلادلار كۆرمىسۇن-ھە، ھېچ كۆرمىسۇن،
ئۇنتۇلسۇن بۇردا نانغا ئاچ ۋە زارلىق.

قاچانكى تارلار بويلاپ تۆكۈلگەن مۇڭ
شەبنەمدەك دىل قېتىمغا تامغىنىدا؛

شەبنەملەر يىپچە-يىپچە كانالىلاردىن
چېنىمغا جانلار قوشۇپ ئاققىنىدا؛

ئۇيۇنكەش باللىقىم پەشنى قېقىپ،
بەختىباشلىق كوچىسىدىن كېتىپ قالغان.
جېدەلخور، سۇرەنچىلەر چىللىسىمۇ
بەرىگە خەير-خوشنى ئېيتىپ قالغان.

ئېخ، ھايات باشقىچە بىر جەزبەڭنى
يۈرىكىم شۇ مۆڭلاردىن بىلىپ قالدى.
مۆلك ئىچرە مۆكۈنگەن بىر ئالىي ئىستەك
كۆڭلۈمگە تاتلىق ئارمان سىڭىپ قالدى.

يادىمدا، باللىقتا تارتقان خارلىق،
تېنىمگە ئىسسىق بەرگەن سامانلىقلار.
ئاچ-زىرىن يۈرگىنىمدە كۆپ ئىنتىلگەن،
چۆرىسى ئەنجان تېمى، چىت ئېتىلگەن،
سۆڭگۈچى مەن پاتقۇدەك ئالمىلىقلار.

سورىساڭ سۇلار كىمنىڭ، باغلار كىمنىڭ،
يەر كىمنىڭ، يايلاق كىمنىڭ، تاغلار كىمنىڭ.
بەرىگە بىرلا جاۋاب ئاڭلىغايسەن،
ھەممىسى بىر ئادەمنىڭ — نۇر بېگىمنىڭ.

ھاۋادا ئۇچقان قۇشمۇ بېگىمنىڭمۇ؟
ئىگەڭ كىم، دەپ سوراردىم ئاي ۋە كۈندىن.
جىق سوئال قويار ئىدىم ئەنە شۇنداق
باللىق پىكىر قايتماس «نىمىچۈن» دىن.

مەن كىمگە ھېساب دېگەن قىيىن سوراق،
مېنى سوغ تەرگە نەچچە چىلاپ ئۆتكەن.
بۇ يەردە تۇغۇلدۇڭمۇ، نۇر بېگىمنىڭ
مۈلكىسەن، تەقدىر ساڭا شۇنى پۈتكەن.

تەقدىرنىڭ كۆزى قانچە، بىلگىنىم يوق،
يىگىت بوپ بىرەر قېتىم كۈلگىنىم يوق.
ئالمىلىق باغدىن كۈلكە ئۈزۈلمەيدۇ،
بىز ئۈچۈن پەلەك بىر كۈن تۈزەلمەيدۇ،
شادقىنا بىر كۈن ياياراپ يۈرگىنىم يوق.

ۋە لېكىن بىر نەرسە بار — ئۇ بىزگە خاس،
ئۇ بىزنىڭ ھەممە بىسات مال-مۈلكىمىز.
ئۇ بىزنىڭ ئارمانلارنىڭ جەۋھىرىدۇر،
دەردىمىز، كۆز يېشىمىز ھەم كۈلكىمىز.

مال-مۈلۈك بىساتىمىز ناخشا پەقەت،
ناخشىدۇر ئارمانلارنىڭ ئۇيۇتمىسى.
نۇر بېگىم ئۇنى يۇلۇپ ئالالمىدى
كەلسىمۇ يىلتىزىدىن قورۇتقۇسى.

دوزاختىن مېنى تارتقان شۇ ناخشىلار،
جەڭگىۋار سەپكە قاتقان شۇ ناخشىلار.
قەلبىمگە نۇر دەرياسى باشلاپ كىرگەن،
قىبلەمگە چىراغ ياققان شۇ ناخشىلار.

## 3. خىزىر بىلەن ئۈلپەت بولدۇم

بۇ جاڭگال قەدىم جاڭگال، سۇرلۇك جاڭگال،
ئايىغى كەڭ يېيىلغان قويۇق چاتقال.
باغلىدى تەقدىر مېنى شۇ جاڭگالغا،
ھايۋانلار دۇنياسىدا ئۆزۈم بىر تال.

سۆزلەشسەم ئىككى بولۇپ سۆزلىشمەن،
تاڭ ئاتماس كېچىلەردىن زېرىككەندە.
ناخشىغا غىڭشىپ-غىڭشىپ بېسىلىمەن،
ھايۋانىي تەقدىرىمدىن تېرىككەندە.

www.uyghurkitap.com

ئويغاتتى مېنى تاتلىق چۈش قويندىن
قوتاننى بېقىپ ياتقان ئىتلار قاۋاپ.
يۈگۈرۈپ سىرتقا چىقسام توۋلار بىر كىم:
— ئىتلارنى كەت دېسەڭچۇ، تۇرماي قاراپ!

كەينى يورۇتقاندا قارا چىراغ
كۆردۈمكى بىر مۇساپىر ئۆتكۈنچىنى.
ئېگىز بوي، كەڭ يەلكىلىك، چار ساقاللىق،
ئەللىك ياش پەملەپ قويدۇم كەلگۈچىنى.

قولدا تەمبۇرى بار،
قىلىپ نەغمە،
مىسكىنلىك كۆڭلىنى بىر ئالماقچىمۇ؟
خۇش بولدۇم، بېشىم كۆككە يېتەي دېدى،
بىر ياخشى ئىنسان كېلىپ قالغاچقىمۇ.

كەلگۈچى يامان نىيەت يۈككەن بولسا،
تەمبۇرنى ئېلىپ كەلمەس ئىدى بۇيان.
مۇلايىم كۆرۈنەتتى، ئىككى كۆزى
ھېچكىمدە يوق بىر نۇردا چاقنار ھامان.

قوي سويۇپ، كاۋاپ قىلدىم، گۈلخان يېقىپ،
تەمبۇرچى كەلگىنىگە مەرھابا، دەپ.
مەززىلىك تائام تېزلا بولدى تەييار،
تەمبۇرچى بىر ئوبدانلا قويغانتى يەپ.

بۇ كېچە قوي قوتنى — شاھ ئوردىسى،
ئوردىنىڭ مەئىشەتى قالغاي ئۇسساپ.
تەمبۇرنىڭ ئۈششاق تىلى چېقىپ كەتتى،
تەمبۇرچى توختىمىدى توۋلاپ-توۋلاپ.

تەمبۇردىن تۆكۈلگەن مۇڭ ئاز دېگەندەك،
تەمبۇرچى كۆزىدىنمۇ تۆكۈلەر ياش.
بەك ئاچچىق قىسمەتلەرنى سۆزلەر ناخشا،
قەلبىنى ئېزىپ ياتقان كەبى بىر تاش:

يىغلاپ قۇرۇدى كۆز ياش،
كەتتى نۇرىمۇ كۆزنىڭ.
قولغا ملتىق چىققاندا
كۆلكە نۆۋىتى بىزنىڭ.

تۈنجى رەت ئاڭلىدىم بىر ئوتلۇق ئاھاڭ،
ئۇ بولدى تا مەڭگۈلۈك ئۇلۇغ دەملەر.
ناۋايى، ھۆۋەيدانى ئېيتقاندىنمۇ
جىق ھۇزۇر بەردى ماڭا ئاشۇ گەپلەر.

— ئاڭلاپ قال، ئەي ئاقكۆڭۈل قويچى يىگىت،
ئاخىرقى بىر پەدىنى چېكىپ بېرەي.
كۆرسەتكەن ھىممىتىڭگە رەھمەت ئېيتىپ،
تاڭ بىلەن ئۆز يولۇمنى داۋام ئېتەي.

تولغىدى ھېسلىرىمنى ئەگىتمىلەر،
ئۆپكىدەپ كەتتىم نەچچە قېتىلدىم ھەم.
تەمبۇرچى مۇڭنى تۆكۈپ توگەتكەندە،
— كەتمەڭ، — دەپ قوللىرىغا ئېسىلدىم ھەم.

بۇ پەدە نېمە پەدە، دەپ سورىدىم،
ئۇ ماڭا خۇش ئېيتقاندا قىيالماستىن.
ئۇ دېدى: تەمبۇر ساڭا قالسۇن يىگىت.
ھۆكرىدىم ئايرىلىشقا چىدالماستىن.

ئۇ دېدى: ئەتە كەچتە قوتىنىڭغا
كېلىدۇ زەپ كېلىشكەن سەنچە يىگىت.
سەن سورا شۇ يىگىتتىن بۇ پەدىنى،
مۇبادا تەمبۇرنى ئۇ قالسا چېكىپ.

خىزىردەك گەپ قىلدۇ، خىزىر سۈپەت،
بولدۇمۇ بۇ كەچ خىزىر بىلەن ئۇلپەت؟!
ئۇ دېدى: كەلگەن يىگىت شۇ پەدىنىڭ
نامىنى ئېيتىپ بەرسە، ئېيتقىن رەھمەت.

ئۇ كەتتى، تەمبۇر قالدى بوپ ئامانەت،
ئاۋايلاپ ئاستىم ئۇنى بىر بۇلۇڭغا.
ئۇخلۇدۇمۇ، يا چۈشۈمۇ كۆرگەنلىرىم؟
ئۆتكۈزدۈم بىر كۈنۈمنى شۇنداق ئويدا.

كەچ كىردى، كۈن باش قويدى تاغ كەينىگە،
تەنھالىق تۇگەر ماڭا، بۈگۈن ئاخشام.
خىزىرنىڭ ئېيتقانلىرى روي بەرسە دەپ،
بەند ئىدى ئوي-خىيالىم، پىكرىم تامام.

نە يىگىت، يىگىت زىلۋا كەلمەس مۇنچە،
كېيىك كۆز، كىرپىكلىرى ئۇزۇن شۇنچە.
ئەدەبلىك سالام بىلەن كىرگۈچىنى
پەم ئەتتىم قىزغۇ، بۇ دەپ بىر كۆرگەنچە.

بېشىغا چۈمكەپ كېيگەن مالخىيمۇ
ياپالماي قاپتۇ ئۇزۇن چاچلىرىنى.
ئاۋازى تەمبۇردىن زىل، شۇنچە سۈزۈك،
قىز، دېدىم كۆرۈپ ئەگىم قاشلىرىنى.

يىگىت دەپ كۆرسەتكىنى تەمبۇرچىنىڭ
قىز بولسا، تەمبۇرچىنىڭ ئۆزى خىزىر.
نەچچە قات كېيۋالغان كىيىمدىنمۇ
قىز كۆكسى مانا مەن دەپ تۇرار ھازىر.

مېڭەمنى قوچۇپ ئۆتتى جىق تېپىشماق،
تاڭ بىلەن قوينى ھەيدەپ كەتتىم يىراق.

ئېھتىيات، يۈز ئېھتىيات، مىڭ ئېھتىيات،
گۇناھقۇ خىزىرلارنى خاپا قىلماق.

كەچ يانسام كەپەم باشقا ھۆسىن تاپقان،
پاكىزە ئادالانغان ھەممە قەۋەت.
ئىشەندىم: كەلگەن مېھمان يىگىت ئەمەس،
قولى گۈل، چىۋەر قىزغۇ پەرى سۈپەت.

ئۆتتى كۈن، ئۆتتى ھەپتە، ئۆتتى ئايلار،
مېھمانغا كۆرسەتتىم مەن شۇنچە ھۆرمەت.
ئۆز بويلۇق بىر قىز بىلەن مۇشۇنداقلا
ئۆتكۈزسەك كۈننى، تۈننى بولار بىدئەت.

قوزۇقتا ئېسىلغانچە تۇردى تەمبۇر،
مېھمانمۇ، مەنمۇ ئۇنى تۇتماي قويدۇق.
مېھمان بىر سوئال قويدى: سىز چالامسىز؟
— ياق، — دېدىم، — ئۇنى پەقەت چالار قوزۇق.

ئېچىلىپ كۈلدى مېھمان، مەنمۇ كۈلدۈم،
ئارىدىن يوقاپ بارار ياتسىراشلار.
ئورتاق تىل ئاستا-ئاستا كۆپەيگەنچە،
تارىيىپ بارىدىكەن دەز-ئاراشلار.

سۆھبەتكە ئاستا-ئاستا جان كىرگەندە،
ئۇ ئالدى قوزۇقتىكى سازنى شۇ چاغ.
بارماقتا ئىلدى ناخۇن خىزىر ئوخشاش،
تەمبۇرنى تەڭشەپ چىقتى بۇراپ قۇلاق.

خىزىرنىڭ ئېيتقانلىرى بىرمۇ بىر چىن،
يۈرىكىم قارت قىلغاندەك چىقتى قاپتىن.
مېھماننىڭ چەككىنىمۇ، ئاخىرقى رەت
خىزىرىم چالغان پەدە بولدى راستىن.

www.uyghurkitap.com

بۇ پەدە بەردى ماڭا ئالتۇن قانات،
بۇلۇتلار قاتلىمىدا قىلدىم پەرۋاز.
خىزىرنىڭ ئۇستىسى بۇ مېھمانمۇ-يا،
كۆڭلۈمدە پەيدا بولدى شۇنداق قىياس.

سورىدىم: چەككىنىڭىز نىمە پەدە،
نىمپەدە، توغرىراقى نىمە پەدە!
ھېچكىممۇ بىرەلمىگەچ توغرا جاۋاب،
ئاتىلىپ كەلگەن ئىكەن بۇ نىمپەدە.

رەببەنا، شۇنداق ئۇلۇغ بىر پەدىگە
ئىجادكار قويالماپتۇ ئەجەب بىر نام؟!
بولدىلا، بىلمەي قوياي باشقىسىنى،
پاھ، ئەمدى ئاۋاتلاشقاي كونا قوتان.

## 4. ئاسماندىن چۈشتى ئامەت-بەختىم

ئەي ئۇستاز، نىمپەدىگە چالمىغىن، دەپ،
ئۆتۈندۈم دىۋەڭلىكنى ئاۋۋال باشلاپ.
نىمپەدە ئۈچۈن ئەمدى كۆتۈرەيلى،
يېنىكلەي ئىچ-قارنىمنى تۆكۈپ تاشلاپ.

ئاخىرى قىزلىقنى قىلدى ئۇ پاش،
ۋە بەلكى دەل خىزىرنىڭ قىزى ئىكەن.
نە خىزىر، زىندان تەشكەن مەھبۇس ئاتا
باش ئىلىپ غۇلجا تامان قاچماقچىكەن.

غۇلجىدا يالاڭتۆشلەر چىڭ ئۇيۇشۇپ،
يامۇلنى، زالىملارنى يوق ئېتىشكەن.
چۈشەندىم خىزىر ئېيتقان ئوتلۇق ئاھاڭ
غۇلجىنىڭ ئارزۇسىغا ئۈن قېتىشكەن.

قىز تۆكتى ئاتىسىنىڭ كەچمىشىنى،
تۆكتى ھەم ئىغىر ئاپەت-پالاكەتنى.
ئانىسى كېزىك بىلەن كەتكەن ئىكەن،
سۆزلىدى بار تارتقۇلۇق، مالامەتنى.

ئاتىنىڭ ئامانىتى تەمبۇر ئەمەس،
قويچىغا قويۇپ كەتكەن ئامانەت — قىز.
ئامانەت-ئامانەت-تە، مۇقەددەس ئۇ،
خىيانەت داۋا ئەمەس ئاڭا ھەرگىز.

شام بىلەن قوينى قايرىپ يېنىپ كەلدىم،
قوتانغا كىرىپ بارار ئىدى قويلار.
ئالدىمغا چىقىپ كەلدى بىر پەرىزات
شەپەقتىن تۇغۇلغاندەك گۈزەل رۇخسار.

شىرقىدى تېنىم ئاشۇ زىبالىقتىن
ئادەمدىن شۇنداق گۈزەل تۇغۇلامدۇ؟
بىر قويچى بىلەن ئۆتسە بىر قوتاندا
بۇ ھايات ئاڭا قۇتلۇق تۇيۇلامدۇ؟

ئۇل كۆڭلۈم، ئۇ مۇقەددەس، پاك مەلىكە،
قويچىنىڭ قولى يەتمەس يۈكسەكتە ئۇ.
ئۇ لالە، ئۇ بىر چۈغلۇق، ئۇ بىر لەھەل،
مۇناسىپ كەلگەي قانداق كىسەككە ئۇ.

مۆجىزە تۇغدى ئاخىر قوي قوتىنى،
بۇ ئاخشام كەپە ئاپتۇ ھۆجرىدەك تۈس.
داستىخان شۇنچىلىك مول، قىز ياسانغان،
پەرىزات، نە پەرىزات، رەڭدار تاۋۇس.

ئۇ دېدى: بۈگۈن نىكاھ كۈنىمىز بۇ،
بىسمىللاھ، مېنى قوبۇل ئەتتىڭىزمۇ؟

— يا رەببىم، قوبۇل ئەتتىم، قوبۇل ئەتتىم،
قوتاننى سىزمۇ ماقۇل ئەتتىڭىزمۇ؟

بۇ جەريان شۇنچە ئاددىي ئۆتكەن جەريان،
تىنىقى تىنىقىمغا تەگدى شۇ ئان.
نىمپەدە ئورۇنلاندى قىز قولىدا،
بىز ئۈچۈن ئالتۇن قەسىر بولدى قوتان.

* *

كەل ئۇستاز، شۇ بەختلىك مىنۇتلارنىڭ
شەنىگە ئىچىشىپ بەر نەچچە كاسە.
سەن چېكىپ قالمساڭدىڭ نىمپەدىنى،
سۆزلىمەس ئىدىم بۇنچە ئۇزۇن قىسسە.

ئاسماندىن چۈشتى بەختىم-سائادىتىم،
قوتاننىڭ كەپسىدە كۆپ ئامىتىم.
كەچكىچە قويلار بىلەن ھەپىلەشسەم،
ئۇ ماڭا تاماق سۇنار نەچچە قېتىم.

قويچىنىڭ ياقىسىدىن يىتتى قاسماق،
چورۇقۇم كونا، بىراق يىگى پايپاق.
ھاياتقا ئىشىپ بارار چىن ئىشتىياق،
مۇھەببەت يىگۈزەتتى بىزگە قايماق.

چاتقاللار گۈل كۆرۈنەر ئەمدى ماڭا،
ئاسمانمۇ شۇنچە سۈزۈك ۋە سۆيۈملۈك.
جۇرەم بار، پەرىشۇش بار، ماڭا سىرداش،
قويچىغا بەخشەندە ئۇ، بەك كۆيۈملۈك.

ھەيرانمەن، تەگرىم ماڭا ئەۋەتكەن قىز،
كامالى ھۆسن بىلەن ھىچ ئىۋەنسىز.

تەگرىمىز پاناھىڭدا ساقلا قىزنى،
ئۇنىڭغا يولاتمىغىن بىر يامان كۆز.

قوتاندا ئەمدى ئۇزۇن تۇرمايلى، دەپ،
نەچچە رەت ئەندىشەمنى ئېيتتىم قىزغا.
بۇ سۇپەت ھۆسن-جامال دۇشمەن تاپار،
ماڭايلى، — دېدىم، — ئاتاڭ باسقان ئىزغا.

يۈك قىرقىش مەۋسۇمىمۇ كېلىپ قالدى.
نۇر بېگىم ئادەم بېرەر قوي بېقىشقا.
يۈرىكىم تۇيار كەلمىش پالاكەتنى،
تەقمۇ تەق بولدۇق ئەمدى بىز قېچىشقا.

ئات كېرەك، ئۈچقۇر بىر ئات، دەپ قالدى قىز.
يىلقىلار بىزدىن يىراق، يىراق تاغدا.
ھەي، بىشىم،
تاپتىم ئامال: بەگنىڭ ئېتى
ياخشى ئات، بولار چوقۇم ھويلىسىدا.

تاڭ ئالدى زۇلمەت كېچە، ئاتقا كەلدىم.
ئۇيقۇغا پاتقان ھويلا، جىمجىت شۇنچە.
مەن يەشتىم ئاق قاشقىنى ئوقۇرىدىن،
ئەي، يۈرەك، گۈپۈلدەيسەن نىمە مۇنچە؟!

ھويلىدىن چىققىنىمدا ئامان-ئېسەن،
كەينىمدىن قاۋاپ قالدى بەگنىڭ ئىتى.
ئىش چاتاق،
قويۇپ بەردىم ئاق قاشقىنى،
ھويلىغا ئاللقاچان تۇيۇق چۈشتى.

چۈش بىلەن ئايغاقچىلار كەلدى يىتىپ،
سورىدى: ئاق قاشقىغا سەن چۈشتۇڭمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەن دېدىم: بەگ هويلىسى شۇنچە پۇختا،
تېگىشكە ئاق قاشتېغا بېشىم ئۇنمۇ؟

سورىدى: ئىز  نېمىشقا كەلدى بۇيان؟
مەن دېدىم: قوي بېقىشلا ماڭا راۋا.
سورىدى: كەپىدىكى قىز زادى كىم؟
دېدىم: بىر نەۋرە سىڭىل بولار ماڭا.

دېيىشتى: ئات ئوغرىسى دەل ئاشۇ قىز!
دېدىم: ئىز ئەرنىڭكىمۇ يا ئايالنىڭ؟
قايتىشتى ئايغاقچىلار مەلە ياققا،
مات بولۇپ زەربىسىدىن بۇ سوئالنىڭ.

ئۇنلاپ ئىت، يۈزلەپ ئادەم قورشاۋىدىن
چىقالماي چاتقاللىقتا تۇتۇلدۇق بىز.
تۈۋرۈككە مېنى مەھكەم باغلاپ قويدى،
ئولجىغا ئېپ كېتىلدى ئاقۋەت قىز.

ئىش تېخى تۈگىمىدى بۇنىڭ بىلەن،
ئەتىسى بەردى ماڭا دەھشەت جازا.
ساقامنى تارتىۋەتتى چاترىقىمدىن،
نۇر بېگىم كۈلۈپ ئالدى قېنىپ تازا.

— پەرىزات نېمە كەپتۇ سەن قويچىغا؟
ئۇ مەندەك بەگ ئۈچۈنلا تۇغۇلغان قىز.
قوينىلا بېقىۋەرگىن، بۇ جاڭگالدا
يولىما مەلە ياققا، كەلمە ھەرگىز.

ئېيت ئۇستاز، بۇندىن ئارتۇق خورلۇق بارمۇ؟
ئۆزىنى ئەركەك ساناپ يۈرگەن ئەرگە.
قىلدىغۇ مېنى ئاختا، بىر ياچۇۋەك
بۇ قىسسە چىلىمسۇن كىمنى ئەرگە؟

ئۆچ ئېلىش يوللىرىنى ئىزدىدىم كۆپ،
قانداقلا قىلسام بايدىن ئالىمەن ئەنت.
قىزنى ھەم قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشىمۇ، دەي،
مېنىڭدىن كۆرەر ئەمدى ئۇ نېمە بەخت؟

يوقالسام، مەنلا ئۆلسەم، قالسا دۇنيا،
دەپ قولغا نەچچە قېتىم ئالدىم ئارقان.
دەريانىڭ بويلىرىغا باردىم نەچچە
بەئەينى ئەجدىھادەك لۆمشۈپ ئاققان.

ياق، بۇنداق قىلماي، يەنە ياشاپ كۆرەي،
نۇر بەگمۇ ياشاپ باقسۇن هويلىسىدا.
بىلمەمەن زورلۇق ئالار قىز تېنىنى،
كۆڭلىچۇ، تېخى كۆڭلۈم سايىسىدا.

## 5. مەن نېمە؟

ئېيت ئۇستاز، قىزغا مېنىڭ نە كېرىكىم؟
ھە دېسەم پارتلاپ كېتەر بۇ يۈرىكىم.
يوقالساق، تەڭ يوقالساق بۇ دۇنيادىن
قىز ۋە مەن، نىمپەدە ۋە ۋەھشىي بېگىم؟!

قويلارنى چاتقاللىقتا ھەيدەپ قويۇپ،
ھەر كۈنى يانتاق چاپتىم نەچچە ئون باغ.
بىر جايغا توشۇپ يىغىپ قويسا دۆۋىلەپ،
ئاي بويى چاپقان يانتاق بولمامدۇ تاغ.

بۇ ئىشىم نۇر بېگىمگە يەتكەن چېغى،
خۇشلۇقتا ئىنئام قىپتۇ ئىگىل-ئاياغ.
نەچچە ئون هارۋا بىلەن هويلا تامان
توشۇلدى نەچچە كۈن مەن چاپقان يانتاق.

كېچىلەپ بارسام ھويلا چۆرىسىدە
ياڭتاقتىن نەچچە چوققا بولغان پەيدا.
بورانلىق بىر كېچىسى پۈتىدۇ ئىش،
قىزغىللا تارتىشاتتىم، تۇتۇپ سەۋدا.

ياق، ئۆلۈم ئىزدەپ يۈرەر، دېدىم قىزنى،
ئۆلۈممۇ شور تەقدىرگە بىر تەسەللى.
ياڭتاقنىڭ تۆت جايىدىن تەڭ ئوت ياقتىم،
ئېيت يارىم، مەن ساراڭمۇ، يا دۆت ئەسلى؟!

گۆرۈلدەپ سوقار بوران، ئوت دېڭىزى
يۇتماقتا نۇر بېگىمنىڭ ھويلىسىنى.
قاقاقلاپ كۈلدۈم، جانان، يۈرەك يىغلار،
ئاڭلىدىڭ بولغاي يارىڭ كۈلكىسىنى.

ئەلۋىدا، خىزىر بەرگەن ئامانىتىم،
ئەلۋىدا خۇدا بەرگەن ئالتۇن تەختىم.
ئەلۋىدا، مېنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىم؟
ئەلۋىدا، قىسقا كەلگەن ۋىسال بەختىم.

تەمبۇرنى قولتۇقلىدىم،
قېپىن ئاتام
يول ئالغان غۇلجا تامان جۆنەپ كەتتىم.
مەن نېمە، گۇناھكارمۇ، قىساسكارمۇ؟
خىزىردىن جاۋابىنى ئىزدەپ كەتتىم.

*　　*

ئەي ئۇستاز، ئاخىرقى بىر كاسە كەلدى،
ئىچەيلى بۇ قىسسەنى ئۇنتۇش ئۈچۈن.
تىلەيلى زىبا ئۈچۈن جەننەتنى بىز،
ئىچەيلى ساراڭلىق ۋە ئۆتمۇش ئۈچۈن.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى **ئوسمانجان ساۋۇت، مامۇت زايىت**

www.uyghurkitap.com



قاۋسلقان قامجان

# تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ ئىجادىيەت پەزىلىتى ۋە ئىجادىيەت ئىستىلى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زامانىمىزدىكى مەشھۇر شائىرى تېيىپجان ئېلىيېۋ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ، بىزگە نۇرغۇن قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئېسىل ئىجادىيەت پەزىلىتى، ياخشى ئىجادىيەت ئىستىلىنىمۇ قالدۇرۇپ كەتتى. يېقىنچە كىشىلىك مۇناسىۋەتكە، ئالىيجاناب كەسپىي ئەخلاققا، ئەدەبىي ئىجادىيەت ماھارىتىگە، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە، ئىنتىپاقلىققا دائىر نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك سۆزلەرنى، ئۇلۇغۋار ئۈمىدلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. مەرھۇم شائىرنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە «ھەقىقەتەنمۇ ياخشى يازغۇچى، شائىر دېگەن ناھايىتى شۆھرەتلىك ئۇلۇغ نام، ئۇنى ھەرقانداق دەرىجە بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. ئۇ ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەخلاقنىڭ سىمۋولى، ئەجدادلارنىڭ ئىنسانىيەت ئەقىل-پاراسىتى، ئىلىم-پەن دۇردانىلىرى ئاشۇ يازغۇچى، شائىرلارنىڭ قەلىمى ئارقىلىق كىشىلەرگە يېتىپ كېلىدۇ. لېكىن، بىز ئۇلۇغ نامنىڭ ھۆددىسىدىن قانچىلىك چىقتۇق؟ مەن تېخى بىرنېمە دېيەلمەيمەن. ئۆزىنى يازغۇچى، شائىر دەپ ئاتىغان ھەر بىر ئادەم ئەلۋەتتە بۇ نامغا ئۆزىنىڭ مۇناسىپ كېلىش-كەلمەسلىكىنى سېلىشتۇرۇپ تۇرۇشى كېرەك» دېگەن سۆزى ھېلىمۇ ئېسىمىزدە. شائىرنىڭ بۇ ئەھمىيەتلىك سۆزى ئۇنىڭ ئۆز ھايات كەچۈرمىشلىرىدىن يەكۈنلەنگەن ھەقىقەت.

شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ تىما تاللاش، بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىش، سەنئەت قارىشى، دۇنيا قاراش، بىلىم قۇرۇلمىسى، ئىجادىيەت ماھارىتى جەھەتتىن كەڭلىككە، چوڭقۇرلۇققا ئىگە بولۇپ، خىلمۇ خىل تۇرمۇش كۆرۈنۈشى جانلىق سۈرەتلەنگەن ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى، ئېستېتىك تەلىپىنى قاندۇرۇپ، «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى» بولۇشنىڭ

ئۆلگىسىنى يارىتىپ بېرىش بىلەن بىللە پەزىلەت، ئىستىل جەھەتتىمۇ ئۈلگە يارىتىپ بەردى. «شائىرنىڭ كۆڭلى دەريادەك بولۇشى كېرەك. ھەممە نەرسە سىغىشالىشى كېرەك!» مانا بۇ شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ دائىم تەكىتلەيدىغان تەشەببۇسى، ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىدىن كۈتكەن سەممىي ئۈمىدى ئىدى. تېيىپجان ئېلىيېۋ ھەقىقەتەن ساختىپەزلىك، يالغانچىلىقتىن، تەخسكەشلىكتىن، قوۋلۇق-شۇملۇقتىن، چۈپەيلىكتىن خالىي ئىجادكار ئىدى. ئۇنىڭ كىشىلەر بىلەن، بولۇپمۇ ئەدەبىيات-سەنئەت قوشۇنىدىكى چوڭ-كىچىك كەسىپداشلىرى بىلەن بولغان مۇئامىلىسىدىن ھېچقانداق يۇقىرى-تۆۋەنلىك، ئىگىز-پەسلىك ئالامەتلەر سېزىلمەيتتى. چىرايىدىن بىر خىل ئىززەت-ھۆرمەت، كۆيۈمچانلىق، ۋاپادارلىق، سەممىيەت ئىپادىلىرى پارلاپ تۇراتتى.

ھەرقانداق شەيئىنىڭ قارىمۇ قارشىلىقتىن، زىددىيەت-توقۇنۇش، تۇسالغۇ ۋە ئەگرى-توقايلىقلاردىن خالىي ئوڭۇشلۇق ئۆسۈپ يېتىلىشى مۇمكىن ئەمەس. تېيىپجان ئېلىيېۋ ئۆز ئىجادىيىتى داۋامىدا سولچىللىقنىڭ كاساپىتىدىن ئۇزاق داۋاملاشقان ھەر خىل جاپا-مۇشەققەت، ئەگرى-توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈردى. لېكىن ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىدا قىلچە بوشاشماي ئۆزىنىڭ قەيسەرلىكى، ئۈمىدۋارلىقى، تىرىشچانلىقىنى ئىپادىلەپ كەلدى. ئۇ ئۆز ئىجادىيىتى ئۈچۈن تۇرمۇشتىن ئۈزلۈكسىز بىنەم ئاچتى. دەۋردىن نەپەس، خەلقتىن نەپ ئالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ ھەرقانداق شارائىت، ھەرقانداق ۋاقىتتا پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن جاسارەت يالقۇنى يېلىنجاپ، ئۈمىد ئۇچقۇنى چاقناپ تۇراتتى. ئەنگلىيىنىڭ 18-ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر يازغۇچىسى د. دېفو: «ئىنسان دانىشمەنلىكىنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىسى ۋەزىيەتكە مۇۋاپىقلىشىشنى بىلىش، شۇنىڭ بىلەن تاشقى تەھدىتلەرگە قارىماي ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇۋېلىشتۇر» دەپ كۆرسەتكەنىدى.

شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ خەلقىمىزگە ياخشى كۈنلەرنى، بەختلىك تۇرمۇشنى ئاتا قىلغان، ئېلىمىز تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭى مۆجىزىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك ئۆتتە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى دولقۇنى بارلىققا كەلتۈرگەن يېڭى ۋەزىيەتتە، دەۋرنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ماسلىشىشنى ئۆزىنىڭ بىردىنبىر مۇقەددەس بۇرچى قىلدى. دەۋرنى، تۇرمۇشنى، غايىۋى رېئاللىقنى، بەدىئىي ماھارىتىنى، جاسارىتى ۋە ئىرادىسىنى ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ قەدەممۇ قەدەم ئۆرلىشىدىكى ئەگىشتەرگە ئايلاندۇردى. ئۇ چېقىشقاق، كەڭ قورساق، قىزىقچى، تولىمۇ كەمتەر تالانت ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئۆز مىللىتى ئاممىسىلا ئامراق بولۇپ قالماستىن، باشقا مىللەتلەر ئاممىسىمۇ ئۇنى چوڭ كۆرۈپ، چىن دىلىدىن ھۆرمەت قىلاتتى، ماختىشاتتى، ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلاتتى. تېيىپجان ئېلىيېۋ ئالقىش سادالىرى، ماختاشلار، ئىززەت-ھۆرمەتلەرنىڭ قانچىلىك كۆپ بولۇشى، قايسى دەرىجىگە يېتىپ بېرىشىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قەتئىيىنەزەر ھەرگىز مەغرۇرلىنىپ كەتمىدى. ھاكاۋۇرلۇق قىلمىدى، كىشىلەرگە چوڭ-كىچىك، يۇقىرى-تۆۋەن، يېقىن-يىراق دېمەي ئوخشاش بىرخىل مۇئامىلە قىلدى. ئىجادىيەت مۇساپىسىدە، ئىجادىيەت مەيدانىدا ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ بىر ئىزدا توختاپ قالمىدى ياكى چېكىنىپ، دەۋرنىڭ، خەلقنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالمىدى. ئۆز ۋىجدانى بىلەن ياشاپ، ئۆز ۋىجدانى بىلەن ئۆتتى.

قەيسەر، ئىرادىلىك بولۇش. بوران-چاپقۇنلارغا بەرداشلىق بېرىش، مەسىلىگە نىسبەتەن توغرا، ئىلمىي پوزىتسىيىدە بولۇش كىشىلەردىكى ئەقىل، ئىقتىدار، بىلىم، ئۈمىد، ئىشەنچ ۋە پەزىلەتنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسىدۇر. ھەممە ئىشنىڭ كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسىدىكىدەك ئۇنداق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ كېتىشى ناتايىن. ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىمۇ ئۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق باھانە-سەۋەبلەر بىلەن كۆپ قېتىم ھەر خىل روھىي زەربىگە ئۇچرىدى. ئاشۇنداق ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە شائىر قىلچىمۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىدى. يوق يەردىن يۇتاق چىقىرىپ، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ بېرىلگەن تەنقىدلەرگە نىسبەتەنمۇ باشقىچە قاراشتا بولمىدى. كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلىمىدى. ئۇ ئۆزى بىلەن دائىم يېقىن ئۇلپەت، سىرداش بولۇپ ئۆتكەن ۋە ئۆزىنى قوللاپ ھىمايە قىلىدىغان كىشىلەر بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولسا، قانداق ھەمكارلاشسا، ئۆزىگە قارشى بولۇپ كەلگەنلەر بىلەنمۇ ئىتتىپاقلىشىشقا ماھىر بولدى. يولداش ۋاڭ مېڭ: « تېيىپجان ئۆزىنى تەكشۈرۈشنى ئۆگىنىپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ ھەرقانداق ھەرىكەتنىڭ ھەممىسىدىن ئامان-ئېسەن ئۆتتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى كۆڭۈلگە ياققاچقا، ئامما قانچە ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ تەنقىدلەنسىمۇ تېيىپجان يەنىلا مەشھۇر شائىر، 13-دەرىجىلىك كادىر بولۇپ قېلىۋەردى. ھەرقانداق ھەرىكەت، تەكشۈرۈش ۋە كەمسۈندۈرۈشلار بولسۇن، ئۇنىڭ روھى چۈشۈپ كەتمىدى. كۈلۈمسىرىگىنىچە مەغرۇر تۇرۇپ، قىزىق-قىزىق پاراڭلارنى قىلاتتى » دەيدۇ. بۇ سۆز تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ خاراكتېرىنى، پەزىلىتىنى ناھايىتى جايىدا گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تېيىپجان ئېلىيېۋ قانچىلىك تەرىپلىسەك ئەرزىگۈدەك مەدەنىيەتلىك شائىر، پەزىلەتلىك شائىر ئىدى. ئۇنىڭ جۇشقۇن، گۈزەل روھىي دۇنياسىدا، كەڭ كۆكسى-قارنىدا، سەزگۈر كىشىلىك ئېڭىدا قەدىرلىك تۆھپىكار ئىنسان بولۇشنىڭ شەرتلىرى ھازىرلانغان. شۇڭا، 20-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن تېيىپجان ئېلىيېۋتىن ئىبارەت بۇ نۇرلۇق چولپانغا يولداش بەي خۇا « شېئىرىيەت ئاسمىنىنىڭ چولپىنى » دەپ يۇقىرى باھا بەرگەنىدى.

مەن شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ بىلەن ھايات ۋاقتىدا كۆپ قېتىم كۆرۈشكەن، خېلى چوڭقۇر پاراڭلاشقانىدىم. ئۇرۇمچىدە، قەشقەردە ئېچىلغان ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا بىللە بولغان. بەزى چاغلاردا خەت ئارقىلىق پىكىر ئالماشتۇرۇپمۇ تۇرغانىدىم. شائىرنىڭ

ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۆزى بىلەن ئۇچرىشىش، سۆھبەتلىشىش ۋە مۇناسىۋەتلىشىش ئارقىلىق بۇ ئاتاقلىق شېئىرىيەت چەۋەندازىنى ئەتراپلىق چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. ھەر قېتىم كۆرۈشكىنىمىزدە ماڭا كۆپىنچە گەپ-سۆزلىرىگە قازاقچىنى ئارىلاشتۇرۇپ گەپ قىلاتتى. ئۇ كۆزۈمگە خۇددى ئۇلۇغ قازاق شائىرلىرىدەك ئىسسىق ھەم يېقىملىق كۆرۈنەتتى. سۆيۈملۈك شائىرنىڭ لىرىكىلىك تىلى، قىزغىن مۇئامىلىسى، يۇمۇرلۇق چاقچاقلىرى، پەلسەپىۋى پىكىرلىرى، ئوبرازلىق ئوخشىتىشلىرى ھېلىھەم ئېسىمدە. شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ قاتناشقان يىغىنلار، تۈرلۈك ئەھمىيەتلىك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سورۇن، پائالىيەتلەر، ئۇنىڭ شەخسەن ئۆزى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتلەر، پاراڭلار ناھايىتى كۆڭۈللۈك ھەم مەنىلىك ئۆتەتتى. شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت بەيگىسىدە سەپىنىڭ ئالدىنى بەرمەستىن ئۈزلۈكسىز بۆسۈپ ئىلگىرىلىشى ۋە ئۇنىڭ بۇ ئىجادىي ئىزدىنىش يولىدا قازانغان ئۇلۇغ نەتىجىلىرى ئۇنىڭ تۇرمۇشنىڭ ئېغىر سىناقلىرىدىن بۆسۈپ ئۆتكەنلىكى، بېشىغا كەلگەن ئىسسىق-سوغۇققا قەتئىي بەرداشلىق بەرگەنلىكى، بەدىئىي ماھارىتىنى كامالەتكە يەتكۈزۈش يولىدا مىنۇت-سېكۇنت ۋاقتىنى زايە قىلماي تىنىم تاپماستىن ئىرىشىپ ئىزدەنگەنلىكى، تەجرىبە-ساۋاقلارنى داۋاملىق يەكۈنلەپ ماڭغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، تېيىپجان ئېلىيېۋ يېڭى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بولۇپمۇ يېڭى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى تەرەققىياتىدا مەيدانغا كەلگەن چوققىسى بۈيۈك، ھوسۇلى مول، سۈپىتى يۇقىرى، ئىجادىيەت ئاساسى مۇستەھكەم شائىر. شۇنداقلا باشقىلارغىمۇ، ئۆزىگىمۇ توغرا مۇئامىلە قىلىشنى بىلىدىغان، باشقىلارنىڭ ئىجادىيىتىكى بېتەرىسىزلىكنى كۆرگەندە سەممىي ئەقىل كۆرسىتىپ تۈزىتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان، ئۆزىدىكى سەۋەنلىك، خاتالىققا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان، باشقىلارنىڭ پىكىر-تەنقىدىنى قىزغىن قوبۇل قىلىدىغان، كۆڭلى ئەزىم دەريادەك كەڭ، كىچىك پېئىل، تەلەپچان شائىر ئىدى. «ئويلىسام نۇرغۇن نەرسىلەرنى يېزىپتىمەن. ئۇنىڭ ئىچىدە ياخشىلىرىمۇ، يامانلىرىمۇ بار ئىكەن. بىر مەزگىل مۇقامدا يوق سىياسەتلەر تۈپەيلىدىن مۇقامدا يوق شېئىرلارنىمۇ يېزىپ قويدۇم. بۇنىڭغا قاتتىق ئەپسۇسلىنىمەن. شېئىرىي تىل بىلەن ئېيتقاندا، يۈرىكىمدە يىغلايمەن.» مانا بۇ شائىرنىڭ يۈرىكىدىن چىققان گەپ. ئۇ ئۆزىگە ئۆزى توغرا دىئاگنوز قويۇپ، كىتابخانلارغا يۈرەك باغرىنى ئېچىپ كۆرسەتتى. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، تېيىپجان ئېلىيېۋ شېئىرىدىكى نۇقسانلار كۆپرەك ئۇنىڭ مەلۇم سىياسەتنى تەشۋىق قىلىش زۆرۈرىيىتى تۈپەيلى ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ئىختىيارسىز زورلىنىپ يازغان بىر قىسىم شېئىرلىرىدىكى ئوبراز، ھېسسىيات، پىكىر-تەسەۋۋۇر دېگەندەك بەدىئىي ئامىللارنىڭ ئورنىنى قۇرۇق سىياسىي شوئار تۈسىدىكى سۆز-ئىبارىلەر ئىگىلىۋېلىپ، شېئىرنىڭ شېئىر بولماي باشقا نەرسىلەرگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىدە كۆرۈلدى. شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ ئارىلىقتا بەزى شوئار خاراكتېرلىك شېئىرلارنى يېزىشىدىمۇ بەلگىلىك سەۋەبلەر بار. سولچىللىق ھۆكۈم سۈر-

گەن ئاشۇ شۇم يىللاردا، ئاشۇ مالىمانچىلىق ئەۋج ئالغان مەزگىللەردە مەتبۇئات ئورۇنلىرىنىڭ زاكاز بۇيرۇپ، تېما، رامكا بەلگىلەپ بېرىشى بويىچە زورمۇ زور ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان شېئىرلارنى يېزىشقا مەجبۇر بولغانلىقى بىزگە چۈشىنىشلىك ئەھۋال. شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ بۇنداق شېئىرلارنى يېزىشقا ئەينى ۋاقىتتىكى كونكرېت شارائىت، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىنى بۇزغان، ئىنكار قىلىنغان ۋەزىيەت سەۋەبچىدۇر. ھەممىمىزگە مەلۇم، شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ سول پىكىر ئېقىمى ھۆكۈم سۈرگەن يىللاردا بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر لىرو ئېپىك شېئىرلىرىنىڭ گۈل تاجى ھېسابلانغان «تۇغمەس ناخشا»، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ساتىرىك ئەسەرلەرنىڭ نەمۇنىسى دەپ قارىلىپ كەلگەن «ۋالاقتەگكۈرۈۋنىڭ ئۆلۈمى»، «<ئاساسەن> نىڭ شىكايىتى»، «ساڭ مۇدىرىنىڭ <زىياندىشقا قارشى> ئاجايىپ تەدبىرى» قاتارلىق شېئىرلارنى يازغانلىقى ئۈچۈن قاتمۇ قات كۈرەشكە تارتىلدى. ھەر قېتىم ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتلەرنىڭ قارشى تۇرۇش، زەربە بېرىش ئوبيېكتى قىلىندى. خەلقنىڭ بەختىگە يارىشا زامان ئۆزگىرىپ، ئاق-قارا، ھەق-ناھەق ئايرىلغاندا، شائىرمۇ ئاقلاندى، قارىلانغان شېئىرلىرىمۇ ئاقلاندى. ئىجتىمائىي ئاتموسفېرا سۈزۈلدى. يول راۋانلاشتى. بىراق، بۇ چاغقا كەلگەندە يەنە، شوئار شېئىرلارنى يازغان «ئوردا شائىرى» دېگەنگە ئوخشاش ئۇنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدىغان گەپلەر پەيدا بولدى. شائىر بۇنداق گەپ-سۆزلەرگىمۇ كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ئۆزىنى دائىم باشقىلارغا ئوبدان تەسىر كۆرسىتىدىغان ياخشى ئەقىل، ياخشى پەزىلەت، ياخشى ئىستىل بىلەن كونترول قىلدى. مۇقىملىقنى، ئىتتىپاقلىقنى ئەلا بىلدى. دەرۋەقە، تېيىپجان ئېلىيېۋ ئۆزى ئېيتقاندەك، پۈتۈن ئىجادىي ھاياتىدا ئىككى مىڭدىن ئارتۇق شېئىر يازغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئېلان قىلىنغانلىرىمۇ بار، ئېلان قىلىنمىغانلىرىمۇ بار. ياخشىلىرىمۇ بار، ناچارلىرىمۇ بار. بۇ ئەھۋال بىزگە ناھايىتى ئېنىق. ئۇنىڭ ئۈستىگە شائىر ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن «مېنىڭ قىرىق يىللىق ئەدەبىي پائالىيەت يولۇمدا خەلق ياقتۇرىدىغان ئىزلىرىممۇ بار، بۇنىڭ ئۈچۈن مەنمۇ خۇشالمەن. شۇنىڭدەك خەلق ياقتۇرمايدىغان ئىزلىرىممۇ بار، بۇنىڭ ئۈچۈن خىجىلمەن» دەپ، ئۆزىگە توغرا باھا بەرگەن.

تېيىپجان ئېلىيېۋ ماختالغاندا مەغرۇرلىنىپ ئاسمانغا ئۇچۇپ كېتىدىغان، تەنقىدلەنگەندە روھسىزلىنىپ بېشى چۈشۈپ كېتىدىغان شائىر ئەمەس ئىدى. ئۇ ماختاشنىمۇ ئانچە خالىمايتتى. ئۇ خەلققە ئىشىنەتتى. ئۆزىگە ئىشىنەتتى. ئەگەر ئۆزىگە بېرىلگەن تەنقىد يوللۇق بولسا سەممىي قوبۇل قىلاتتى، تۈزىتەتتى. تەنقىد ئورۇنسىز بولسا ساۋاق ئېلىشقا، ساقلىنىشقا تىرىشاتتى. شائىر ئۆزىدە مۇشۇنداق تارىخ ئالدىدا جاۋابكار بولۇشتەك بۇرچنى ئادا قىلىشقا ئىنتىلىش روھىنى، ياخشى ئىجادىيەت ئىستىلىنى يېتىلدۈرگەچكە، خەلقنىڭ تەلپىگە، دەۋرنىڭ سوئاللىرىغا ئەمەلىي نەتىجىلىرى بىلەن تولۇق جاۋاب بېرەلىدى. شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ ئىجادىيىتىنىڭ كېيىنكى باسقۇچلىرىدا: «تۈنۈگۈنكى يېڭىلىقلار

بۈگۈنكى يېڭىلىقلار ئالدىدا چېنىپ قېلىۋاتىدۇ. كۈنساناپ بارلىققا كېلىۋاتقان يېڭىلىقلارغا ماسلىشىش ئاسان ئەمەس. خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىدىكى يېڭىلىقلارنى كونا، قاتمال رامكىلار بويىچە چۈشىنىش ۋە ئىپادىلەش ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن شائىرمۇ ھاياتنى تەرەققىياتنىڭ يېڭى سەۋىيىسىگە لايىق نەزەر بىلەن كۆزىتىشى، شۇنىڭغا لايىق تىل ۋە كۈي تېپىشى لازىم» دەپ ئۆزىگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويىدى. شائىرنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنى يارىتىش يولىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، شېئىر ئىجادىيىتىدە بارغانسېرى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. خەلقنىڭ ئارىسىدىكى ئىززەت-ھۆرمىتى ئاشتى.

شائىر ھەر قېتىم قەشقەرگە كەلگەندە ئۇنىڭ بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ئارزۇسىدا ئۇنى ئىزدەپ كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. يەنە كېلىپ بۇلارنىڭ تولىسى ياش ھەۋەسكارلار ئىدى. ئۇلار بۇ مۇئامىلىسى سىلىق، گەپ-سۆزلىرى يېقىملىق كەمتەر شائىردىن قىلچىلىك تارتىنماي بىمالال پاراڭلىشاتتى. يازغان ئەسەرلىرىنى كۆرسىتەتتى. پىكىر ئالاتتى.

1981-يىلىنىڭ ئاخىرىدا قەشقەر شەھىرىدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئەدەبىي ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بىركۈنى تاماقتىن كېيىنكى چۈشلۈك دەم ئېلىش ئارىلىقىدا ئۇيەر-بۇيەردىن كەلگەن بىر نەچچىمىز بىللە تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئابدۇكېرىم خوجىلار ياتقان ياتاققا كىردۇق. قىزىق-قىزىق كۈلكە-چاقچاقلار باشلىنىپ كەتتى. قىزىق گەپلەرنىڭ ئاخىرى كېلىپ شائىرنىڭ «باتا»، «ئەنچى قىزغا»، «ئاق»، «غونان بەيگىسى»، «قىز قوۋاردا»، «ئارالدىكى ئۆلەڭ بەزمىسى» ئۈستىگە مەركەزلەشتى. بىرى:

— تېيىپجانكا، شېئىرلىرىڭىزدا ئىشلىتىلگەن «ئەنچى»، «ئاق»، «باتا»، «قوۋار»، «چال»، «كەمپىر»، «قۋانسون»، «ئاقىن»، «ئۆلەڭ» دېگەن سۆز-ئاتالغۇلار ئۇيغۇر تىلىدا يوق گەپلەرغۇ، — دېۋىدى، تېيىپجان شۇ زامان تېز ئىنكاس قايتۇرۇپ:

— قاۋسىلقان قەشقەرگە كېلىپ ئىشلەپ ئۇيغۇر تىلىدا ماقالە يېزىپ، ئۇيغۇر بولۇپ كەتكەنگە ئوخشاش، مەنمۇ ئالتايغا بېرىپ قازاق بولۇپ كەتكەن چېغىمدا ئاشۇ شېئىرلارنى يازغان. يۇقىرىدىكى سۆز-ئاتالغۇلار ئۇيغۇر تىلىدا بولمىغىنى بىلەن ھەممىسى قازاق تىلىدا بار، ناھايىتى مەنىلىك، يېقىملىق گەپلەر، — دېدى. باشقىلار شۇ ھامان كۈلۈشۈپ كەتتى. تەبىئىي يىغىلىشقان بۇ سورۇندا چاقچاق پاراڭلار ئىزىغا چۈشكەندىن كېيىن، تېيىپجان ئېلىيېۋ شېئىرلىرىدا ئىشلىتىلگەن ھېلىقى قازاقچە سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىر-بىرلەپ باشقىلارغا چۈشەندۈردى. ئاندىن «باتا» ناملىق شېئىرىنى قانداق يازغانلىقى ھەققىدە توختالدى:

— يۇقىرىدا دېگىنىمدەك، «باتا» ئۇيغۇر تىلىدا «پەتە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «باتا» قازاق تىلىدىكى ناھايىتى گۈزەل، مەنىلىك، ئوبرازلىق سۆزلەر

www.uyghurkitap.com



يىغىندىسىنىڭ مۇھىم بىر تۈرى. ئۇنىڭ نەسرىي شەكىلدىكىسمۇ، شېئىرىي شەكىلدىكىسمۇ بولىدۇ. مەن بۇ ئەسرىمنى شېئىرىي شەكىلدە يازدىم. ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا قازاق يايلاقلىرىنىڭ تازا پەيزى .مەزگىلىدە ئارال يايلىقىدا ئالتاي ۋىلايىتى بويىچە 4-نۆۋەتلىك ئاقىنلار ئېيتىشىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. مەن قازاق قېرىنداشلارنىڭ ئالاھىدە تەكلىپى بىلەن بۇ مەرىكىگە قاتنىشىشقا مۇيەسسەر بولدۇم. قازاق خەلقى ناھايىتى مېھماندوست خەلق. ئاقىنلار ئېيتىشىشى مۇراسىمىدا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسى بويىچە كۆك قاشقا تاينى يېتىلەپ كېلىپ مەندىن « باتا » سورىدى. قازاق خەلقىنىڭ مېنى چىن قەلبىدىن شۇنچىلىك چوڭ بىلىپ ھۆرمەتلىگەنلىكىدىن چوڭقۇر ھاياجانلاندىم. بۇنىڭغا جاۋابەن نەزمە بىلەن باتا بەردىم.

تېيىپجان ئېلىيېۋ باشقىلارنىڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ناھايىتى قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتى ۋە ئۇنىڭدىن سۆيۈنەتتى. ئۇ يازغۇچى ئەخەت تۇردىغا يازغان بىر خېتىدە: « ‹ ئۇنتۇلغان كىشىلەر › ناملىق رومانىڭىزنى ئوقۇپ چىقتىم. بۇ ئەسەر مەندە خېلىلا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇردى. ئالدى بىلەن شۇنى دېگۈم كېلىدۇكى، ئەسەرنىڭ تىلى بىر قەدەر پىششىق ئىشلەنگەن، دىئالوگلارنىڭ كۆپىنچىسى پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرىگە، تەرەققىيات مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن، ئىچكى ھېسسىياتلار تەسۋىرىدە خېلى شېئىرىي كۈي بار. ئىپادىلەش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان بىر قىسىم يەرلىك شېۋىلەرنىڭ ئورۇنلۇق جارى قىلىنىشى ئەسەرنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى كۈچەيتكەن. ئەدەبىي تىلىمىز مۇشۇنداق ئىزدىنىشلەر ھېسابىغا بېيىپ بارىدۇ » دەپ ئاپتورنىڭ رومانىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە توغرا باھا بېرىپ، ئاپتورنى قىزغىن ئىلھاملاندۇرغان. بۇنىڭدىن باشقا شائىر ھاجى مىرزاھىد كېرىمىنىڭ « ۋەتەن قەسىدىسى » ناملىق شېئىرى ھەققىدىمۇ: « مەن بۇ شېئىرنى قايتا-قايتا ئوقۇپ، شائىر ئاشۇ تېماتىك مەزمۇنىنىڭ تەلىپىنى خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىغان دېگەن ھېسسىياتقا كەلدىم. گەرچە بۇ شېئىر يەنىلا بەزىبىر نۇقسانلاردىن (مەسىلەن، بەزىبىر پىكىر، تەسۋىرلەرنىڭ ئوخشىشىپ كېتىش ياكى تەكرار بولۇپ قېلىش، بەزى مىسرالاردا سۆزلەرنىڭ ئانچە راۋان بولماسلىقىدەك كەمچىلىكلەردىن) خالىي بولالمىسىمۇ، شائىرنىڭ ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش روھىنىڭ بارغانسېرى ئۆسۈۋاتقانلىقى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى جەلپ قىلماقتا. مەنمۇ ئۇنىڭ روھىنى قىزغىن ئالقىشلايمەن ۋە مۇشۇ روھ بىلەن تېخىمۇ ياخشى مېۋە بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن » دەپ ياخشى پىكرىنى ئىزھار قىلدى.

# ئەسەرگە باھا

خەلچەم رېشىت

## «ئالتۇن چىشلىق ئىت»تىن تۇغۇلغان ئوي-پىكىرلەر

قايسىدۇر بىر دانا ئېيتقان «ھاراق ئىچىش گۇناھ ئەمەس، مەست بولۇش گۇناھ» دېگەن سۆزنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى مەستلىك-پەسلىك بولغانلىقىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر، «مەن»نىڭ ھاراق ئىچىپ ئۆيىنى تېپىپ كېلەلمىگۇدەك دەرىجىدە مەست بولۇپ يۈرۈشى كىشىنى قاتتىق ئېچىندۇرۇپلا قالماي، بەلكى قاتتىق يىرگەندۇرىدۇ. چۈنكى «ئېشكى ماڭمىسا، توقۇمنى ئۇر» دېگەن بوندىق پىسخىكا مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىنى جىسمانىي جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى مەنىۋى جەھەتتىنمۇ خورىتىپ زەئىپلەشتۈرىدۇ. بىز دائىم بەزى كىشىلەرنىڭ، بىرنەچچە بوتۇلكا ھاراق ئالغۇدەك پايدا تاپتىم. بۈگۈن بىر جىڭ ھاراق پۇلى زىيان تارتتىم. مائاشىمغا مۇنچە بوتۇلكا ھاراق كەلگۇدەك پۇل قوشۇلدىكەن، دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالىمىز. شۇ چاغدا بىزنىڭ ئاشۇ كىشىلەر، بۈگۈن ئېرىشكەن پايدامغا بالامغا كىتاب ئېلىپ بېرىدىغان بولدۇم، بالامنىڭ رەسىم كۆرگەزگەكغا قاتنىشىدىغان پۇلىمۇ ھەل بولدى. مائاشىمغا قوشۇلغان پۇل بىلەن بالامغا ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلالايدىغان بولدۇم، دېگەن ھېسابلارنى قىلغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى-ھە! دېگەن ئارزۇلىرىمىز توپىغا مىلىنىپ كېتىدۇ. نېمە ئامال؟! مۇبادا كەلگۈسىدە دۇنيا بويىچە ھاراق ئىچىش مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ قالسا، بىزنىڭ ھاراق ئىچكۈچى ماھىرلىرىمىز چېمپىيون بولسا ئەجەپ ئەمەس.

ھەرقانداق بىر مىللەت مەيلى ئۇ مەدەنىيەتلىك مىللەت بولسۇن، مەيلى قالاق مىللەت بولسۇن، مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىشقا موھتاج. مىللىتىمىز گەرچە تارىختىن بۇيان ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئۈچۈن ئۆز ھەسسىسىنى قوشۇپ كەلگەن بولسىمۇ، تېخى ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالىغىنى يوق. خېلىلا نوپۇزى بار بىر ژۇرنالدا ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان بىر زىيالىينىڭ چاقماقنىڭ ئىچىگە چاقماق، چاقماقنىڭ ئۈستىگە چاقماق كىيىۋېلىشى گەرچە كىيىنىش مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش جەھەتتىكى بىر ئىزدىنىش بولسىمۇ، ئۇنىڭ خىلمۇ خىل چاقماقلارغا پۈركەنگەن غەلىتە قىياپىتى كۆڭۈلنى غەش قىلماي قالمايدۇ. پەقەت چاقماق كىيىم كىيىشلا مەدەنىيەتنىڭ ئىپادىسى دېيەلمىگىنىمىزگە

uyghurkitap.com

ئوخشاش، چاقماق كىيىم كىيمەسلىكلا مەدەنىيەتنىڭ بەلگىسى دېيىشكە تېخىمۇ ئاساس تاپالمايمىز. كىيىنىش جەھەتتە چاقماقلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن بىر زىيالىينىڭ شىبلىتىنى قوغلاتاقلا كىيىۋېلىشى ئادەمنى تېخىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. گەرچە شىبلىتىنى قوغلاتاق كىيىش گۇناھ ھېسابلانمىسىمۇ، ئۇنى مەدەنىيەتنىڭ بەلگىسى دېيىشكە ئاجىزلىق قىلىمىز. ئەينى چاغدا مىللەتنىڭ مىللىي ئەنئەنىلىرىنى خالىغانچە دەپسەندە قىلغان بىر ھاجىمنىڭ ماتادىن كۆڭلەك كىيىپ، سەگەزدىن گالستۇك تاقاپ، مىللىي ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلماقچى بولۇشى ئادەمنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ. ئەگەر تەرەققىياتنى كېرەك قىلماسلىق مىللىي ئەنئەنە دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا بۇ خىل مىللىي ئەنئەنىنىڭ ۋارىسى بولغان ئابدۇسەمەت ھاجىم پىكاپتا ئەمەس، بەلكىم كالا ھارۋىسىدا ئولتۇرۇشى ياكى پىيادە مېڭىشى كېرەك ئىدى. ئۆزگىچە مىللىي ئەنئەنە قارىشىغا ئىگە تەقۋادار ئابدۇسەمەت ھاجىم ئۆزىنىڭ بەيتۇللا ھەرەمگە پىيادە بارمىغانلىقىنى ئەسلىيەلەمدىكىن؟!

نورمال ئەقىل-پاراسەتكە ئىگە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پۇلغا ئامراق. (ئەقىلدىن ئاداشقان بەزى كىشىلەرمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس) دۇنيادا پۇلنى ياخشى كۆرمەيدىغان بىرمۇ ئىنسان يوق. چۈنكى، ئىنسانلار پۇل ئارقىلىق ئۆزلىرى ئېھتىياجلىق بولغان نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشەلەيدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، پۇلغا بەخت-سائادەتنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. بىراق يەنە مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، پۇل بىلەن بەخت-سائادەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ پۇلغا بولغان ئېھتىياجىمۇ ئۆزلۈكسىز ئېشىپ بارماقتا. پۇل بولسا ئادەتتىكىچە ياخشى، ھەتتا ئالىي دەرىجىلىك تۇرالغۇ جايلارغا ئىگە بولغىلى، بالىلارنى ئەڭ ياخشى ۋە ئالىي تەربىيىگە ئىگە قىلغىلى، دۇنيانىڭ خالىغان جايلىرىدا سەيلە-ساياھەت قىلىپ ھايات پەيزىنى سۈرگىلى بولىدۇ. پۇل بولسا نامراتلارغا شەپقەت يەتكۈزگىلى، ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەيۋاتقان بالىلارغا مەرىپەت مەشئىلىنى تۇتقۇزغىلى بولىدۇ. كىشىلەر گەرچە پۇل ئارقىلىق نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشەلەيدىغان بولسىمۇ، پۇلنىڭ قۇدرىتى بىلەن ھاياتلىقنى سېتىۋالالمايدۇ. پۇلغا ۋىجدان ۋە گۈزەل ئەخلاقنى سېتىۋالغىلى تېخىمۇ بولمايدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى نامراتلىق زىيالىيلارنىڭ دىققىتىنى بۆلۈۋەتتى. زىيالىيلار ئادەتتىكىچە بىر تۇرالغۇغا ئىگە بولۇش، بالىلىرىنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن پۇلغا موھتاج بولغاچقا، ئۇلاردىن بەزىلىرى ئۆزى ئىشلەۋاتقان ساھەدىن ئايرىلىپ سودا بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولدى ۋە مەجبۇر بولماقتا. شۇ سەۋەبتىن سودا قاينىمىغا چۆكۈپ كەتكەن «ساراڭ» نىڭ ئاپتورى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىش تۈپەيلى پەيدا بولغان ئىقتىسادىي ۋەسۋەسىلەر تۈپەيلىدىن كوچىدا باشقىلارغا ئۇسۇپ يۈرگەن مۇھەررىرنىڭ قەلبىنى چۈشىنىش، ئەلۋەتتە تەس ئەمەس. مەنىۋى بايلىق ياراتقۇچىلار گەرچە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى نامراتلىقنىڭ دەردىنى تارتىسمۇ، ئۇلار خۇددى پىلە قۇرتى پىلە غوزىكى ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى بەدەل بەرگىنىگە ئوخشاش كىشىلەر قەلبىنى گۈزەللىككە تولدۇرۇش

ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ بارلىقىنى ئاتا قىلدۇ.

ئەجدادلىرىمىز تۇغقان يوقلاشنى ساۋابلىق ئىش دەپ قارايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ ئايرىلغىلى ئۇزۇن بولغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ئارزۇسى رېئاللىققا ئايلاندى ۋە رېئاللىققا ئايلانغۇسى. «چاقىرىق قەغىزى» نىڭ ئۈستى-ئۈستىلەپ كېلىشى، شۇنداقلا چەت ئەلگە چىقىپ كەلگەنلەرنىڭ «مەن» نىڭ تۇغقانلىرىنىڭ بايلىقى ھەققىدە بەرگەن ئاخباراتلىرى ئۇنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ تۇغقان يوقلاش ئىنتىزارلىقىنى پەلەككە يەتكۈزۈۋېتىدۇ. «مەن» ۋە ئۇنىڭ ئايالى ئاخىر چەت ئەلگە چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇغقانلىق ۋە يار-بۇرادەرلىك بۇرچىنى ئادا قىلدۇ. قوغۇنلۇقتىكى ئاتا-ئانىسى، ئۇرۇق-تۇغقىنى ياكى يارۇبۇرادەرلىرىنى كۆرگىلى بارغان كىشىدە بېرىشتىن بۇرۇن باللىرىغا بىرەر يېرىم تاغار قوغۇن ئالغاچ كېلىش ئارزۇسىنىڭ بولۇشىنى ئەيىبلىگىلى بولمىغىنىدەك، چەت ئەلگە چىققان كىشلەرنىڭ قايتىشىدا تۇغقانلار بېرىدىغان سوۋغاتلاردىن باشقا ئاز-پاز مال-پال ئالغاچ كەلسەم دېگەن ئارزۇنىڭ بولۇشىنى ھەرگىزمۇ گۇناھ ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. گەرچە سوۋغاتقا سوۋغات بەرگۈچىنىڭ سېغىنىشى، ھۆرمىتى ۋە مېھىر-مۇھەببىتى سىڭدۈرۈلگەن بولسىمۇ، سوۋغاتنىڭ تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇلۇش خاراكتېرىنىڭمۇ بارلىقىنى ئىنكار قىلالمايمىز. ئازغىنا مائاشقا تايىنىپ سېرىقتال تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان كىشىلەردە چەت ئەلگە چىقىپ تۇغقان يوقلاش باھانىسىدە ئۆزلىرىنى ئاز-تولا ئۆكشۈپىلىش ئارزۇسىنىڭ بولۇشى ئەلۋەتتە نورمال ئەھۋال. ئۇنى ئەيىبلەشكە ھەققىمىز يوق. بىراق، ئىنسان ئۈچۈن ئۆز ئالاھىدىلىكى ۋە ئىقتىدارىغا تايىنىپ ئورنىدىن دەس تۇرۇش، ئۆزىنى ئۆكشۈپىلىش ھەممىدىن قىممەتلىك. ئىنسانىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇنىڭ ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىدە بولماستىن، بەلكى ئۆزىدىكى تۆۋەن ئىقتىدارغا تايىنىپ ئۆزىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ھۆرمەتكە لايىق ئىنسان ئىكەنلىكىنى نامايان قىلالىشىدا. ئەمەلىيەتتە چەت ئەلگە چىقىپ ئۆمۈرۋايەت يېتىپ يېسىمۇ تۈگىتەلمىگۈدەك بايلىققا ئېرىشىشتەك بۇنداق ئامەتنىڭ ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس.

ئاق تاپان ئۆز ئىگىسى ۋە ئۇنىڭ ئۆيىنى قوغداش بۇرچىنى بىجانىدىل ئورۇندايدىغان، ئۆز ئىگىسىگە ۋاپادار، سەزگۈر ئىت. بىراق، ئاق تاپان چەت ئەلگە چىقىپ ئالاھىدە كۆتۈلۈشكە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا ئاستا-ئاستا ئادەملىك بەلگىلىرى كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭغا ئالتۇن چىش سالغۇزۇلغاندىن كېيىن، ئاق تاپاننىڭ ئادەملىك بەلگىلىرى بارغانسېرى روشەنلىشىشكە باشلايدۇ. ئالتۇن چىش ئاق تاپاننى خۇددى بەزى ئادەملەرگە ئوخشاش سۆلەتۋاز، بىكار تەلەپ قىلىۋېتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ خوجايىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆيىنى قوغداشتىن ئىبارەت بۇرچىنى تامامەن ئۇنتۇيدۇ. ئىست! شۇ قەدەر ۋاپادار، شۇ قەدەر مەسئۇلىيەتچان، شۇ قەدەر سەزگۈر بىر ئىت ئىنسانلاردىكى ئالتۇن

(ئاخىرى 118-بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھېلىم موللايېۋ

# «روھىي ھالەت تەسۋىرى توغرىسىدا» نى ئوقۇپ ھېس قىلغانلىرىم

ھەرقانداق ئەسەر ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا كىتابخانلارنىڭ ئوقۇش. بەھر ئېلىش ئوبيېكتىغا ھەممە باھا بېرىش، تەتقىق قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئوخشىمىغان ئىنكاس، تەھلىل، مۇھاكىمە ۋە باھالار ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بىز مۇشۇ ھادىسىنى يىغىنچاقلاپ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك، دەپ ئاتايمىز. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن قوشۇلۇپ، بارلىق ئەدەبىيات ئىشلىرىمىزنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئىككى قانىتى ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن ھالدا ئېلىپ بېرىلغان ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتىن قىلچىمۇ ئايرىلالمايدۇ. يولداش مۇھەممەت ئىمىنىنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1994-يىللىق 9-سانىنىڭ «مۇھاكىمە ۋە تەقرىز» سەھىپىسىگە بېسىلغان «روھىي ھالەت تەسۋىرى توغرىسىدا» دېگەن مۇھاكىمە ماقالىسى، مېنىڭچە، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز بۇرۇنقىغا قارىغاندا خېلى تەرەققىي قىلغان، ئەمما ئىجادىيەت بىلەن، جۈملىدىن تەنقىدچىلىكنىڭ ئۆز ئالدىغا قويغان ۋەزىپىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا يەنىلا ئاجىزراق بولۇپ تۇرغان بۈگۈنكى كۈندە، خېلىلا مۇھىم ماقالە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ «روھىي ھالەت تەسۋىرى» دېگەن مۇشۇنداق بىر مەخسۇس تېما نۇقتىسىدىن قارىغاندا، نۆۋەتتە، تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىز ھازىر ئىسلاھات، ئىشكنى ئېچىۋېتىش دەۋرىدە، يەنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلغان، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋە ئىشكنى سىرتقا ئېچىۋاتقان، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە ئېلىمىزدە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇۋاتقان بىر ئۇلۇغۋار دەۋردە تۇرۇۋاتىمىز. شۇڭا لېنىننىڭ: «ئەدەبىيات پارتىيىنىڭ ئەدەبىياتى بولۇشى كېرەك» ①، «ئەدەبىي تەنقىدنىمۇ پارتىيىنىڭ خىزمىتى بىلەن

① لېنىن: «ئەدەبىيات-سەنئەت توغرىسىدا» خەنزۇچە نەشرى 1-توم، 65-بەت.

ۋە پۈتۈن پارتىيىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن تېخىمۇ زىچ جىپسىلاشتۇرۇش كېرەك» [2] دېگىنىدەك، بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىمۇ مۇشۇ دەۋرنىڭ، ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇشىمىزغا، خىزمەت قىلدۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئەدەبىياتىمىزنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىدە قاناتلىق، ئۆتكۈرلىشىشىدە بىلەيلىك، ئاپتورلار بىلەن كىتابخانلار ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدىغان ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىمۇ مۇشۇ دەۋر، مۇشۇ ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇشىمىزغا، خىزمەت قىلدۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنى بىرەر ئەسەرنى بىر قۇر كۆرۈپ چىقىپلا ئالغان تەسىراتىنى ياكى ئەسەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى قىسقىچە خۇلاسە قىلىپلا يازغان ئاددىي ئوبزورلار دەرىجىسىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئەسەرلەر ئۈستىدە تەنقىدىي نۇقتىدىن، ئەدەبىياتنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن ھالدا ئەتراپلىق، چوڭقۇر تەھلىل يۈرگۈزىدىغان، كىتابخانلارغا يېتەكچى، يازغۇچىلارغا ياردەمچى بولالايدىغان ئىلمىي ماھا — تەقرىز دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، نەزەر دائىرىمىزنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەتراپىمىزدىكى كىچىك زېمىندىن، يەنى ئاددىي تەسىراتچىلىق، ئومۇمىي خۇلاسىچىلىك ۋە يۈزەكى باھاچىلىق زېمىنىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى پەلسەپە، ئېستېتىكا، سوتسىئولوگىيە، تارىخ ۋە پسىخولوگىيە نۇقتىئىنەزەرلىرىدىن تۇرۇپ كۆزىتىپ باھا بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن ئالىدىغان بولساق، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزنى كەڭ، چوڭقۇر ۋە پىششىق كۆزىتىپ، ھازىرقى دەۋر، ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتىگە (پسىخىكىسىغا) كۆرسەتكەن چوڭقۇر تەسىرىنى ئوبدان ئەكس ئەتتۈرۈشكە؛ پېرسوناژلارنىڭ روھىي ھالىتىنى، روھىي پائالىيەتلىرىنى تەسۋىرلەش ئۇسۇلىنى بەدىئىي ۋاستىلەرنىڭ (بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ) مۇھىم بىر تۈرى سۈپىتىدە ئەسەرنىڭ ئىدىيىسى ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ تەلىپى بويىچە قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. مۇشۇنداق بىر مۇھىم مەسىلە يولداش مۇھەممەت ئىمىننىڭ ماقالىسىدە خېلى ئوبدان يورۇتۇپ بېرىلگەن. ماقالىدە تۇيغۇ، تەپەككۇر، ئىدراك، ھېسسىيات قاتارلىقلارنىڭ پېرسوناژلارغا ئەگىشىپلا يۈرىدىغان ھادىسىلەرنىڭ يىغىندىسى ئىكەنلىكى، كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتى، ئىچكى دۇنياسى، پسىخىك پائالىيەتلىرىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقى ۋە ئىچكى پسىخىك پائالىيەتلەرنىڭ تاشقى جەھەتتىكى ئىپادىلىرى قاتارلىق ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە ئالاھىدە توختالغان. بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ مەسىلە پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىنى، خاراكتېرىنى يارىتىشتىكى مۇھىم بىر بەدىئىي ۋاستە سۈپىتىدە ئانچە تىلغا ئېلىنماي ياكى يېتەرلىك تىلغا ئېلىنماي كەلگەنىدى. يولداش مۇھەممەت ئىمىن ماقالىسىدە گەرچە بىرەر ئەسەر ئۈستىدە ئالاھىدە توختىلىپ باھا بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن روھىي ھالەت تەسۋىرىنىڭ باشقا بەدىئىي ۋاستىلەرگە ئوخشاشلا مۇھىم بىر ۋاستە ئىكەنلىكى ئۈستىدە ئەتراپلىق

[2] لېنىن: «ئەسەرلەر» خەنزۇچە نەشرى 38-توم، 387-بەت.

ۋە چوڭقۇر توختىلىپ، ئەسەر يازغۇچىلارنىڭمۇ، ئەسەرگە باھا بەرگۈچىلەرنىڭمۇ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىدى.

دەرۋەقە، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، ئەڭ مۇھىم مەسىلە ئەسەرنىڭ ئىدىيىسىدىن قالسىلا ئاشۇ ئىدىيىگە ئۇيغۇن كەلگەن ۋە ياكى شۇ ئىدىيىنى ئۆز پائالىيەتلىرىدە نامايان قىلغان پېرسوناژلار ئوبرازىنى، بولۇپمۇ تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشتىن ئىبارەت. ئەنە شۇنداق تىپىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان پېرسوناژلارنى يارىتىش ئۈچۈن، مۇھىم بىر بەدىئىي ۋاسىتە (ئىپادىلەش ئۇسۇلى) بولغان پېرسوناژلار تەسۋىرىدىن، جۈملىدىن ئۇنىڭ ئىچكى روھىي ھالەت تەسۋىرىدىن كەڭ پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، پېرسوناژلارنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى بىلىش جەريانى بولغان سېزىش، بىلىش، ئەسلەش، تەپەككۇر قىلىش، تەسەۋۋۇر قىلىش؛ پېرسوناژلارنىڭ روھىي كەيپىياتىغا تەئەللۇق بولغان ھېسسىيات، كەيپىيات، ئىرادە؛ خاسلىقىنىڭ روھىي ھالىتى بەلگىلىرىدىن بولغان مىجەز، خاراكتېر، قابىلىيەت ۋە ھاكازالار. بىزدە بەدىئىي ۋاسىتىلەرنىڭ مۇشۇ تۈرلىرىدىن ئوبدان پايدىلىنىپ يارىتىلغان ۋە يارىتىلىۋاتقان تىپىك ئوبرازلار خېلى كۆپ. زۇنۇن قادىرنىڭ «چىنىقىش» ھېكايىسىدىكى مەتنىيازنىڭ ئوبرازى — دەل مۇشۇ بەدىئىي ۋاسىتىدىن كەڭ تۈردە پايدىلىنىپ يارىتىلغان تىپىك ئوبراز.

يولداش مۇھەممەت ئىمىننىڭ بۇ ماقالىسىدە يەنە بىر مۇنچە نۇقتىئىنەزەر ۋە تەبىر تەرىپلەر ناھايىتى ياخشى قويۇلغان. بۇ ھەقتە مەن پەقەت ئىككىلا مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتەي:

1. «رېئالىزملىق روھىي ھالەت تەسۋىرىمۇ بىر خىل ئەدەبىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى سۈپىتىدە، دەۋرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ.»

2. «مەيلى نەرسە يېزىلسۇن، ئادەم يېزىلسۇن، ۋەقە بايان قىلىنسۇن، روھىي ھالەت سۈرەتلەنسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوبرازلىق ھالدا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى — ئادەمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بولىدۇ.» ۋەھاكازالار.

ئارتۇقچىلىق بار يەردە كەمچىلىكمۇ بار دېگەندەك، ئاپتورنىڭ مۇشۇ ماقالىسىدە تۆۋەندىكى بەزى يېتەرسىزلىكلەرمۇ بار.

ئاپتور ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئىسپاتلاشقا مىسال قىلىپ كۆرسەتكەن ئەسەرلەر، ئىمكانقەدەر ئۆزىمىزدە يېزىلغان ئەسەرلەردىن بولغان بولسا ۋە شۇ ئەسەرلەر مىسالغا ئېلىنىش جەريانىدا ئوبدان تەھلىل قىلىنغان بولسا، تولىمۇ ئوبدان بولغان بولار ئىدى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا بۇ ماقالە روھىي ھالەت تەسۋىرى دېگەن مەخسۇس مەسىلە ئۈستىدە ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر تەھلىل يۈرگۈزۈلگەن ياخشى ماقالىدۇر.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

# ژۇرنىلىمىزغا ئېلان بېرىشىڭلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز

ھۆرمەتلىك كىتابخان:

ژۇرنىلىمىز مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان تىرازى كۆپ، تارقىلىش دائىرىسى كەڭ، تەسىرى چوڭ ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال. ژۇرنىلىمىز يېڭى يىلدىن باشلاپ ئېلان كەسپىنى يولغا قويۇپ، سىزنى ئەۋزەل ئېلان مۇنبىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ژۇرنىلىمىز دۆلەت، كوللېكتىپ، يەككە ئىگىلىكتىكى سودا-سانائەت كارخانىلىرى، يېزا-بازار كارخانىلىرى ۋە بىرلەشمە مەبلەغلىك كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەل بازارلىرىدا كەڭ بازار تېپىشى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى تەشۋىقات ھەم ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش سورۇنى بولۇپ، سىز ئۈچۈن قىزغىن مۇلازىمەت قىلىدۇ. ژۇرنىلىمىزغا ھەر خىل مەزمۇندىكى رەسىملىك ۋە يېزىق ئېلانلىرىنى بېرىشكە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شەخسلەرنىڭ ھەر خىل مەزمۇندىكى رەسىملىك ھەم يېزىق ئېلانلىرىنى ۋەكالىتەن بېجىرىلىدۇ. كارخانا ئورۇنلىرى، كارخانىچىلار ۋە شەخسلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزغا ئېلان بېرىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

## «تارىم» ژۇرنىلى ئېلان بۆلۈمى

ئالاقىلاشقۇچى: قەييۇم تۇرسۇن، تېلېفون: 4516214

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22-نومۇر.

ئېلان كەسپى رۇخسەتنامىسى: 新工商广字 01005419 号

ھېساب ئاچقان بانكا: ئۈرۈمچى شەھەرلىك قۇرۇلۇش بانكىسى نۇرلۇق يول باشقارمىسى

ھېسابات نومۇرى: 511261098

# 本刊欢迎刊登广告

尊敬的读者朋友:

您知道本刊是国内外公开发行。发行量大，发行范围广，影响较大的大型文学月刊。本刊从新年开始开展刊登广告业务，为您刊登广告开劈广阔天地·本刊愿成为全民，集体，个体工商企业。乡镇企业和合资企业产品在国内外拓宽市场。进行宣传和交流信息的园地并热情为您服务。本刊将刊登各种内容，图文并茂的广告。代办个人各种内容图文并茂的广告。欢迎各企业。企业家和个人在本刊刊登广告。

《塔里木》杂志广告部

联系人：克尤木·吐尔逊

电话：4516214

地址：乌鲁木齐市友好南路22号

广告业务许可证：新工商广字 01005419号

开户银行：乌鲁木齐市建设银行光明路分理处

帐号：511261098

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



《塔里木》文学月刊（维吾尔文） TARIMA MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
排　　版：《博格达》电子排版中心
正文印刷：乌鲁木齐市印刷厂
封面印刷：《新疆日报》社印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
国外发行：中国国际图书贸易总公司
订阅、零售：各地邮局所

1996-يىل 3-سان (421-سان). 45-يىل نەشرى.
تۈزگۈچى: «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22-قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 4516214
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. «بوغدا» ئېلېكترونلۇق
مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك باسما زاۋۇتىدا
بېسىلدى. مۇقاۋىسى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.
جۇڭگو كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ.
مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىنىدۇ.

国际标准刊号：ISSN 1002—9044
国内统一刊号：CN 65—1010/I
国外代号：M 4461
邮发代号：58—66　定价　4·00元

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: M 4461
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 66-58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى 4.00 يۈەن

邮政编码：830000 پوچتا نومۇرى:

广告许可证：新工商广字 01005419 号